جالالىدىن بەھرام

# ھېكايىلەردىن تاللانما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

加拉力丁·巴合拉木短篇小说选:维吾尔文/加拉力丁·巴合拉木著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5
ISBN7—228—05770—8

Ⅰ.加… Ⅱ.加… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 29649 号

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆潫尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 7 印张 2 插页
2000 年 12 月第 1 版 2006 年 9 月第 2 次印刷
印数:3001 — 6000

---

ISBN7－228－05770－8/I.2162 定价:9.80 元

## مۇندەرىجە

قار گۈللىرى ........ 1
قەبرە بېشىدىكى چۈش ........ 13
روزىمەت خۇشال ........ 28
مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ........ 49
تۇردى ھالىم ........ 77
بۇ چۈشۈم ئەمەس ........ 87
ھارۋىكەش ........ 105
يېتىمە ........ 113
يۇلغۇن ........ 136
جەرىمانە ........ 147
چىنلىق ۋە ۋاپا ........ 164
تويدا ........ 174
ئايگۈزەل ........ 188
بەش يۈز يۈەنلىك چاقچاق ........ 208

# قار گۈللىرى

«ئەمەبا ئىشقا پەرۋانە بۇ يىگىت ، ئۇ قىزنى كۆرۈشى بىلەنلا تەرسالىقى تۇتۇپ ، جۇدۇنى ئۆرلەپ قالدىغۇ ؟» يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ساۋۇر ئاكا ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆمەرنىڭ ياتىقىغا كېتىپ باراتتى .

ئۈچ كۈن ئىلگىرى شەھەر سەيچىلىك داۋيىنىڭ سېكرېتارى ساۋۇر ئاكىغا بەرگەن تېلېفوندا ، ھەجمى چوڭراق بولغان پارنىك قۇرۇلۇشىنىڭ جاھازلىرىنى قوراشتۇرۇش ئۈچۈن بىر تېخنىك بېرىشنى ئېيتقانىدى . ئۇ چاغدا ساۋۇر ئاكا ئۆز كەسپىگە پۇختا ، قەدىمى تېز ، ھەرىكىتى چەبدەس ، مۇلايىم يىگىت ئۆمەرگە بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغىنىدا . ئۇ «ماقۇل ، مەن باراي» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . مانا بۈگۈن پارنىكنىڭ تېخنىكى سەبدەگۈلنى كۆرۈش بىلەنلا ، بوزىرىپ - تاتىرىپ «باشقىسى بارسۇن» دەپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى .

ساۋۇر ئاكا ياتاققا كىرىپ كەلگىنىدە ، ئۆمەر كارىۋىتىدا دومسىيىپ ئولتۇراتتى .

— غەلىتە خۇيلۇق بار - دە ، ئاچچىقىڭدا شەپكەڭنىمۇ ئالماي چىقىپسەن ، — دېدى ساۋۇر ئاكا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ، — تېخنىك قىز چىرايى چىنىدەك پاكىز بالىكەن ، ئېپكىس سەن…

— چىرايى قورۇپ كەتسۇن ، چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى ؟ — دېدى ئۆمەر كۆزىنى يەردىن ئالماي .

— چامىسىچە ئاراڭلاردا بىرەر ئىش ئۆتۈپتىكەن - دە ، ئېيتقىنا ، سەن ئۇ قىزغا تەكلىپ قويغانمىدىڭ ؟

— نېمە؟ ھىم...

ئۆمەرنىڭ بۇ ئاچچىقىنى باشقىچە چۈشەنگەن ساۋۇر ئاكا ئۇنىڭغا پەندى - نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئەلۋەتتە، تەكلىپىڭنى رەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈشكەن ئۆز لايىقى باردۇر، بۇنى سەن توغرا چۈشىنىشىڭ كېرەك - دە.

— ساۋۇر ئاكا! — ئۆمەر جىلى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — نېمە دەۋاتىسىز، مەن ئۇنى تونۇمايمەن، لېكىن ئۇ مېنى تىللىغان، نەق بازار ئىچىدە، ئادەملەر توپلاشقان يەردە شۇنداق تىللىدىكى، ئىزا تارتقىنىمدىن «تارسىسىدە» يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

— نېمە ئۈچۈن تىللىدى، نېمە دەپ؟

— ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكى، — غودۇڭشىپ قويىدى ئۆمەر.

تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن ساۋۇر ئاكا ياتاق ئەتراپىدا دانلاۋاتقان توخۇلارنىمۇ ئۈركۈتىۋەتتى.

— ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكى!؟ — تەكرارلىدى ساۋۇر ئاكا كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، — بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئوخشىتىش، ئۇ سېنى تىللىماپتۇ، بەلكىم سېنىڭ دوغىلاق بەستىڭگە، ئاپئاق چىرايىڭغا ھەۋەس قىپتۇ. ئاشۇنداق يارىم بولسىكەن، دەپ ھەسەت قىپتۇ.

ئۆمەر ساۋۇر ئاكىنىڭ كۈلكىدىن قورۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قارىغىنىچە، ئۆتكەن يىلى باھار بايرىمىدىكى كۆڭۈلسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالدى...

باھار بايرىمىنىڭ ئۈنجى كۈنى ئىدى. ئالىيېشىل ياسانغان كىشىلەر توپى ۋە ئۇلارنىڭ كۈلكە چاقچاقلىرى، بىر - بىرىنى تەبرىكلەشلىرى، رەڭمۇ رەڭ چىراغلار ئېسىلغان كوچىلار ۋە ئىدارە دەرۋازىلىرىغا قادالغان «مەرھابا باھار بايرىمى» دېگەن



چوڭ خەتلەر، پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزىلار قوشۇلۇپ، ئومۇمىي خۇشاللىقنى پەيدا قىلغانىدى. گويا بۇ خۇشاللىقنى ئالقىشلىغاندەك لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار كىشىلەرنىڭ روھىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

رەتلىك ۋە پاكىز كىيىنگەن ئۆمەر ئەتراپقا زوق بىلەن قارىغان ھالدا شەھەرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ شەھەر مەنزىرىسىنى بەھۇزۇر تاماشا قىلىپ، ئۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، ئۆچىرەتتە تۇرغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى كۆردى. ئۇ يېقىن كېلىپ ھارۋا ئۈستىدىكى سېۋەتلەرگە قاچىلانغان قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان پەمىدۇر، كۆك لازا، تەرخەمەك، چەيزىلەرنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى. «ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى - ھە! بۇنداق قار قاپلىغان قىشتا يېمەي قاراپ قويساڭمۇ كۆڭلۈڭ ئېچىلمامدۇ؟ خۇددى قاردا ئېچىلغان گۈلنىڭ ئۆزى!» دېدى ئۆز - ئۆزىگە ۋە تېخىمۇ بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پەمىدۇر، لازا، چەيزىلەردىن ئېلىپ، گاچىلدىتىپ توغراپ، گۆشنى ئايىماي سېلىپ، قىزىل شەلپەردەك سەي قورۇغۇسى، كارىۋىتى تېگىدىكى ھېلىقى «تارىم» ئاق ھارىقىنى ئۈستەل ئۈستىگە تەقلەپ، سېختىكى ھەققەمسايىلىرىنى قىچقىرىپ، مېھمان قىلغۇسى كەلدى. ئۆمەرنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق - چۈچۈك سەي پۇرىغاندەك بولدى - ەە. تۈكۈرۈكلىرىنى يۇتۇپ، ئۆچىرەتكىمۇ قارىماي، سەي تارتىۋاتقان قىزنىڭ يېنىغا يانداشىپ كەلدى. قىزنىڭ جالاق تۇتقان قوللىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆمەر ئەمدىلا يانچۇقىنى كولىشىغا ئۆچىرەتتىكىلەردىن كىمدۇر بىرىسى «رەتكە كېلىڭ» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى.

— يولداش، ئۆچىرەتكە بارسىڭىز قانداق؟ — دېدى قىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— ھە، ھە، مېنىڭ زۆرۈر ئىشىم بارئىدى.

— ئەمسە بۇلار بىكارچىلىقتىن كاللىسىغا توپا قويۇپ ئويناۋاتقانلار ئىكەن-دە؟

ئۆچىرەتتە تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. قىزىرىپ كەتكەن ئۆمەر كەينىگە يېنىپ ئۆچىرەتكە كىرىشكە ئىزا تارتىپ بولغاي، قىزغا يېلىنغاندەك قىلىپ:

— بىر ئادەمنىڭ كارى چاغلىققۇ، — دېدى.

— ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، بۇلار، — دېدى قىز كېچىككىنە لەۋلىرىنى ئۈچلاپ، ئادەملەرگە ئىما قىلىپ، — «بۇ قاراقاشلىق يىگىت بۇ قىزنىڭ ئاشىقى ئىكەن» دەپ قالار.

توپ ئارىسىدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى يا ئالدىغا، يا كەينىگە يانالماي قالغان ئۆمەر خىجالەتچىلىكتە غودۇراپ قويدى:

— بۇ... بۇ، نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەمسىچۇ، — قىز ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، خۇددى ئۆچىدىغان كەپتەردەك قەددىنى رۇسلىدى، — ھەممە كىشى بايرامدا دەم ئېلىۋاتسا «مۇھىم ئىشىم بار» دەپ يالغان ئېيتىسىز، ئۆزىڭىز ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكىدەك يىگىت ئىكەنسىز. لېكىن، قائىدە-يوسۇننى بىلمەيدىكەنسىز.

ئەتراپنى كۆتۈرۈۋەتكەن كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ دەسسەپ تۇرغىنى قار ئەمەس، بەلكى چوغدەك تۇيۇلغان ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى ئۈچلۈق كۆك لازىغا چۈشتى.

— كېپى كۆك لازىدىنمۇ بەتتەر قىز ئىكەن بۇ! — ئۆمەر نەپسى ئىزا تارتقان، دىلى رەنجىگەن ھالدا توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاشۇ كۆك لازا ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغانسىز، — قىزنىڭ بۇ سۆزى كۈلكىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. ئۆمەرگە يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق تۇيۇلدى...

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ساۋۇر ئاكا ۋەقەنى ئاڭلاپ، — چامىمچە تىللىغان ئۇ ئەمەس سەن. ئۇنىڭ ساڭا ئامراقلىقى



كېلىپ ئازراق ئاچچىقلىنىشى «يارىمىنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى» دېگەندەك بوپتۇ. شۇنىڭمۇ تەكتىگە يېتەلمەي سەپرايىڭ ئۆرلەپ كەتتىما؟ مېنىڭچە چوپلىدا توختىغۇدەك ئىش يوق ئىكەن. قانداق، چېكىپ كۆرەمسەن؟

— ۋاي قويۇڭا، — دېدى ئۆمەر، لېكىن ئېمىشقىدۇر ھىجىيىپ قويدى.

ھەقىقەتەن ئاق ئۈجمىسىنىڭ بودىكى كېيىنكى كۈنلەردە بۇ كۆك لازىنى پات-پات ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىگەنسېرى ئۇنى ئاچچىقى ئەمەس، بەلكى مەستلىكى كەلگەندەك بولۇپ ئەسلەيتتى. قىزنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى بىلەن ئاناردەك يۈزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، شېرىن خىياللار قوينىغا غەرق بولاتتى.

ئەزەلدىنلا كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىشكە ئۇستا ساۋۇر ئاكا ئۆمەرنى ئېرىتىپ قويدى. ئۆمەر «ۋاي قويۇڭا» دەپ رەت قىلغاندەك بولسىمۇ، لېكىن سەل بوشاپ قالدى.

— بولدى، بىز ئاختامدا چالما تالاشايلى، — دېدى ساۋۇر ئاكا جىددىي قىلىپ، — ئۇ قىز ئىشخانىدا ساقلاپ قالدى، سەن ئۇنىڭ سىزىپ چىققان چېرتيوژىنى كۆرۈپ چىق. قالتىس جۇمۇ، بەلكى سەن «مەنمۇ قوراشتۇرۇش كۆرۈپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ قاپتىمەن» دەپ قالىسەن. لېكىن، ئەزمەڭنى ئېزىپ، كونا خامانىنى سورۇپ يۈرمە يەنە.

ساۋۇر ئاكا چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۆمەر ھاپىلا-شاپىلا كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالدى. چۈنكى، ئۇمۇ بوش يىگىت ئەمەس، قىزلارغا قانداق كۆرۈنۈشنى بىلىدۇ. ئۇ ئەمدىلا بىر پۇتىغا بەتىنكىسىنى كىيىۋاتاتتى، شامالدەك كىرىپ كەلگەن سەبدەگۈل ئۇنى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇ «كېلىمەك» دېدىيۇ، ئۆزى تەتۈر قارىۋالدى.

— ۋۇي، مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ، —

دېدى سەبدەگۇل. ئۆمەر بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك ئاران «ھە» دېيەلىدى. ئەمما، قىزغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

— ۋىيېي، ماڭا قارىڭا، چىرايىڭىزنى ئەتىۋار قىلماي.

ئۆمەر ئىختىيارسىز قىز تەرەپكە بۇرۇلدى:

— ياخشىمۇسىز؟ — ئاغزىدىن بۇ سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— بەللى، تويدىن كېيىن ناغرا، ئاشتىن كېيىن زاغرا دېگەندەك ئەمدى سوراۋاتامسىز؟

— ھى... ھى... ھى... — ئۆمەر قورۇنۇپقىنا كۈلۈپ قويدى.

— ھە توغرا، سىز ھېلىقى مېنى «كۆك لازا» دەپ تىللىغان بالىغۇ، راستمۇ؟

— سىزمۇ مېنى...

— ئاق ئۆچمىنىڭ بودىكى دەپ ماختىغانمەن...

ئارىدىكى ئاداۋەت بىردەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق ھېسسىيات ئىگىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا «خاپا بولماڭ»، «كەچۈرۈڭ»، «ھېچقىسى يوق» دېيىشىپ، پارىنىكنىڭ قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى ئۈستەلگە يېيىپ كۆرۈشكە باشلىدى. سەبدەگۇل ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزلىرىمۇ قۇراشتۇرالايدىغانلىقىنى، لېكىن تۆمۈر تاياقچىلارنى ئېگىش، ئەرگۈل چىقىرىش، كەپشەرلەيدىغان ئەسۋاب يوقلۇقى، بولغاندىمۇ ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى ھەجمى چوڭ بولغان بۇنداق پارىنىكنى بىرىنچى قېتىم سېلىۋاتقاچقا، مەخسۇس تېخنىك قاتناشتۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. سەبدەگۇل ئۆز داۋىيىدە ھازىر بار پارىنىكنىڭ خەلقنىڭ كۈن ساناپ ئۆسۈۋاتقان تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا كىچىك كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ شەكلىمۇ بىر تەرىپى پەس، بىر تەرىپى



ئېگىز نام ئىكەنلىكىنى، خۇددى ئۆمەرنىڭ كەپكىسىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆمەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۆمەر قۇرۇلۇش پىلانىغا قارىتا ئۆزى ئويلىغان تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەبدەگۇلنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتاتتى. ھەتتا چېرتيوژنىڭ بەزى يەرلىرىنى تۈزەتمەكچى بولۇپ، يانچۇقىدىن قەلىمىنى ئېلىش ئۈچۈن مەيدىسىگە ئۈچ قېتىم قول ئۇزارتىسىمۇ قەلەمنى ئالالمىدى. سەبدەگۇل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۆمەر ئالدىراشچىلىقتا چاپىنىنى تەتۈر كىيىۋالغانىدى، ئۇ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. سەبدەگۇل ئۇنىڭ بىر پۇتىغا بەتىنكە، بىر پۇتىغا ھەي كىيىۋالغانلىقىنى كۆرسەتكەندە، ئۇلار تەڭلا پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سەبدەگۇل ئۆزىنى باسالماي ئۆمەرنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ كۈلمەكتە ئىدى. ئۆمەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى تومۇزدا قالغان مارۋۇژندەك ئېرىپ، بوشاپلا كەتتى. قىز يىگىتنى ئەتە ئەتىگەن پارىنىكتا كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خوشلىشىپ قايتتى. لېكىن، قىزنىڭ قولى قالدۇرغان ھارارەت ئىزلىرى ئۆمەرنىڭ بىلىكىنى تېخىمۇ كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

※ ※

ئۆمەر يالىڭاچ دەرەخلىك، ساپسېرىق غازاڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كوچىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ پارىنىكقا كىرگەندە، سەبدەگۇل جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. تەسكەي تەرەپتىن قوپۇرۇلغان تامدىن كۈنگەيگە قاراپ ياسالغان ئەينەك جاھازلار يايپېشىل مايسىلىق پارىنىكنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۆمەر پارىنىكقا زوق بىلەن قاراپ كۆزىنى ئالالماي تۇرغاندا، سەبدەگۇلنىڭ «كېلىڭ ئۆمەر» دېگەن قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. سەبدەگۇل ئۆمەرنى باشلاپ پارنىك ئىچىنى

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئۆمەر نۇرغۇنلىغان كىچىك سۇلياۋ خالتىلاردىن ئۈنۈپ چىققان قاپقارا ئىككى قۇلاق مايسىلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى. سەبدەگۇل ئۇنىڭغا، تەرخەمەك، سەي كاۋىلىرىنى مۇشۇنداق تېرىپ خالتىسى بىلەنلا يۆتكىمىگەندە تۇتمايدىغانلىقىنى، كۆچۈرگەندە خالتىسىنىڭ تېگىدىن پىچاقتا تىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر - بىرىدىن كۈنلەپ، ھەپتىلەپ پەرقلىنىدىغان مايسىلار رەت - رەتى بىلەن ئۆسكەن بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن قىر ئۈستىگە تېرىلغان گۈللەرمۇ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— سەبدەگۇل، تېرىلغان مايسىلار بەك قېلىنغۇ؟ — دېدى ئۆمەر ئالقىنىدا سىلاپ.

— بۇ يەردىن بەش يۈز مېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر پارنىكىمىز بار، بىر قەدەر چوڭايغانلىرىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ تۇرىمىز. يېڭى تېرىلغانلىرى بولسا سالماقچى بولغان پارنىكقا ئۈلگۈرىدۇ.

— ھەيرانمەن، — دېدى ئۆمەر ئىچىدىكى تام مەشلەرگە قاراپ، — بەش فۇڭلۇق پارنىك مۇنچىلىك بولسا، بەش مولۇق يەرنىڭ پارنىكى قانچىلىك بولار؟

— بۇ تېخى نېمە، — دېدى سەبدەگۇل كۈلۈپ، — شىنجياڭدا يىگىرمە سەككىز مولۇق بىر پارنىك بار، خۇددى جەننەت دەڭا. ئۇنىڭغا كۈنىگە ئالتە توننا ماي لېيى قالايدۇ. لېكىن، بىز بۇ قېتىم ياسايدىغان پارنىكقا سۇلياۋ ياپىمىز. چۈنكى، ئۇ ئىسسىقنى ئەينەكتەك تېز ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، شۇڭا كۆمۈر ئاز كېتىدۇ.

سەبدەگۇل «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پارنىكنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى، چۈنكى «پارنىك» دېيىشنىڭ ئۆزى «بوران - چاپقۇندىن خالىي» دېگەنلىك بولۇپ، بۇنداق شىۋجېڭجۇيىلىق مايسا ئۆستۈرۈپ يېڭى سەي يېگەندىن كۆرە، كاۋا بىلەن چەيزىنى قورۇنۇپ يېگەننىڭ ئۆزى «پرولېتارىياتلىق



تۇرمۇش ئىستىلى» دەپ قارالغانلىقىنى ئېچىنىپ سۆزلەپ بەردى.

سەبدەگۇل نۇلتۇر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ كۆرگەنلىرىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ تۇم قارا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقناپ كەتتى. ئۆمەر سەبدەگۇلگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ تېنى ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. سەبدەگۇل مايسىلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىرنەچچە تېمپېراتۇرا ئۆلچەش سايمانلىرىنى چۈشەندۈردى:

— مانا بۇ ئېلېكترونلۇق نەملىك - قورۇقلۇقنى ئۆلچەش ماشىنىسى. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ يەنە بىر پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ ساندۇقتا ئوخشاش ماشىنىنىڭ قولاقلىرىنى بۇراپ ۋە تەكشۈرۈپ بولۇپ سائىتىگە قارىدى، — ھازىر پارنىكنىڭ قورۇقلۇق تېمپېراتۇرىسى ئۈچتە ئون بەش گرادۇس، نەملىك تېمپېراتۇرىسى ئالتىدە ئون بەش گرادۇس.

سەبدەگۇل ھاۋا تەكشۈرۈش ماشىنىسىنى ۋە يەرنىڭ نەملىك تېمپېراتۇرىسىنى ئۆزلۈكىدىن خاتىرىلەپ تۇرىدىغان ماشىنىنىمۇ ھەۋەس بىلەن تونۇشتۇردى.

ئۆمەر شۇ كۈنىلا ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئىش ئورنىغا كېلىپ، سەبدەگۇلنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۆمەر ئۈچۈن سەبدەگۇل بىلەن ئىشلەش ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىدى، ھەقىقەتەن ئۇ بۇ كۈنلەردە كۆڭۈل خۇشاللىقىنى يوشۇرالمايتتى. بىر كۈنى سەبدەگۇل ناھايىتى مۇھىم تەۋەررۈك يەتكۈزىدىغان كىشىدەك «مەن ئاق ئۈجمىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى، بۇ تاتلىق گەپ ئۆمەرنىڭ يۈرەك قاتلىرىدا بىرىنچىدىن - يېڭى شېرىن تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى. ئەنە شۇنداق قىزغىن ھېسسىياتلار ئىچىدە ئۆمەرنىڭ ئىشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق داۋام قىلدى، پارنىك مايسا كۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرۈپ پۈتتى. ئۆمەر زاۋۇتىغا قايتتى، ئىككى كۈن ئۆتمەيلا يېزا ئىگىلىك

ماشىنا سايمانلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ھېلىقى پارنىك ئىچىدىكى سەبدەگۈلدە ئىدى...

※ ※

يەنە بىر شادىمانلىققا چۆمگەن باھار بايرىمى يېتىپ كەلدى. ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن شەھەر كوچىلىرىدا پوجاڭزىلار تاراسلاپ ئېتىلماقتا، پاكىز كىيىنگەن كىشىلەر توپى لەرزان چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن زور ئېقىن بولۇپ ئاقماقتا ئىدى.

ئۆمەر ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كۈنىلا تاقىتى تاق بولۇپ سەبدەگۈلنىڭ قېشىغا ماڭدى. پارنىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پارنىكتىكى يېشىل مايسىدەك ياشىرىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ پارنىك ئىشىكىنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن چەكتى.

— كىم؟ — دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى پارنىك ئىچىدىن.

— مەن!

— مەن دېگەن؟

— ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكى!

— نېمە ئىشىڭىز بار؟!

— «كۆك لازا» ئالغىلى كەلدىم!

تاقەتسىزلەنگەن ئۆمەر سەبدەگۈلنى كۆرۈشى بىلەن يولدا كەلگۈچە نەچچە قېتىم تەكرارلاپ، كۆڭلىگە پۈككەن، مارجاندەك تىزىلغان گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك دۇدۇقلاپ كەتتى. لېكىن، سەبدەگۈل مەنىلىك قىلىپ:

— سىزنى «كۆك لازا» غا ئۆچ دەپ ئاڭلىغانىدىم! — دېدى.



ئۆمەر پارنىك ئىچىدىكى جەننەتكە تويماي قارايتتى. سەبدەگۈل ئۇنىڭغا ھەممىنى كۆرسەتتى. بىر ئېتىزدا غۇژمەك ـ غۇژمەك قىزىرىپ كەتكەن پەمىدۇر، يەنە بىرىدە لازا ۋە تەرخەمەكلەر، كۆپكۆك پىلەكلەر ئىچىدىكى سەي كاۋىلىرى، چەيزىلەر، يەنە بىرىدە تەكشى تاختىلانغان چىگىسەيلەر گۈپۈلدەپ ئىللىق پۇراق سېپىپ تۇراتتى. ئۆمەرنىڭ ئاغزىغا سۇ يۈگۈرۈپ، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى ھېلىقى كۈننى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئالدى. شەيتان قىز پارنىك سۇلياۋىغا بىرنى ئۇرغانىدى، گۈررىدە قىلىپ تۆكۈلگەن سۇ تامچىلىرى ئۆمەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. سەبدەگۈل قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى قاچتى، ئۆمەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى قاتار ئېچىلغان گۈللەر يېنىدا توختاشتى. ئۆمەر گۈللەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى.

— مانا قارالڭ، — دېدى سەبدەگۈل تونۇشتۇرۇپ، — بۇ، ئالتۇنگۈل، ماۋۇ مودەنگۈل، سىز ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ماۋۇ چاقناپ تۇرغىنىچۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — قىزچاق قىزىرىپ كەتتى، — ئۇ... سەبدەگۈل...

— مەن سەبدەگۈلنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۆمەر قىزغا تىكىلىپ. سەبدەگۈلنىڭ يۈزى ئوت رەڭگىدە تۇس ئالدى...

— كۆك لازىنىچۇ؟

— ئۇنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۆمەر ۋە تاقەتسىزلىكتىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى زورغا بېسىپ، سەبدەگۈلنىڭ يارقىن چىرايىغا، جىنەستىدەك لەۋلىرىگە تەلمۈردى.

— ئىشەنسەم بولامدۇ؟ — دېدى قىز پىچىرلاپ ۋە ئۇيالغىنىدىن يەرگە قارىدى.

— ئىشىنىڭ، پۈتۈنلەي ئىشىنىڭ، يالغان بولسا تىڭشاپ

بېقىلاق، — ئۇ سەبدەگۈلنىڭ قولىنى شارتلا قىلىپ كۆكرىكىگە باستى ۋە دۇدۇقلىغان هالدا، — لېكىن سىزچۇ؟ سىز ئاق ئۆيمىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ بولۇپمۇ بودىكىنى؟! — دېدى.

قىز جاۋاب بېرىش ئورنىغا لەۋلىرى سەل قىمىرلىغان هالدا ئۆمەرگە يېقىنلاشتى، ئۆمەر ئۇنى باغرىغا تارتتى. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئۇچراشتى، كېيىن چوغدەك لەۋلىرى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى...

تويۇقسىز سىرتتىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. سەبدەگۈل ئارقىسىغا قاراپ پارنىكنىڭ ياردەمچى ئىشچىسى هاشىم ئاخۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى

— هاشىم ئاكا! — دېدى مەڭزى پەمىدۇردەك قىزىرىپ كەتكەن سەبدەگۈل، — بۈگۈن، بىزنىڭ پارنىكنى قوراشتۇرۇشقا زور كۈچ چىقارغان تېخنىكىمىز كەپ قاپتۇ، — ئۇ تەرخەمەك جاهازىسىنىڭ دالدىسىدا مايسىلارنى تاماشا قىلىۋاتقان ئۆمەرنى كۆرسەتتى، — ماڭا پەمىدۇر، چەيزە، تەرخەمەكلەردىن تارتىپ بېرىڭ، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۆزگەن كۆكتاتتا ئۇنى مېهمان قىلماقچىمەن.

ئۆمەر سەبدەگۈلنىڭ يېڭى سەي بىلەن تولدۇرۇلغان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پارنىكتىن چىققاندا، بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىلاپ چىققان قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ يولىغا گۈل چاچقۇ بولۇپ چېچىلماقتا ئىدى.



## قەبرە بېشىدىكى چۈش

كۆزگۈمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قارا پەردىلىرى يېيىلىشقا باشلىدى. مەن شەهەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كېتىۋاتىمەن. بۈگۈن بارسام ئۆمرۈم بويى بويىنۇمغا تۈگمەن تېشى ئېسىلىپ، يۈرىكىم قانداقتۇر ئىسكەنجىدە قىسىلىپ ئۆتۈدىغاندەك ۋىجدان ئازابىدا قالاتتىم. بۇ قەبرىستانلىقتا بىر ئاغىنەم مېنى ساقلاپ تۇراتتى... گەرچە ئۇنىڭ ئىككى غۇلاچ قارا يەر تېگىدە يېتىۋاتقىنىغا ئون يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ گويا ماڭا تىڭشىلىپ تۇرغاندەك، ماڭا بىر يولۇقۇپ ئۆت، يېڭى يازغان شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەنىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىرقانچە شەهەرنى ئارىلاپ قىلغان سەپىرىمدە بۇ ئاغىنەم كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. ئاخىر قايتىشىمدا مۇشۇ كىچىككىنە، لېكىن ئاۋات شەهەردە بىر كېچە قونۇشقا شوپۇرنى كۆندۈردۈم.

بۇرۇن مەن شەهەردىكى بىر ئىدارىدە كاتىپلىق قىلاتتىم، ئاغىنەم بولسا شائىر ئىدى. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى. تېخى بىر-ئىككى رومكا قېقىۋالسا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياقتا مېڭىپ، قوللىرىنى هاۋادا قىلىچ شىلتىغاندەك شىلتىپ، ئاۋازىنى تىترىتىپ جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئاهاڭدا دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ هاياجان ئىلكىدە سەل تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاغىنەم دېكلاماتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېغىر هارغىنلىق يەتكەندەك پېشانىسىنى تۇتۇپ بىر هازا جىمىپ كېتەتتى ۋە يەنە قوقاستىكى قوناقنىڭ پاراسلاپ ئېتىلغىلى تۇراتتى:

— ھاۋا ، سۇ ، ئۇچار قانات ، دۇنيادىكى پۈتۈن مەئىشەت ئادەم ئۈچۈن ! لېكىن ئادەم نېمە ئۈچۈن ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ماڭا قاداپ ۋە مېنىڭ جاۋابىم ئاياغلاشمايلا ، — ياق ، ياق . سەن مېنى ئالدىما ، ئادەملەر بىر - بىرىنى ئالداش ئۈچۈن ياشايدۇ ، ھاياتلىق دېمەك تەڭسىزلىك دېمەكتۇر . بۇ تەڭسىزلىك پەقەت گۆردىلا ئاياغلىشىدۇ ، — دەيتتى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ .

ئاغىنەمنىڭ بەزى قىلىقلىرى غەلىتىلا ئىدى . ئۇ پات - پاتلا ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلاتتى .

— بىلەمسەن ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كۆزۈمگە قاراپ ، — ئادەم ئۆلسە نېمە ئۈچۈن ئۈچ نەزىر ، يەتتە نەزىر ، قىرىق نەزىر بېرىلىدۇ ؟ ئۈچ نەزىردە مېيىتنىڭ قورسىقى يېرىلىدۇ . گۆركار كولاپ قويغان ئېرىقچىلار ئارقىلىق پەسكە قاراپ ئاقىدۇ... يەتتە نەزىردە قورساق ، مېڭە ئېقىپ بولىدۇ . قۇرت - قوڭغۇزلار بەزمە - مەشرەپ قىلىشىدۇ . قىرىق نەزىردە ئەرۋاھ ئارام تاپىدۇ . ئاخىرقى ھەمراھلىرى — سەمرىگەن قۇرت - قوڭغۇزلار قوشۇلۇپ ، ئەرۋاھنى تەنھا قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ . ھەي ، ھەي ئادەم جەسىتىنىڭ پۈرىقىغا يەر چىدىمىسا ئۆزگە نەرسە چىدىيالمايدۇ...

شائىر ئاغىنەم ئەنە شۇنداق غەلىتە ئادەم ئىدى . ھېلىھەم ئېسىمدە ، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن سەللا ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن ئىدى . ئاغىنەم ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، ئىچ يانچۇقىدىن ئالىقاندەك قەغەزنى ئالدى . ئۇنىڭ ئورۇق ، ئېگىز بويى سەل دوكىراق ئىدى .

— بۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي ، بۇ بەلكىم مېنىڭ ئاخىرقى شېئىرىم بولۇپ قالار .



تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەڭرى ئالدىدا ،
تەڭ بولالمىدۇق دەۋر ئالدىدا .
گىدىيىپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن ،
ئاقىۋەت تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا .

— ھەي ، ھەي بىردەم سەۋر قىل ، — دېدىم مەن ئاغىنەمگە ، — مەن بۇ شېئىرنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ ، ھە توغرا بىر ئولتۇرۇشتا ئاڭلىدىم . مۇنداق :

تەڭ ئىدۇق بىز دۇنياغا تەڭ كۆز ئاچقاندا ،
تەڭ بولالمىدۇق تۇرمۇش ، تەقدىر ئالدىدا .
مەن ئۈستۈن دەپ ئۈنچىۋالا كۆرەڭلەپ كەتمە ،
تەڭ بولارمىز بىز يەنە قەبرە ئالدىدا .

شائىر ئاغىنەم نۇرى كەتكەن ، لېكىن ئۆچكەن گۈلخاننىڭ ئاخىرقى چوغىدەك ئاجىز ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا خەنجەردەك قادىدى .

— بۇ شېئىرنىڭ ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن يەنە مۇنداقمۇ بىر ۋارىيانتى...

— بولدى ، بولدى قىل دوستۇم — دېدى ئاغىنەم گېپىمنىڭ قاپ بېلىگە تېپىپ ، — سېنىڭچە مەن بۇ شېئىرنى ئوغرىلاپتىمەن - دە ؟ گويا بولمىغۇر خوتۇنلار قوشنىلىرىنىڭ لاخشىگىر ، يىڭنە ، ئويماق ، چىنە - قاچىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندەك مەنمۇ شۇنداق قىپتىمەن - دە ، بولدى ، بولدى بېشىڭنى ئاغرىتماي قوي . سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، سەن مېنى كاتەككە بېشىنى تىقىپ ھۈنەر قىلىدىغان توخۇ ئوغرىسىغا ئوخشىتىۋاتىسەن . كۈلمە ، گېپىمنى بۆلمە . دۇنيادا

ئوخشايدىغان نەرسىلەر ئازمۇ؟ دەل ـ دەرەخ، ھايۋانلار، ئادەم-
لەر، ئوت ـ چۆپلەر ھەممىسى ئوخشاپ كېتىدىغۇ. لېكىن،
كۆزنىڭ تۈنجى سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ياپراقلىرى زەپ-
رەڭدەك سارغىيىپ كېتىدىغان توغراقنى قارىغايغا قانداقمۇ سې-
لىشتۇرغىلى بولسۇن! بولمىسا ھەر ئىككىسىنىڭ غولى، شاخ،
ياپراقلىرى بار. مانا، ئىككىمىزنى ئالايلى، سەن بولساڭ بىرەر
دوكلاتنى قانداق قىلسام باشلىقىمغا ياربتارمەن، نەزەرىگە چۈ-
شەرمەن، دەپ ياشايسەن، مەن بولسام بىر كۆپلىيت شېئىر
ئۈستىدە تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن...
— ۋاي خۇدا، بىرەر گەپنىڭ تېگىگە يېتەر ـ يەتمەي دايىقا
چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ كېتىدىغان مىجەزىڭىزە، — دېدىم
مەن سەل چىچىلىپ، — مەن بۇ شېئىرىڭنى باشقىلارمۇ ئاڭلى-
غانمۇ دەۋاتىمەن.
— ئاڭلىغان، يېقىندا بىر ئولتۇرۇشتا ئوقۇغان...
— مۇنداق دېمەمسەن...
خىيالىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى قانداق قىلىپ قەبرىستانلىققا
ئەكېلىپ قويغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. مەن ئېگىز تاقىر تۆپى-
لىكتىكى سانسىزلىغان زومچەك ـ نەبرىلەر قاپلىغان
ئەرۋاھلار «يۇرتى» غا چىقىر يوللار ئارقىلىق ياماشتىم. قاراڭ-
غۇ چۈشتى. لېكىن، داغ قاپلىغان مىس لېگەندەك تۇن پەردىسى
كائىناتنى ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرىغا چۆمدۈرۈپ ئاي تۇغدى. مەن
قەبرىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كونا گۈمبەز يېنىدىكى كوزا سۇنۇ-
قى پاتۇرۇلغان قەبرىنى تاپتىم. يەتتە ـ سەككىز يىل ئىلگىرى
ئۆزۈم بەلگە قىلىپ قويغان كوزا سۇنۇقىنى كۆرگىنىمدە بىردىن-
لا يۈرىكىمدىن ئۆرلەپ چىققان پىغان ۋۇجۇدۇمنى سىنابىتەك
تىترىتىۋەتتى. ئۇلار شۇنچە يېقىن قوشنىلار بولسىمۇ ئەبەدىلئە-
بەت بىر ـ بىرىنى يوقلىيالمايدۇ، ھالىنى نىچۇك، دەپ سورىيال-
مايدۇ، دېگەن خىيال پەيدا بولۇشى بىلەنلا قەلبىمدە ئاھ دېگەن
ئىدا كەلدى.



شۇنداق، دەرۋەقە شۇنداق! لېكىن بىر قاچان ئادەم يەپ
تويۇپتۇ! ئۇ خۇددى لوقمىنى كۆپ يەپ، تىنالماي قالغان يىرت-
قۇچتەك ئېغىر پۇشۇلداپ ياتىدۇ.
مەن ئاغىنەمنىڭ قەبرە بېشىغا تىزلاندىم. ئۇ ھايات ۋاقتى-
دىكىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ:
— كەلدىڭمۇ؟ — دېدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:
— ھە، كەلدىم! — دېدىم ـ دە، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ
ياش تۆكۈلدى. بېشىم مەيدەمگە ساڭگىلىغان، ياشلىرىم ياقىلى-
رىمنى ھۆل قىلغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، مۇڭداش-
تىم، تاكاللاشتىم ھەتتا قىزىرىشىپمۇ قالدۇق. ھەئە بۇ راست،
بۇ كۆڭۈل سۆھبىتى ئىدى.
تۇندە كۆزۈمنى ئاچساممۇ كۆڭۈل كۆزۈم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.
گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن گۆرلەر، ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق سۆڭەك-
لەر، شامالدا قارسىلداۋاتقان ئالىيېشىل جىن كۆچىتى لاتىلار،
قۇرۇق خادىغا قونۇۋالغان ھۇۋقۇشنىڭ شۇملۇق ياغدۇرۇپ ھۇۋ-
لاشلىرى قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. لېكىن، مەن ئاغى-
نەمگە كۆڭۈل سىرلىرىمنى تۆكۈۋاتىمەن. شۇ ئەسنادا يېنىمدىلا
بىرنەچچە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئاستا كۈدۈڭلىگەن غەلىتە ئاۋازى
مېنى تىترىتىۋەتتى. بۇ ئىشىلدىغان ئاۋازلار گويا تېگى يوق
ھاڭدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم ئارس قىلىپ ئېتىلىپ
كەتكەندەك، ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسسىق قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى
بىلىپ بولمايتتى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاستا بېشىمنى
بۇرىدىم. يېنىمدىلا بىر ئوچۇق گۆر تۇراتتى. گۆرنىڭ ئىچ
تۆپىلىرىمۇ ئاينىڭ كۆكۈچ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئىچ
گۆردە ئاپئاق كېپەنگە ئورالغان تۆت ئەرۋاھ پاراڭلىشىۋاتاتتى.
بۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئىككىسى ئاچ ئەرۋاھ بولۇپ، خام خەسە كېپەنگە
ئورۇلۇۋالغانىدى. قالغان ئىككىسى بولسا توق ئەرۋاھ بولۇپ،
پاكار دىقماقراقى ئاق يىپەك كېپەنگە تولۇق ئورالغانىدى. ئې-
گىز، گەۋدىلىك، لېكىن يۈزۈن كۆمۈرچەكلىرى ئۆۋۈلۈپ چۈ-

شۇپ كەتكىنى بولسا ئاق شايى كېپەنگە ئورالغانىدى.

— ۋاھ، — دېدىم مەن بىردىنلا چۆچۈپ، چۈنكى خام خەسە يېپىنغان ئاچ ئەرۋاھنىڭ بىرسى مېنىڭ شائىر ئاغىنەم ئىدى. ئۇ قاق سۆڭەك قوللىرىنى شىلتىپ شايى كېپەن يېپىنغان ئېگىز بوي، بۇرنى يوق ئەرۋاھقا سۆزلەۋاتاتتى:

— سەن ھاياتىڭدا شۇنچە نۇرغۇن پۇل تاپساڭ، لېكىن كەمبەغەللەرنى، ئاجىز - مېيىپلارنى يۆلىدىڭمۇ، ياق! كۆز قىرىڭنىمۇ سالمىدىڭ. پۇلۇڭ كۆپەيگەنسېرى ئىنساپ - تەۋپىقىنى ئۇنتۇدۇڭ. ھەتتا سەن كونا زامانىنىڭ سودىگەرلىرىدەكمۇ بولالمىدىڭ، شۇلار چېغىدا مېلىنىڭ ئوندىن بىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈشۈر - زاكات بېرەتتى. بولمىسا تاپقان دۇنياسىنى ھارام دەپ بىلەتتى.

— كەمبەللەرنى يۆلەيمىشمەن، — دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ خىڭىلداپ، — ھۆكۈمەت يۆلەپ بولالمىغان بۇ ئەبگالارنى مەن يۆلەپ بولالامتىم. بىرىنى يۆلىسەڭ ئۇنى يېقىلىپ تۇرسا، تېخى بىز خەق نامراتلىقنى شەرەپ دەپ بىلىشىدۇ. بىرسى يازدىغۇ «قىد كۆتۈر» دەپ بەرگەن قويىنى سويۇپ ئەمەلدارلارنى مېھمان قىلىپ «بەشتە كېپىل» لىكنى سېتىۋالغان ھېلىقى ئەبگانى.

— ئەڭ بولمىغاندا، — دېدى ئاچ ئەرۋاھنىڭ ۋېجىك، كېپىنى ئۈچىسىغا يەتمىگەن، چىشلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەن، يەنە بىرسى ئېڭەكلىرىنى كاسىلدىتىپ، — مەكتەپكە بولسىمۇ ياردەم قىلساڭ، ساۋاب تاپار ئىدىڭ. ھەممىسى ئۆزەمىزنىڭ باللىرى ئىدى.

— توغرا، دېدى ئاغىنەم باشقىدىنلا قايناپ، — مانا مۇشۇ بىچارىنىڭ ئۆزى پۈتۈن ھاياتىنى بىر يېزا مەكتىپىدە نامراتچىلىق بىلەن ئۆتكۈزەدى. بۇنىڭ بالا ئوقۇتقان سىنىپىنى سىنىپ دېگىلى بولامدۇ؟ يامغۇردا لايغا چىلىشىپ دەرس ئۆتكەن، قىشتا



سىنىپتا بوران ھوۋلىغان، ھەتتا بور يوق، چالمىدا دوسكىغا خەت يازغان!

— مېنى ئۈنچىلىكمۇ قارا كۆڭۈل سانىماڭلار، — دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ، — كىم مېنى مەكتەپكە ياردەم قىلمىدى دەيدۇ. ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ياردەم قىلدىم. ھوي، سەن گەپ قىلمامسەن، قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك ئولتۇرماي.

شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ باياتىن بېرى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ دۈرۈت ئوقۇپ ئولتۇرغان يىپەك كېپەنلىك پاكار، دىقماق ئەرۋاھنى بىر جەينەكلىگەنىدى، ئۇنىڭ ئاستىنقى ئېڭىكى شالاققىدە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئېڭىكىنى قارسىدە سالدى - دە، شايى كېپەنلىك ئەرۋاھقا بىر كۆزلىيىپ قويۇپ:

— يا... يا... ياردەم قىل... قىلدىڭ، — دەپ غوڭشىدى.

— ھە، ماڭ قىلماپتىمەنما. لېكىن بۇچۇ كىچىك ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقلىرىنى گىلەم بىلەن قاپلاپتۇ. مەن ئەخمەق سىنىپنىڭ شۇنداق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ياردىمىم ئاز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ يەنە ياردەم قىپتىمەن. ماشىنىسىغا ئۈنئالغۇ بېكىتىپ، قالغىنىغا ياغ سەيلىسى قىلىشنى بىلگەن بولسام بۇنداق سۇيۇرگە زىيانكەش بولامتىم. لېكىن، بۇ ئىزا تارتماي مەكتەپ دېگەنگە ھۆكۈمەت ئىگە دەپتىمىش تېخى.

— مەن... مەن... ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتكەن. خاتالىقنى تونۇپ يەتسىلا بولمىدىمۇ! — دېدى دىقماق تون ئەرۋاھ.

— تونۇغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى ۋېجىك ئەرۋاھ، — سىنىپ ئۆرۈلۈپ نارەسىدە قىز - ئوغۇلدىن بەشى ئۆلدىغۇ!

— ھەي، ھەي، ھەممىڭ مەرەزلەر، نان قېپىلار، نائىنساپلار، - شائىر ئاغىنەم ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا قايناپ كەتتى.

— ئادەم تىللىما، ھايات ۋاقتىڭدىمۇ ئادەم تىللاش بىلەن

ئۆمرۈڭ ئۆتتى. بىرىنى تۆرە، بىرىنى نەپسانىيەتچى، بىرىنى ئالدامچى سودىگەر، دەپ شېئىر يازدىڭ. يالغانمۇ يا؟ — دېدى يىپەك كېپەنلىك دىقماق ئەرۋاھ.

— ئۇ دېگەن تىللاش ئەمەس، — دېدى ۋىجىك ئەرۋاھ. — يامان ئىش، يامان ئادەتلەرنى تىل بىلەن قامچىلاش، ھەر قايسىڭلارنى قامچىلاپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ. بولمىسا جاھاننى پۈتۈن يۇتىسىلەر.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق قامچاڭ، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ كەتەر ئىلاھىم، — دىقماق بىردىنلا چىچاڭشىپ كەتتى.

بايىتىن بېرى دىقماق ئەرۋاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياشقىدىنلا جانلىنىپ كەتكەن شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ بىردىنلا قايناپ كەتتى:

— بۇ گېپىڭ ئارازا راسىدۇ، دوستۇم! مېنىمۇ بىرسى قامچىلىغانىدى. مەكتەپكە بىرلا ياردەم قىلغۇدىم، كەينى-كەينىدىن پېشانىسىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن مېھىر-مۇھەببەت يېغىپ تۇرىدۇ، ھەربىر كۈلۈمسىرىشى جانغا ئارام بەخش ئاتا قىلىدۇ، دەپ ماختىشىپ كەتتى. ھەتتا مەن ئۆزۈممۇ مەندە ئالىي پەزىلەتلىك خۇسۇسىيەتلەر شۇنداق تولىمىدۇ دەپ كۈنىگە نەچچە قېتىم ئەينەككە قارىدىم...

— بۇ تېخى، — دېدى دىقماق ئەرۋاھ شايى كېپەنلىك ئەرۋاھنىڭ ئۆزىنى قوللىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، — بىزنىڭ ئانچە-مۇنچە ئامەتلىرىمىزگىمۇ كۆز قىزارتقان، كۆرەلمىگەن. مەسىلەن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا مۇنداق شېئىر يازغان:

تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەڭرى ئالدىدا،
تەڭ بولالمىدۇق دەۋر ئالدىدا.
گىدىيىپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
ئاقىۋەت تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا.



— ھەي بايقۇش، بىچارە بايقۇش، — دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ كېپىنىنى مۈرىسىگە تارتىپ قويۇپ، — ئۆزۈڭچە تېخى قەبرە ئالدىدا تەڭ بولىمىز دەپتىكەنسەن-دە. قېنى تەڭ بولغىنىڭ؟ قارا. مانا بىز ئۆزىمىزنىڭ كەسىپداشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز بىلەن بۇ يەردىمۇ يېڭى مەھەللە قۇرۇۋالدۇق! ئېسىلدېگەن كۆركەم، ئېسىلدېگەن ھەيۋەت! لېكىن سېنىڭ ۋە سېنىڭدەكلەرنىڭچۇ؟ قارىغىنا قەبرەڭنىڭ ئىزناسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئاقسىنەڭ كوزا پۈچۈقى پاتۇرۇپ قويمىغىنىدا ھەققەمسايىلىرىڭ ساڭا ئەمەس، بىزگە دۇئا قىلىپ قايتىشىدۇ. خى... خى... خى...

— ھى... ھى... ھى...

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىقنى قارىدىم. دەرۋەقە پۈتۈنلەي ئاق، سېرىق، يېشىل چاقچۇق بىلەن زىننەتلەنگەن قەبرىلەر رەت-رەتى بىلەن بىر يېڭى مەھەللە تەشكىل قىلغانىدى. بۇ قەبرىلەر تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا گويا مەرۋايىتلارنى تۆكۈۋەتكەندەك كۆز چاقنىتىپ پارقىرايتتى. شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ بىلەن ئاق يىپەك كېپەنلىك ئەرۋاھ تېخىچىلا كۈلۈشۈۋاتاتتى.

— قارا، مېنىڭ قەبرەمگە، — دېدى دىقماق ئەرۋاھ، — سەن ھايات چېغىڭدىمۇ بۇنداق ھەشەمەتلىك سارايلاردا ئولتۇرالمىغان بولغىيدىڭ! سېنىڭ قەبرەڭدە ئاددىيىسى بىر ئابىدە تاشمۇ يوق!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ھەقىقەتەن ئاق يىپەك كېپەنلىك ئەرۋاھنىڭ قەبرىسى ھەشەمەتلىك گۈمبەز بولۇپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئويما نەقىشلەر، مېھراب شەكىللىك تەكچىلەر بۇ قەبرىنى بىر ھەيۋەتلىك سارايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— سىلەر، — دېدى ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھ، — ئايقان دۇنيارىڭلار، ئېرىشكەن ئىمتىيازىڭلارنى ئۇنچىۋالا پەش قىلىپ كەتمەڭلار. لېكىن بىزمۇ بىر ئۆمۈر قىلغان ھالال مېھنىتىمىز-

دىن پەخىرلىنىمىز.

— ۋاھ، سېنىڭمۇ تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ، — دېدى شايى كىيپەنلىك ئەرۋاھ، — سەنمۇ پۇل ئۈچۈن ئەپەندىچىلىك قىلغانسەن، پۇل دېگەن يىراقنى يېقىن، يوقنى بار، يۈزسىزنى يۈزلۈك، گاچىنى سۆزلۈك قىلىدۇ. ئاددىيسى بىزنىڭ مەھەللىگە قارا، شەيخكە ئازراقلا نەپ تەگكۈزگەن ھامان كۆزگە چېلىقىدىغان، ئۆزى قۇرۇق، يولغا يېقىن يەردىن يەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەنلەرچۇ؟ قىشتا قار تىنىلىپ كېتىدىغان ئازگاللاردىن، يازدا يامغۇر يار ئالىدىغان يانپاشلاردىن ئورۇن تۇتىشىسەن.

— مۇئەللىم، مۇئەللىم دەپ ھەممە كىشى ئۇلۇغلىغانسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەنلەرمۇ تازا بولۇشۇۋېلىشتىڭ، — دېدى دىقماق توق ئەرۋاھ، — سائەتلەپ، كۈنلەپ دەرسكە كىرىشمەيسەن. سىنىپىڭدا ئەللىكلەپ بالا بىكارچىلىقتىن يۈز-كۆزىنى يارا قىلىشىدۇ. دەرس تەييارلىقىڭ يوق كىتاب ئوقۇپ بېرىپ ھاشارنى ئادا قىلىسەن، ھويلاڭغا كىرسە چىلە پۇراپ چۈجىلەرگە پۇتلىشىپ ماڭغىلى بولمايدۇ.

— مۇئەللىملەرگە تىل تەگكۈزگۈچى بولۇشما، — دېدى باياتىن بېرى غەزەپكە تولغان شائىر ئاغىنەم، — مۇئەللىملەر ئاخىرقى بىر نەپىسىنىمۇ پەرزەنتلەرگە ئاتىغان پىداكارلار!

— پىداكارلارمىش، — دېدى دىقماق ئەرۋاھ دىمىغىدا خىڭىلداپ، — بىلەمسەن شائىرىم، سىنىپ ئۆرۈلگەندە ئەڭ ئالدىدا قېچىپ چىققىنى مانا مۇشۇ ئۆلۈمتۈك. بېشىدىكى دوپپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشنى ئۇنتۇمىدىكى، باللار بىلەن بىر پاي كارى بولماي تىكىۋەتتى.

شائىر ئاغىنەم ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھقا، ئۇنىڭ كىيپەن تولۇق ياپالمىغان مۇرە، بويۇنلىرىغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، ئورا كۆزىدىن غەزەپ ئوتى چاچقان ھالدا سورىدى:

— بۇ راستما؟



— بۇ... بۇ... داۋاملىق ئەمەس، بەزىدە شاھماتقا كىرىشىپ قالغاندا دەرسنى ئۇنتۇپ قالغان يەرلىرىم بار ۋە بەزىدە توخۇلارغا دان، قوي-ئۆشكىلەرگە يەم تەييارلايمەن دەپ...

— مەن سەندىن بۇنى سورىغىنىم يوق. سىنىپ ئۆرۈلگەندە قانداق قىلدىڭ دەۋاتىمەن؟

— قا... قارىسام، — ئاچ ئەرۋاھ دۇدۇقلىدى، — تامنىڭ بىر بۆلىكى كۆپلا قىلىپ قالدى. جان دېگەن ئاتلىقكەن، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ.

— ۋۇي مەسئۇلىيەتسىز لەنىتى... — شائىر ئاغىنەم يەنە تىلىنى قويۇپ بەردى.

— بولدى قىل شائىرىم، — دېدى شايى كىيپەنلىك توق ئەرۋاھ، — سەنمۇ زامانىڭ كىيىنىگە كىرىۋالغانىڭ بىرسى، شائىر مەن دەپ ئېڭىكىڭدە ئاسمان تىرەپ يۈرگىنىڭ بىلەن قاپاقنىڭ لىشىدەك لاۋزا بىر نېمىلىرىڭنى خەق ئوقۇپ زوق ئالالىسا كاشكى.

— ئاغزىڭنى يۇم ئالدامچى كاززاپ، بىر پۇل ئۈچۈن يەتمىش مىڭ قەسەم قىلىپ، ئەڭ يېقىن يار-بۇرادەرلىرىڭنى ئالدايسەن، ھەتتا تېرىقتەك پايدىنى كۆرسەڭ ئاناڭ بىلەن داداڭنىمۇ تونۇماس بولۇۋالىسەن! كۆرۈپ تۇر، تاڭلا قىيامەت كۈنى يۈزۈڭ قارا قوپىدۇ.

— سېنىڭ يۈزۈڭ قارا قوپىدۇ!

— سەن قارا قوپىسەن!

— سەن!

— ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىشتۇر، — دېدىم مەن تۆت ئەرۋاھنىڭ ئۆزئارا ھۇرپىيىشلىرىدىن چۆچۈپ، — ئۇلار مەشەدىمۇ بىر-بىرىنى كۆرۈشەلمەيدىكەن، سۆكۈشىدىكەن، ئەيىبلىشىدىكەن، ئىناق ئۆتمەيدىكەن.

تۆت ئەرۋاھ شۇنچىلىك ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتتىكى

هەتتا ئۇلار چۈشۈپ قالغان قول بېغىشلىرى، ئاجراپ كەتكەن پۇت ئۇشۇقلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ياقىلىشقا تەييارلاندى. ئەگەر قانداقتۇر بىر ھال رەڭ نۇر بۇ گۆر ئىچىنى يورۇتمىغان بولسا، ئۇلار كېپەنلىرىنى ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ، بىر ـ بىرىنى چەيلەشكە تەييار تۇراتتى. لېكىن، بۇ ئەرۋاھلار نۇر ئىلكىدە پەيدا بولغان بەش ھۆر ـ غىلمانىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ھۆر ـ غىلمانلار ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا بىر دەستىدىن گۈل بار ئىدى. بۇ گۈللەر شۇنچە نەپىس، شۇنچە ئۈز بولۇپ، مۇشكى ـ ئەنبەر، ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتىپ تۇراتتى، ھۆر ـ غىلمانلار بولسا گويا پاك تۇماندىن تۆرەلگەندەك شۇنچىلىك سىزۇك، شۇنچىلىك غۇبارسىز ئىدىكى، تۆت ئەرۋاھ ئۇلارنىڭ رۇخسارىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ھۆرلەرنىڭ ئاق تۇتۇنسىمان كۆڭلەك، ئۇتىقاتلىرىدىكى دۇردانىلەر، غىلمانلارنىڭ ئاق سەللىسىدىكى يېشىل گۆھەرلەر كۆزلەرنى كور قىلغۇدەك نۇر ـ جۇلا چىقىرىپ تۇراتتى.

— ئۇلۇغ پەيشەنبىنىڭ شاراپىتى بىلەن بىز سىلەرنى يوقلاپ كەلدۇق! — دېدى ھۆر ـ غىلمانلار جانغا ئارامبەخش ئاتا قىلغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن.

— ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەتتۇر، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، شۇ چاغدىلا كونىلارنىڭ: «پەيشەنبە ئۇلۇغ كۈن ـ پۈتۈن ئەرۋاھلار بىر ـ بىرىنى يوقلىشىدۇ» دېگەن گېپى يادىمغا كېلىشى بىلەن بۈگۈن پەيشەنبە ئىكەنلىكى، تۆت ئەرۋاھنىڭ بىر ـ بىرىنى يوقلاپ كېلىپ كونا خامانىنى سورىغانلىقى، ھۆر ـ غىلمانلارمۇ جەننەتتىن ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئويلىدىم.

— ئاھ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم، مېنىڭ باللىرىم، قاناتلىرىم، يۈرەك پارىلىرىم! — ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى تونۇپ قالدى بولغاي، بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.



لېكىن، ئۇلارنىڭ نۇرلۇق چىرايلىرىغا پېتىنىپ قارىيالمىدى. گۈل دەستىلىرىنى ئۇتقىنىچە قاتىرىسىغا تىزىلىپ تۇرغان ھۆر ـ غىلمانلارمۇ ھېچكىمگە قىيا كۆزىنىمۇ سالمىدى.

— قېنى، ئالاشماسىلەر، ئۇرۇشماسىلەر، بوغۇشماسىلەر؟! — دېدى باشتىكى ھاۋا رەڭ سەللىلىك غىلمان جاراڭلىق ئاۋازدا، — سىلەر بۇ باقىي ئالەمگە كېلىپمۇ ئۇستۇلۇك تالىشىسىلەر، مەنمەنلىك قىلىشىسىلەر، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قانچىلىك گۇناھقا پاتقانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟! ئادەم بالىسى يالىڭاچ پېتى پانىي ئالەمگە كېلىدۇ ۋە يەنە يالىڭاچ پېتى باقىي ئالەمگە قايتىپ كېلىدۇ. پانىي ئالەم كېلىپ ـ كېتەر بىر سارايدۇر. بۇ كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتىكى بىر دەقىقە پۇرسەتتۇر. لېكىن، سىلەر مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك بىرىڭلار دەپىي ـ دۇنيارىڭلار بىلەن ئىنساپ ـ تەۋپىقنى ئۇنتۇدۇڭلار، بىرىڭلار ئىمتىيازىڭلار بىلەن مۆمىنلەرگە ئازار بەردىڭلار، بىرىڭلار ھالاللىق بىلەن بۇرچىڭلارنى ئادا قىلمىدىڭلار. سىلەر ئۇرۇش ـ جېدەل، كۆرەلمەسلىك، بىر ـ بىرىڭلارنى كولاش، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، چېقىمچىلىق، مەنمەنلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىكتىن ئىبارەت پاسىق ئىللەتلەرنى ئۆز ئەۋلادىڭلارغا مىراس قالدۇردۇڭلار! بۇ ئاللا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر!

— بەرھەق، — دېيىشتى تۆت ئەرۋاھ باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، بەزىلىرى يۇم ـ يىغلاشتى ۋە بەزىلىرى بولسا بوغۇلۇپ ـ تېلىقىپ قېلىشتى.

— سىلەرنىڭ تېنىڭلارغا سىڭىپ كەتكەن بۇ خۇي ـ پەيلىڭلاردىن، — دېدى ھۆرلەرنىڭ بىرى يېقىملىق ئاھاڭدا، — قىيامەت كۈنى خۇدايىم قازى بولغاندا تاڭلا مەھشەرگاھىدا يەنىلا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى غاجاپ، قاق سۆڭەك قىلمىغۇچە كۆڭلۈڭلار ئەمىن تاپمايدىغان ئوخشاي.

دۇ. بىز كېتەيلى.

تۆت ئەرۋاھ چەكچىيىپ قېلىشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھۆر - غىلمانلار قولىدىكى جەننەتنىڭ گۈللىرىدە ئىدى. تۆت ئەرۋاھنىڭ ھەرقايسىسى بۇ گۈللەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنى، ھەتتا ھەمراھلىرىغا پۇراش ئۈچۈنمۇ بەرمەسلىكنى ئويلايتتى.

مەن ھۆر - غىلمانلار گۈللەرنى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا تاشلايدىغۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇلار سەپ تارتقىنىچە كۆزدىن ئۇتتۇندەك غايىب بولۇشتى. ئەمما، قەستەنمۇ ياكى چۈشۈپ قالدىمۇ بۇنى بىلىپ بولمايدۇ، ۋىجىك ئەرۋاھنىڭ يېنىدىلا بىر تال گۈل تۇراتتى. ۋىجىك ئەرۋاھ قولىنى سۇنۇپ ئېلىشىغا قالغان ئۈچ ئەرۋاھ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

— بۇ مېنىڭ، چۈنكى مەن ئۇزۇن مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان، — دېدى دىقماق توق ئەرۋاھ.

— ياق، — دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ چەكچىيىپ، — سەن مەكتەپكە ياردەم قىلغان پۇللارنى خەجلىۋالغان ئوغرى، جەننەتنىڭ گۈلى ساڭا خاس ئەمەس، ماڭا خاس.

— بۇ مېنىڭ، — دېدى ۋىجىك ئەرۋاھ گۈلنى قويۇپ بەرمەي، — چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

— ياق، — دېدى شائىر ئاغىنەم چالۋاقاپ، — مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، مەكتەپ ۋە بىلىمنى مەدھىيەلەپ ئۇزۇن قان - تەر سىڭدۈرگەن، سەن بولساڭ ئاشۇ بەش ھۆر - غىلماننى ئامغا باستۇرۇۋەتكەن قاتىل!

— بۇ مېنىڭ!

تۆت ئەرۋاھ شۇنداق ئېلىشتىكى جەننەتنىڭ گۈلى چەيلىنىپ، تىتىلىپ، توزۇپ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەرۋاھلار ئارىسىدا «گۈل كىمنىڭ؟»، «تۆھپە كىمنىڭ؟» جېڭى داۋاملىشىۋاتاتتى.



مەن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم ۋە چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم، يېنىمدىكى كونا گۈمبەز ئۈستىدە ئىككى مۇۋۇقۇش پالاق - پۇلۇق قانات ئۇرۇپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى.

— ۋاي توۋا، — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ، — ئوڭۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ، قەبرە بېشىدا مۈگدەپ قالغىنىم نېمىسى؟

مەن يېنىمدىكى ھېلىقى ئوچۇق گۆرگە قورقۇپ قارىدىم. گۆر قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئۇنىڭدىن ئەجەلنىڭ سوغۇق چاڭگاللىرى ماڭا قاراپ سوزۇلۇۋاتقاندەك بولدى - دە، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرەۋم. لېكىن، ئويۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھېلىقى سۇرلۇك ئوچۇق گۆرگە قارىغىنىمچە ئارقامچە ئاستا داجىدىم...

## روزىمەت خۇشال

«بەشبۇلاق»لىقلار: «روزىمەت «خۇشال»نىڭ خاپا بولىدىغان كۈنلىرىمۇ بولارمۇ» دېيىشسە، بەزىلەر: «قۇم چېچەكلەپ، تۈگمەننىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە» دېيىشەتتى، لېكىن بۇ قېتىم روزىمەت «خۇشال» قۇم چېچەكلىمەي، تۈگمەننىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگمەي تۇرۇپلا خاپا بولۇپ قالدى.

— قېنى قايسى نوچام يېرىمگە گۈلك سېلىشقا پېتىنالىدىكەن، قاتىشىرىنى ئېتىلدۇرۇۋېتىمەن! — دەيتتى روزىمەت قولىدىكى يوغان چالمىنى كۆرسىتىپ.

ئېتىكىگە بىر قۇچاق چالما ئېلىۋالغان روزىمەت ئۆزىگە كۆتۈرە بېرىلگەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، كىگىز ئورنىدەك يەرنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندى، دادۇي بوغالتىرى قاتارلىق يەر تەقسىملەيدىغان بىرنەچچە ھەيئەت ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەي ئېتىز قىرلىرىدا چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. بىردىن-ئىككىدىن يىغىلىپ قالغان دېھقانلارمۇ كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك، روزىمەتنىڭ بۇ ئەلپازىغا ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قوياتتى.

— روزىمەتئاخۇن، — دېدى گۈلك تۇتۇپ تۇرغان بوغالتىر جىلە بولۇپ، — يەرنى ھەر يىلى تەقسىم قىلىش، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، ئۇنداق كاجلىق قىلمايلى...

— ئۇنداق ئادەم پەللىمىسلە ئۇز بوغالتىر، — دېدى روزىمەت ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئەمىسە ماۋۇ تام قوشنىلارغا بەش يىللىق ھۆددە بېرىپتىغۇ يا ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرى ياسىۋاپتىمۇ؟



— ئەستاغپۇرۇللا، ئەرخەپ، ئەرخەپ، — دېدى بوغالتىر يان-يېنىغا قاراپ، — يەر بەرگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟

— ماڭا بېرىدىغان يەرگە ئۆزلىرى گۆھەر تېرىۋالسىلا، جامائەتنىڭ خەۋىرىدە بار، ئاق يېرىمنى كۆچلەندۈرىمەن دەپ نەچچە كاللەك پۇلۇم كەتتى، شاللىقىمنى ئەي قىلىش ئۈچۈن ئاپىنىم تېشىلگۈدەك بولغىنىنى «بەشبۇلاق»نىڭ قۇرت-قوڭغۇز، چۈمۈلىلىرىمۇ بىلىدۇ...

توپلىشىۋالغان دېھقانلار يەر تەقسىم قىلىدىغان ھەيئەتلەرگە بىر ئاستىدىن ھوسىيىشىپ ۋە غودۇڭشىپ، دادۇي شۇجىسى خېلىلنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ كۆرمەي قېلىشتى.

— زىيان دېگەن ئاچچىق-دە، — دېدى تېرە پىنجەك كىيىۋالغان بىر دېھقان يېنىدىكىلەرگە، — بۇلتۇر ئۇ تاپقان-تەرگىنىنى يەرگە سېلىپ بەردى، مانا ئەمدى قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق مېغىزىنى چاقىدىغان يىلى كونا تامدىن قوقاق چىققاندەك گۈگىنى كۆتۈرۈپ كەلسە...

— شۇ، بەزى قىنغىلىرىمىز كېلەر يىلى زىرائەتكە ئاش بولىدۇ، — دېدى ساقىلىنى ئەپچىل ياسىتىۋالغان ئورۇق كىشى، — روزىمەتمۇ بۇ يىلقى توي ئىشىنى كۆزلەپ يېرىنگە ئىشلىگەن-دە! ئۇ بىچارىنىڭ يېشىمۇ قىرىققا ئۇلاشتى.

— ھېلىمۇ ياخشى، — دېدى يەنە بىر دېھقان ئۆزىچە غوتشىپ، — كۆزدە باللارغا توخۇ، كەپتەر ماياقلىرىنى چاچتۇرماي ئەۋلىيادەك ئىش قىپتىكەنمەن...

خېلىل شۇجى، توي توغرۇلۇق بولۇنغان گەپنى ئاڭلىماسقا سالدىمۇ نېمە، توپ ئالدىغا سىلجىپ ئۆتتى. چۈنكى، ئۇ روزىمەت بىلەن توكۇر قىزى ئايپاشانىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئېچىپ-تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. بوغالتىرنىڭ داتخورلۇق قىلماقچى بولغانلىقىنى پەملەپ، خېلىل ئۇنىڭغا «گەپ قىلما» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ، روزىمەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— روزىمەت، — دېدى خېلىل ئۇنىڭ ئېگىز گەۋدىسىگە خۇددى تال بوستانغا قارىغاندەك قادىلىپ، — ئۇنداق قىلما، يېرىڭگە گۈڭ سالسۇن...

روزىمەت، خېلىلنىڭ سۇۋارى ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرىغا تىكىلگىنىچە ئېتىكىدىكى چالمىلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا تۆكۈلگىنىنى تۇيمايلا قالدى. خېلىلمۇ ئۈن-تىنسىز توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يول بويى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھېلىلا دېھقانلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى يادىغا ئالاتتى.

دېھقانلارنىڭ «يەرلەرنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە مۇقىملاپ ھۆددىگە بېرىش» تەلىپى خېلىلنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. چۈنكى، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇتلىرىنى كۆزگە زىرائەتلەرگە چاچمايۋاتىدۇ. بۇنى خېلىل ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ كىچىك چېغىدىن ئاتىسىلا ئېتىزدا چوڭ بولغان. ئۇ چاغلاردا يەرلەرنى ھاردۇق ئالدۇرىدىغان. مانا ئەمدىچۇ؟ بۇغدايىنى ئورىسەن، ئارقىدىن قوناق تېرىيسەن، قوناقنى چېپىپ ئۇنىڭ ئورنىغا كۈزگى بۇغداي چاچىسەن. يەر بولسا كۈندىن-كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ خۇددى ئۆشكىنىڭ تولا سېغىپ ھالىتىلىشىپ كەتكەن يېلىنىدەك بولۇپ قالدى. ئەگەر يەرلەر بىر نەچچە يىللىق ھۆددىگە بېرىلسە دېھقانلار يەرگە جان كىرگۈزۈشتە پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، مانا روزىمەت چېغىدا بۇلتۇر كۈزدە بىر مۇنچە پۇلغا كۈنجۈرە ئېلىپ بەش مو ئاق يېرىگە چاچتى. سېۋەت-سېۋەت ئۈزۈم-شاپتۇل، توغاچلار ئېلىپ بابكانىڭ مۇكىسىدەك شەھەرگە قاتناپ، ماتىراشلاردىن چاچ ۋە كونا كىگىز، ئەسكى يۇڭلارنى يىغىپ چىقىپ ئۈچ مو شاللىقىغا ئەي قىلدى.

يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مەسىلىسىدە خېلىل ئىككى-ئۈچ نۆۋەت يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىرگەن بولسىمۇ، پارتكومنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل شۇجىسى ئۇنى قۇرۇق



قول قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كىرگىنىدە شۇجى بىلەن قاتتىق-يىرىك گەپ قىلىشىپمۇ قالدى:

— بۇرادەر، — دېدى پارتكوم شۇجىسى ئاۋازىنى مۇڭلۇق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — سېنىڭ بىلەن بىز «ئاق يولدا ماڭدىڭ، كۆك يولدا چاپتىڭ» دەپ نىمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق. ساۋاقلارنى يەكۈنلەش كېرەك. كىم بىلىدۇ، بۇ چىغىر يولمۇ ھالتا يولمۇ، ياكى چوڭ يولمۇ؟ ھازىرچە يۇقىرىدىن «ھە» دېسە بىزمۇ «ھۇ» دەپ قويغاچ تۇرمامدۇق، ئالدى پەشلىكنىڭ دەردىنى بولغۇچە تارتتۇققۇ؟

— ئۇ كەملەردىكى ئىش شۇنداق بولغان، ھازىر...

— ھازىر نىمە بوپتۇ؟ — شۇجى شارتلا گەپنى تارتىۋالدى، — شۇ چاغدىمۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمى بار ئىدىغۇ؟ ھەي... سېنىمزە، يەنە بىر كۈنى «ھوي بۇنى پالانى-پۇستانلار قىلغان، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى گۇماشتىلىرىنى تۇتۇڭلار» دېسە، يەنە مەسچىتكە چىچقان قارا ئىت بىز بولۇپ قالارمىز...

خېلىل مانا شۇنىڭدىن باشلاپ گۇڭشىغا كىرمىدى. ئۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەيتتىلا ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە «ئۇ چاغلاردىكى ئىشلار خۇددى دەريا سۈيى ئارقىغا يانمىغاندەك كەلمەسكە كەتتى» دەپ بىلەتتى.

— ياق، ناھىيىلىك پارتكومغا كىرىش كېرەك، — دەپ شۇۋىرلىدى خېلىل كېتىۋېتىپ، لېكىن ئۇ روزىمەت خۇشالىغا تاماق ئەكېتىۋاتقان توكۇر قىزى ئايپاشانى كۆرۈۋش بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

ئايپاشا بۇ يىل ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەرگە تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ئوشۇقىدىن ئىچىگە مايماق بولۇپ دېگەندەك ئاقساقلاپ ماڭاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى دۇتارنىڭ زىل تارىسىدەك ئىنچىكە ئىدى. قايسى بىر يىلى كەنتنىڭ مەزىنى ئەلچى كىرگۈزگەندە، ئۇ بىر كۈن كەچكىچە:

«ماڭا بۇ نېمە خورلۇق، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بارمىسامامۇ، ئۆزۈمگە تۇشلۇق يەكپاي ئۆتۈك تېپەلار» دەپ يىغلىغاندى. كېيىن ياش - قۇرامى ئۆزى بىلەن تەڭ، بالىسىمۇ يوق بىر كىشى خېرىدارلىق قىلغاندا ئۇ: «ئۈچ - تۆت خوتۇننى قاڭغىر قاقشىتىپ يولغا سېلىپ قويغان خوتۇن بېدىكىگە تەككەندىن يەرگە تەگكىنىم تۈزۈك» دەپ تۇمشۇقىنى سوزدى. لېكىن، ئاپپاشا روزىمەت بىلەن كۆيدى - پىشتى بولۇپ قالغاندىن بېرى ئەلچىلەرگە پوزتۇرانە: «مېنىڭ خۇلاشقان ئادىمىم بار» دەپ جاۋاب بەرگەچكە، مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى.

ئاپپاشا داستىخانغا ئورالغان تاماقنى ئېلىپ ئېتىزغا كەلگەندە روزىمەت يەرگە چۈشۈپ كەتكەن دوپپىسىنىمۇ قارىماي توپىلارغا پۇچىلانغان هالدا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئاپپاشا دوپپىنى قولىغا ئالدى، چۈنكى ئۇ بۇ بادام دوپپىنى بولتۇر ياز ئۆزى تىكىپ كىيگۈزۈپ قويغانىدى.

— روزىمەتاخۇن، يەرلىرىگە گۈل سالغان چاغۋا؟...

روزىمەت ئاپپاشاغا پاللىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز يېرىنىڭ ئەتراپىغا يەنە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئاپپاشامۇ ئۇنىڭ دەردىگە يېتەتتى. چۈنكى، جاڭگالدىن يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، ئېشىكىگە ئارتىپ، ئۆزى يۇدۇپ كېلىپ يېرىنىڭ چۆرىسىگە تىكىۋەتكەن چىغ تۈپلىرى كۆپكۆك بىخلىنىپ چىقىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئاپپاشا: «دۈمبىلىرىنى يېغىر قىلىپ سىلىگە نېمە جاپا» دېگەندە، روزىمەت بىرهازا كۈلۈپ كېتىپ: «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق بوغماق خېنىم، ئاتا مىراس هۈنەر — پىچچىلىق قىلىمەن. ئۆزلىرىگە ئەڭ بولمىسا ئوسما بىلەن خېنە پۇلى بولۇپ قالار» دېگەندى.

— روزىمەتاخۇن دوپپىلىرىنى كىيىۋالسىلا، مان... ئۆزلىرىگە...

روزىمەت «خۇشال» ئاپپاشانى «ئاق بوغماق خېنىم» دەپ



ئەركىلىتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك، ئۇنىڭ تولۇق تاشتەك تولغان بەستىگە، بەدىلىرىگە پاتماي چىقىلىپ تۇرغان توقماق بىلەكلىرىگە سەپسېلىپمۇ قويمىدى...

— بولدى خېنىم، بولدى... بىر ئېغىز لەۋزىلىرىنى شۈجى دادىلىرىغا يەتكۈزەلمىگەندىن كېيىن...

روزىمەت تىزلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇستىۋاشلىرىدىكى توپىلارنىمۇ قاقماي كەينى تەرەپكە يول ئالدى. دوپپىنى تۇتقان پېتى قالغان ئاپپاشامۇ يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي، روزىمەتنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە بېشى بارا - بارا مەيدىسىگە ساڭگىلاپ چۈشتى ۋە يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ تولغان كۆكسىگە تېمىشقا باشلىدى...

※ ※

— روزىمەت «خۇشال»، ئەدىن سورايمىز، موردىن كۈل ئارتتۇقمۇ نېمە؟

— هى... هى... هى... ئاياغچى مەھەللىسىدە ئوت كېتىپتىكەن، تاماشا قىلدۇق. ۋاي، ۋاي، ۋاي، تۈنداقتىمۇ قىزىق بولدى. كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپلا قالدى، — دېدى روزىمەت ئۆزۈنچە خىرقىراپ كۈلۈپ، — لېكىن ئۇنىڭ خام كۆڭلىكىدىكى توخۇ كۆزىدەك كۆيۈك ئىزلىرى ۋە پۇت - قول بارماقلىرىدىكى چاۋۇرۇپ چىققان تېرىلىرى هەرگىزمۇ كۆڭۈللۈك تاماشىدىن دېرەك بەرمەيتتى...

— ۋي «خۇشال» ۋاي «خۇشال»، سېنىڭ خۇشال ئۆتكۈزمەيدىغان بىرەر كۈنۈڭمۇ بولارمۇ؟

دەرۋەقە «بەشبۇلاق» لىقلار ئېيتقانىدەك روزىمەتنىڭ خۇشال ئۆتمىگەن بىرمۇ كۈنى يوق ئىدى. ئۇ كۈلىدىغان، كۈلمەيدىغان ئىشلارغىمۇ ئۆزۈنچە پىخىلداپ كۈلۈپ، تەنها هاياتنى

شاد ئۆتكۆزەتتى . ھەتتا ئۇ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىپ قالغاندىمۇ «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر ، جايى جەننەتتە بولسۇن» دەپ يۈز سىپايتتى ـ دە ، ئارقىسىدىن ، ــــ ھى... ھى... ھى... نەزىر چىراغ ئىشلىرىدا تەمتىرەپ قېلىشمىسىلا ، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا مانا مەن بار ، ھى... ھى... ھى... » دەپ پىخىلداپ كۈلەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكىمۇ ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايتتى . چۈنكى ، «خۇشال» دېگەن لەقەمنىمۇ «بەشبۇلاق» نىڭ دىلكەش دېھقانلىرى بىلىپ قويۇشقان ـ دە !

روزىمەتنىڭ بۈگۈنكىدەك چېچىلىپ ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشى ئۆمرىدە ئۆزىنگىمۇ يېڭىلىق بولۇپ ، ئۇ كېيىنكى تاتلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈچۈن رىيازەت چېكىپ قىلغان ئەجرىگە چىدىمىغانلىقىدىن ئىدى ، چۈنكى ئۇ بۇلتۇر كۆتۈرە بېرىلگەن يېرىدىن ئېشىنغان ئاشلىقىنى سېتىپ ، پۇلىغا ئېشكىگە يېڭغىنا بىر دانە ئۈچۈلۈق ئېلىشقىمۇ قورسىقى ئاغرىپ ، كونجۇرە سېتىۋالدى . يەرنى بولسا نەچچە قېتىم ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالدى . مانا ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ يېرى خۇددى ئارپا خېمىرتۇرۇچىدەك ئۆرلەپ ، كۆپۈپ كونجۇرە ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ . بۇ يىل مەھسۇلاتنىڭ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى . روزىمەتمۇ «كىمنىڭ تويى بوپتۇ» دېسە «روزىمەت خۇشال» نىڭ دېگۈدەك بىر توي ئۆتكۈزۈۋالغان بولاتتى . بولمىسا يەر دېگەن ئوخشاشقۇ ! ئەگەر يەرگە ئاغرىنغان بولسا قالدۇرۇق يەرلەرنى تارتىۋالغاندا ئۇ : «ئەسكى نامدا قوشقاچ تولا ، نامراتقا پۇتلاش» دېگەن شۇ ـ دە ، «ھى... ھى... ھى...» دەپ يەلكىسىنى چىقىرىپلا قويارمىدى . ھەتتا ئومۇمىيۈزلۈك قەرز قايتۇرۇش شامىلى كەلگەندە «بەشبۇلاق» لىقلارنىڭ ياشتىن كۆزى نەمدەلمىگىنى يوق . لېكىن ، شۇ چاغدا روزىمەتنىڭ ھويلىسىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ . قىزىل پەتتە باغلىغان يەتتە ـ سەككىز ياش كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا كە-



رىپ كەلدى . روزىمەت بولسا ئىشىك ئالدىدا خىرقىراپ كۈلۈپ تۇراتتى .

ــــ قەرزىڭ ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ئۆيۈڭنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ ياغاچ ـ تاش ، ۋاسا ـ ۋادەكلىرىنى ئەكېتىمىز ، قانداق پىكرىڭ بار ، ــــ دېدى شادىپاچاق بىرسى .

ــــ ھى... ھى... ھى... ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا بىر كۈنى ئالارسەن ، دەپتىكەن ئۆتكىلىرىم ، بىزمۇ مۇنداق تاز ئوتاق ئۆتتۇپ كەتمەسمىز ، ھى... ھى... بۇ ئۆي رەھمەتلىك ئانامدىن قالغان تەۋەررۈك دېسىلە...

ــــ ئاداش ، تولا خىرقىراۋەرمەي ئۆيۈڭنى بىكار قىل ، بولمىسا لاقا ـ لۇقاڭ توپا ئاستىدا قالىدۇ .

ــــ خوش ، ھى... ھى... ھى...

روزىمەت «خۇشال» نىڭ ئىككى ئۆيىنى چېقىپ ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ ، ئىشەنمىگەندەك : «ئۆيۈڭنى نېمە قىلدى ؟» دەپ سورىغاندا روزىمەت : «ھى... ھى... ھى... كېلىشتۈرۈپ موخۇ قىلدى» دېگەنىدى .

شۇ كۈنلەردە دادۇي ئىچى ، كوپېراتىپ دۇكىنىنىڭ ئالدى ۋە يوللار يالۇۋۇرغان ، يىغلىغان ، ۋارقىراشقان ئاۋازلاردىن خالى بولمىدى . لېكىن ، روزىمەت : «ئىليا ئوۋغا چىقتى ، كەينىدىن غوۋغا چىقتى ، دېگەن شۇ ، ھى... ھى...» دەپ قىزىل پەتتىلىكلەرنى كۆرسەتتى .

كىچىككىنە قازناقتا موك يېتىپ ، موك قوپۇپ يۈرگەن روزىمەت «ئەمدى دېھقانچىلىقتىن بەرىكەت كەتتى» دېدى ـ دە ، كېيىنچە چويلا توقۇپ ساتىدىغان ، بەزىدە جاڭگالغا بېرىپ چىغ ئورۇپ كېلىپ سۈپۈرگە ، كىگىزچىلەرگە چىغ ياساپ سېتىپ كۈن ئالىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ چويلىلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، يېزىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا يالاڭ ئاياغ پاقىلداپ شەھەرگە ماڭاتتى .

روزنەمەت باھادا ئاسمانغا تېپىپ تۇرۇۋالمىغاچقىمۇ ياكى خېرىدارلارنى سىلاپ - سىپاپ، قايماقتەك گەپلەر بىلەن ئېرىدىتىپ سودىغا پىشىپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىش قىلىپ چويلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۇل قىلاتتى.

— ھىم، ماقۇلە، ئىلياخۇننىڭ بالىسى ئابدۇرېھماخۇن بولمىسا دېسىلە، ئۇزلىرىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بوپتىلا، پېشانىلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. دادىلىرى رەھمەتتى تولىمۇ خۇدا خالىس ئادەم ئىدى، — دەيتتى ئۇ خېرىدارلارغا مۇلايىملىق بىلەن.

— قېنى، ئالمىسىلىمۇ قوللىرىغا ئېلىپ كۆرسىلە، بىز ھۆنەرگە ھىيلە ئىشلەتمەيمىز، ھى... ھى... ھى... — دەيتتى ئۇ بەزى تونۇشلارغا، — دادىلىرى سايىتاخۇنمۇ كۆزى چاققان، قولى ئىتتىك ئادەم ئىدى. مال تونۇيدىكەنلا...

روزنەمەت سۈيۈرگە، چويلا سېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇخلىمىسا چۈشىدە، ئاڭسا خىيالىدا يوق بىر ئىش يۈز بەردى.

«بەشبۇلاق» نىڭ تۈگمەنلىرىدە، يول بويىدىكى پاكار شورا تاملىق باغلىرىدا لىپ قىلىپ پەيدا بولۇپ قالغان ئايپاشا روزىمەنىكە لەپپىدە تىكىلەتتى - دە، كۆزىنى ئەپقاچاتتى. روزنەمەتمۇ كالپۇكلىرىدا نەم ئالمىغاندەك، لەۋلىرىنى يالىغىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

جىگدە چېچەكلىرى ئېچىلىپ، خۇش پۇراق ھىدلىرى كىشىنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇپ، كەتتىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى سالقىن جىمجىتلىققا چۆككەن سەھەرلىكى ئايپاشا شەھەرگە ماڭغان روزنەمەتنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— روزنەمەتئاخۇن يول بولسۇن!...

— شەھەرگە خېنىم، شەھەرگە! ھى... ھى... ھى...

— ۋاي ئانىكام، — دېدى ئايپاشا روزنەمەتنىڭ مۈرىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان چويلىلارغا قاراپ، — بۇ چويلىلارنىڭ ئۇزلۇ-



قىنى، ھەممىسىنى ساتقىلى بولارمۇ؟

— ھى... ھى... ھى... خۇدايىم «ئال قۇلۇم» دەۋەتسە، بىر بازاردا بىر سىقىملا پۇلغا ئىشلىۋالىمەن، «چويلاڭ بارمۇ - يوق» لا بولۇپ قالىدۇ. ھى... ھى... ھى... شەھەرلىك دېگەن غىلىتالڭ لەڭمەن يەيدۇ ئەمەسمۇ...

— روزىمىتاخۇن، — دېدى ئايپاشا يېنىك تولغىنىپ، — ئىككى دانە دوپپا تىكمۇيدىم، پۇل قىلغاچ كېلەمىلا؟

— ۋاھ، نېمە دېگەنلىرى، ئۇزلىرىدەك ئاق بوغماق خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلمىساق، ئۇ دۇنيادا كور بولۇپ كېتەرمىزا... ھى... ھى... ھى... — دېدى روزنەمەت ئايپاشانىڭ قولىدىكى ياغلىققا ئورالغان تۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ.

روزنەمەت تۈگۈچنى ئېچىپ بىر جۈپ چىمەن دوپپىنى كۆرگەندە پىخىلداپ كۈلگىنىچە، ئۇنى ئۇيان - بۇيان چۆرۈپ بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ «پاھ - پاھ» دېگىن قانچىلىك دەۋەتكىنىنى ئۆزى سەزمەي قالدى.

— زاڭلىق قىلمىسىلا روزىمىتئاخۇن، ئەمدى تىرىكچىلىكنىڭ نىشانىسى...

— شۇ، شۇ، «دادام مازارغا شەيخ، ئۆزۈم تەييارغا» دەپ يۈرۈن كوچىلاپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش تاڭىنامايدۇ.

روزنەمەت شۇ كۈنى: «قازاننىڭ ئۇلىدا بىر ئېكى - يېرىم ئېكى جۆپ قالدۇرسا مانا مەن» دەپ چويلىلىرىنى ماختاشتىن كۆرە، «چىمەن دوپپا، گۈللۈك دوپپا، پەرىزاتنىڭ قولى تەگكەن دوپپا» دەپ ۋارقىراپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى.

دوپپىلارنى سېتىپ، ئېشىپ قالغان چويلىلارنى بىر دەڭگە قالدۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە قايتقان روزنەمەت كۈن قايرىلغاندا كەتتىكە كىرىپ كەلدى، ئۇ ساپسېرىق ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ جىگدە تۈۋىدىكى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاققا كېلىپ، خۇرجىنىنى جىگدە پۇتىقىغا ئىلدى - دە، ئۆزى كۆپكۆك

چىملىق ئوتلاققا زوڭزايدى.

— پاھ، پاھ، پاھ، نېمىدېگەن راھەت جاھان بۇ، — دېدى شاملى يوق ئىسسىق ئۆپتىن قىزىرىپ كەتكەن روزىمەت، ئەتەكلىرىدە يۈزىنى يەلپۈۋېتىپ، — راھىتى مۇزدەك دېگىنى مانا مۇشۇ، يۈرەكنى سەگىتىدۇ... ھى... ھى...

روزىمەت بۇلاققا دۈم يېتىپ غورتۇلدىتىپ سۇ ئىچىۋاتقاندا قاياقتىندۇر سۇغا «چولتۇككىدە» قىلىپ چۈشكەن تاش ئۇنىڭ يۈز – مەيدىلىرىدە ئۈنچە – مەرۋايىتلارنى يالتىرىتىپ قويدى. چۆچۈپ كەتكەن روزىمەت قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازدىن تېخىمۇ مەڭدەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى – دە، جىگدە ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئايپاشانى كۆرۈپ قالدى.

— ھى... ھى... نېمانداق جىگدە گۈلى پۇرايدىكىن دېسەم ئۆزلىرى بۇ يەردىكەنلى – دە... ھادىس ئوبدان ئىش بولدى...

— يۈرەكلىرىنى سەگىتىپ قويغىنىمغا خوش بولغانلا؟...

— يوقسۇ ئاق بوغماق خېنىم، ئاتقان تاشلىرى سەگىتىش ئەمەس، يۈرىكىمگە بىرمۇنچە ئوت پارچىلىرىنى چاچرىتىۋەتتى. پاھ، پاھ، پاھ يۈرەك قىزىپ بىر يەرگە باردى...

— نېمە دېدىلە روزىمەتخۇن، — كۈلكىسىدىن چىپپ توختاپ قالغان ئايپاشا ۋۇجۇدىنى باسقان بىر ئىللىق تىترەك بىلەن جىگدىگە يۆلەندى – دە، روزىمەتكە ئارقىسىنى قىلىۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى غىجىمداپ تۇرغان قوللىرىدىن قارس چىقىپ كەتتى...

— ئۆپكىلىك قىلمىسىلا خېنىم، ھى... ھى... ھى... يۈرەككە... يۈرەككە ئوت كەتتى... كاۋاپ بولدى... پىژ... پىژ كۆيىدى.

ئايپاشا روزىمەتنىڭ بەرگەن پۇللىرىنى قولىغا ئېلىۋېتىپمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. گويا بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپ-



لىشىپ قالغاندەك پات – پاتلا تېلىقىپ قالاتتى... يۈرىكى بولسا ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك گۈپۈلدەيتتى. روزىمەتنىڭمۇ قوللىرى تىترەپ، چىرايى ئۆمسۈرۈن ئىدى.

— روزىمەتاخۇن، — دېدى ئايپاشا ئارانلا، — دوپپىسىنىڭ پۇلىغا چوبلىنىڭ پۇلى قېتىلىپ قالغانمۇ نېمە؟ ئۆتكەندە قوشنىلار سېتىپ چىققاندا...

— بولسىغۇ، ئوبدان خېنىم، ئۆلگۈچە قېتىلىپ كەتكەن بولسا تۈزتامىتتى... ھى... ھى... سىلىمۇ ئۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ...

— ۋاي جېنىم، — ئايپاشا پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى، — ئۇنداقتا دوپپىنىڭ پۇلىغا يانلىرىدىن...

— يوقسۇ خېنىم، يوقسۇ ھى... ھى... ھى... دوپپىلار راۋۇرۇس سېتىلدى دېسىلە، خېرىدارلار بوغماق قوللىرىدا تىككەن چىمەن دوپپىنى قولىغا ئېلىپلا كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. بەزىلەر تىلىنى ئۈششۈتۈپ ئۆزلىرىنى ماختاۋاتىدۇ... بويۇنلىرىغا تىل تۇمار ئېسىۋالسىلا، بولمىسا ئالمادىس... مەن... ھى... ھى...

دەرۋەقە ئون نەچچە يىل ياڭچ كېسەللى بىلەن ئورنىدىن تۇرالمىغان ئانىسىنى بېقىش، ئۆلۈمىنى ئۆزىتىش بىلەن دۇيگە پەرزىگە بوغۇلۇپ قىرىق ياشقا ئۇلىشىپ قالغان روزىمەتكە ئايپاشانىڭ مۇھەببىتى خۇددى كەچ كۈزدە پىشقان تاغ ئۆرۈكىدەك چۈچۈمەل، شېرىن تەم بەرمەكتە ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم دوپپىنىڭ پۇلىغا يېنىدىن ئاز – تولا پۇل قېتىپ قوياتتى. مانا ھازىرمۇ پات – پات يوتىسىنى سىلاپ قويۇپ كەنتكە كىرىپ كەلدى.

روزىمەت تام شورىدىن باغقا قارىغىنىدا ئايپاشا خادا تاپاق بىلەن يېپىقلىق شىلدىرشاپقا ئۈجمە قېقىۋاتاتتى.

— ھويت خېنىم! ئاق ئۈجمىلىرى مەي باغلاپتىمىش،

بىز قاچانغىچە تولۇق يۇرەرمىز...

— ۋاي خۇدايىم، — چۆچۈپ قارىغان ئايپاشا شورا ئارقىسىدىكى خۇرجۇن ئارتقان روزىمەتنى كۆرۈپ قالدى، — كەلسىلە روزىمىتاخۇن، خوندەك پىشماي تۇرۇپ ئاق ئۈرۈكنىڭ ئالا بولغىنىنى نەدە كۆرگەن؟!

— پىشپىمۇ قالار ئايپاشا، پىشپىمۇ قالار... هى... هى... هى... بودەك خېنىم.

روزىمەت شىلدىرشاپتىكى ئايىغاق دانلىق ئۈجمىلەرنى بىر - بىرلەپ ئاغزىغا سالغاچ ئايپاشانىڭ «خوندەك پىشماي تۇرۇپ» دېگەن سۆزىنى ئۆزىچە يېشىۋاتاتتى. توغرا، روزىمەتنىڭ مەسلىھىتى بىر يەرگە پىشمىدى. ئەلۋەتتە توي قىلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك. ئايپاشاغا شىپۇن دۇخاۋا ئالالمىسىمۇ ئالما ئۈرۈقى ئەتلىسىدىن بىر كىيىملىك، قۇلىقىغا ئالتۇن زىرە، بىلىكىگە بىلەزۈك ئېلىش كېرەك - دە! تېخى توي راسخالىقىچۇ؟

— هى... هى... هى... «ئۈجمىچى يوق مازاردىن شەيخمۇ قاچىدۇ» دەپتىكەن ئايپاشا... بىرئازلا ئەتلىنىپ قالسام...

— بولدىلا روزىمىتاخۇن، — دېدى گەپنىڭ ئۇرامىغا يەتكەن ئايپاشا گېپىنى يۆتكەپ، — مەن بۇيرۇغان سودىلىقلارنى ئېپى - جېپى بىلەن قىلالىدىلىمۇ؟

— مانا، — دېدى روزىمەت خۇرجۇندىن ھەرخىل يىپەك يىپلارنى ئېلىپ، — بۇ داشقال رەڭ، بۇنىسى تۆگە رەڭ، بۇ بولسا ئۆزلىرى ئېيتقاندەك سۆسۈن رەڭ هى... هى... يەنە بۇنىمۇ...

روزىمەت قەغەزگە يۆگەلگەن بولاقنى ئايپاشانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ نېمە؟

— ناۋات، ئايپاشا، چوكا ناۋات، خۇددى ئۆزلىرىدەك ئاق بوغماق...

ئايپاشانىڭ شېرىن - لەززەتلىك خۇي - خۇلقىدىن مەست بول-



غان روزىمەت ئۈجمىلىك باغدىن چىققانچە لوك - لوك دەسسەپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى بېلىگە گۆھەر تېگىۋالغاندەك ئايپاشانىڭ بەرگەن قىيما كۆمىچىنى سىلاپ دۈي تەشكىلى ئالدىغا كېلىشى، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار روزىمەتنى گەپكە سېلىپ بىردەم - يېرىم دەم كۆڭۈل ئېچىشنى ئۆزىگە ئەمەلك قىلىۋالغاچقىمۇ ئۇنى كۆرگەن ھامان ئاغزى قىچىشىپ قالاتتى:

— ۋاي، ۋاي، — دېدى قىزىل كوس بىر دېھقان ھىيلىگەرلىك بىلەن كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — ئايپاشانىڭ كۈلكىسىلا بىر ھېيت - دە... كاككۇكمۇ ئۇنچىلىك كۈلەلمەيدۇ...

— شۇنداق، ئۆزىمىغۇ قىلىقى تاتلىق شۆللۈق خېنىم، هى... هى... هى... — دېدى روزىمەت تامىقىنى چاكىلدىتىپ.

— لېكىنزە پۇتى...

— هى... هى... هى... كىچىكىدە تاخلاپ ئويناپ يۈرۈپ ئۇشۇقى ئاتچىكلامغىلا سىدىكوت كېتىپتىكەن...

كىشىلەر قورساقلىرىنى تۇتۇپ بىرھازا پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— روزىمەت، ئۆزۈڭلار تۆگە مېڭىشىدا ماڭساڭلا، ئۇ سىلى بىلەن تەڭ ماڭالمايدۇ - دە...

— يوق نېمە، «تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ، ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ» دېگەن گەپ بار، ھازىر ئۇنىڭ مېڭىشى ئۆزلىشىپ كېتىپتىكەن، كەكلىك مېڭىشىدا ماڭىدۇ...

روزىمەت «خۇشال» كۈلكە - چۇقانلار ئىچىدە توپتىن ئايرىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆيلىرى بۇزۇلغان ۋەيرانە ھويلىسى، تارتىۋېلىنغان قالدۇرۇق يەرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، قايغۇ ئەل - پەل تۇرۇلدىيۇ، يۈتىسىدىكى تۈگۈنچەككە قولى تېگىپ كېتىشى بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

— هى... هى... هى... قىيما كۆمەچ، ئايپاشا بەرگەن كۆمەچ، مەززىلىك قىيما كۆمەچ...

※ ※

— خۇدايىم ھۆكۈمەتنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىمۇ، ئەقىل-ھوشى، ئىنساپ-تەۋپىق بىلەن بەرسۇنكەنلا، ئىنساپلىق ھۆكۈمەت دېگەن مانا ماۋۇ، — دەيتتى روزىمەت كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا توپلىشىۋالغان دېھقانلارغا ۋەز-نەسىھەت ئوقۇغاندەك، — مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلىپ خۇددى بولۇۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەكلا بولدى. دېھقانىنىڭ ئەمدى ئىشلىمىگىنىنى كۆر، ھى... ھى... ھى...

— ئۇنداقتا ھۈنەرنى تاشلايدىكەنمىز-دە، — دېدى شاپاق دوپپىلىق ياشقىنا يىگىت.

— يوقسۇ، ئوڭ قولىمىزدا دېھقانچىلىق، سول قولىمىزدا ھۈنەر. دادام رەھمەتلىكمۇ: «يەر كۆكەرتكەندىن ساۋاب ئىش يوق. شۇڭا، دېھقانغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دەيدىغان. ھېلىقى شامال يەپ، بوران كېكىرىدىغان يىللىرى دېھقانچىلىقنى خۇددى ئېغىز چىشىمنى سۇغۇرغاندەك ئامالسىز تاشلىغان بولسام، مانا ئەمدى قەنتىمنى چاقمىغىنىمنى خالايىق كۆرسۇن!

روزىمەت «خۇشال» مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلىپ تۇنجى يېلىلا قىلغان ۋەدىسىگە لايىق ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىگە تەگكەن بەش مو ئاق يەر ۋە ئۈچ مو شالىلىققا بىشچە شۇڭغۇپ كەتتى. ئۇنىڭ باشتاق، يالىڭاچلانغان يوغان گەۋدىسى يازلىق ھوسۇلنى يىغىپ بولغۇچە قاپقارا تاۋلىنىپ، بىلەكلىرى تومۇردەك چىڭىپ، كۆكرەكلىرى زاغرىلانداك پۇلتىيىپ چىقتى. ئۇ ئېشىنغان بۇغداي، مايلىق دانلىرىنى سېتىپ بىر ئېشەك ئالغاندىن تاشقىرى، ئىككى ئېغىز ئۆيىنىمۇ بىر چىرايلىق يېپىۋالدى. روزىمەت يېرىنىڭ قىرلىرىنى رۇس تارتىپ قوناق تېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىكى بىلەن جاڭگالدىن چىغ ئۆپلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ يېرى-



نىڭ ئەتراپىغا كۆچۈرۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئايپاشا ئېشىكىگە چىغ ئۆپلىرىنى ئارتىپ، ئۆزىمۇ تەرلەپ-تەپچىپ يۆدەپ كېلىۋاتقان روزىمەتنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر نوگاي سۇ ئېلىپ چىقتى.

— روزىمىتاخۇن، دۈمبىلىرىنى يېغىر قىلىپ ئۆزلىرىگە نېمە جاپا، — دېدى ئايپاشا سۇنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ، — ئۆتكەندە دېسە شەھەردىن چاچ بىلەن يۇڭ توشۇدىلا، ئەمدى دېسە چىغ...

— كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق خېنىم ھى... ھى... ھى... دېھقانچىلىقتىن قول سوۋۇغان كۈنلەردە ھۈنەر قىلىمىز، ئەڭ بولمىسا ئۆزلىرىگە ئوسما بىلەن خېنە پۇلى بولۇپ قالار، ھى... ھى... ھى...

— ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولسا مەيلىتىغۇ، تۇتمىسا بىكاردىن-بىكار...

— يوقسۇ، چىغ دېگەن بەكمۇ گول نېمە، كۈزدە بىرلا سۇ باشلاپ تولۇق ياتقۇزۇۋەتسەم، ئەتىيازلىقى كىرپىكلىرىدەك نەيزە تارتىپ چىقىرىۋېرىدۇ. ھى... ھى... ھى...

روزىمەت كۆزلۈك ھوسۇلنى يىغىشتۇرۇپ، ئايپاشاغا تويلۇقمۇ ئالماي، يېرىنى ئوغۇتلاش ئۈچۈن كۈنجۈرە ئالدى. بىرنەچچە كۈن ئايپاشامۇ كۈنجۈرە سوقۇش، يەرگە چېچىشقا ياردەملەشتى.

— كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، ھى... ھى... ھى... — دېدى روزىمەت يەرگە كۈنجۈرە چېچىۋاتقان ئايپاشاغا، — خۇدايىم ياخشى كۈنلەرنى بەرسە، كېلەر يىلى بۇغداي بىلەن شالنى يىغىشتۇرۇشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ دېسىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىغمۇ پۇل، ھى... ھى... ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى تاۋار-دۇردۇنغا ئوراپ، كىمنىڭ تويىكەن دېسە، ئايپاشانىڭ دېگۈدەك گۈل كەلتۈرىمىز...

※ ※

كېچىچە كىرپىك قاقماي، قاپاقلىرى ئۇخۇمدەك ئىششىپ چىققان ئايپاشا كۈننىڭ ئالىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. پەقەت خېلىل شۇجىنىڭ ناھىيىگە مىنىپ كىرىپ كەتكەن ئېتىنىڭ ھويلىدا كىشنىشى بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دادىسىدىن ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندا تۇيدۇرمايلا سىرتقا چىقتى.

روزىمەتنى ئۆيدىن تاپالمىغان ئايپاشا چېغىر يوللار بىلەن ئېتىزغا كەلگەندە، روزىمەت كۆپكۆك بىخلىنىپ چىقىۋاتقان چىغلارغا پايلىمىغاندەك چىغ تۇپلىرىنىڭ تۇۋىنى كولاۋاتاتتى ۋە تۇرۇپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ يېرىگە قارىغىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئايپاشا ئۇن - تىنسىزلا كەلدى - دە، پۇت ۋە قوللىرى بىلەن دۈۋىلەنگەن توپىلارنى كولانغان چوڭقۇرغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

ھەيران بولغان روزىمەت ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە غەلىتىلا ھىجايدى.

— ئۆكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىۋاتقىنىنى، بولدى، ئەمدى كولىمىسىلا، يەرلىرىنى ئىرىۋېرىدىغان بولدىلا... — دېدى ئايپاشا كەينىگە شاپپىدە ئۆرۈلۈپ.

— نېمە، نېمە؟ — ئورنىدىن سەكرەپ قوپقان روزىمەت ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى، — گەپنىڭ بىسمىللىسىنى دېگەندىن كېيىن سۈرىنىشىمۇ ئوقۇۋەتسىلە ئاق بوغماق، ھى... ھى... ھى...

— سىلىگە گەپ قىلىش ئەمەس، ھەتتا يۈزلىرىگىمۇ قارىماسمەن دەپتىم، — ئايپاشانىڭ تۇيۇقسىزلا كۆزلىرى ياشقا تولدى، — سىلى بادام دوپپىنى توپىغا تاشلىمىدىلا... مېنى... مېنى...



— ئويناشتىم دېدىم ئايپاشا، ئويناشتىم، ئويناشقانىمۇ كۆڭۈللىرىگە ئالامىلا، — دېدى روزىمەت ئايپاشانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، — ئۆزلىرىدەك ئاق بوغماقنىڭ دىلىنى رەنجىتىشكە ھەددىممۇ، ھى... ھى... ھى...

— بولدى، سىلىگە يەر بولسىلا بولىدۇ...

— ھاي، ھاي ئايپاشا، ئۇنداق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرمەي، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، — روزىمەت ئىتتىك كېتىۋاتقان ئايپاشانىڭ تولغان بىلەكلىرىنى ئۇشلىدى - دە، خۇددى قولىنى ئوتقا تەگكۈزۈۋالغاندەك دەرھال قويۇۋېتىپ، بارماق ئۇچلىرىنى كۆڭلىكىگە سۈۋۈدى.

— ھى... ھى... ھى...

— قېلىن... — ئايپاشا تەتۈر قاراپ ئاچچىقى بىلەن سۆزلەيتتى، — ئەمىسە يەرلىرىنى ئىرىۋەرسىلە، بەش يىللىق مۇقىمدايتۇ، چۈشتىن كېيىن ئەزالارغا ئوقتۇرماقچى...

— ئاغزىلىرىغا مۇشتەك ياغ خېنىم ئايپاشا... ھاي، ھاي بوغماق خېنىم... ئاق ئۆجمىنىڭ بودىكى خېنىم... توختىسىلا دەيمەن ئاق ناۋات...

ئايپاشا قارايمۇ قويماي قىر ياقىلاپ كېتىپ قالدى.

※ ※

تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقى كەتمەستىنلا ئېتىز يوللىرى قىغ يۆتكەۋاتقان ئەزالار بىلەن تولدى. ئۇلار خۇشال ۋارقىرىشاتتى، ناخشا توۋلايتتى. بۇ چۇقان - سۈرەنگە ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى قوشۇلۇپ «بەشبولاق» كەنتى خۇددى قوماچ قورۇغاندەك بولۇپ كەتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە قۇۋۋەتلىك ئوغۇتلىرىنى بەس - بەس بىلەن ئېتىزلارغا يۆتكىمەكتە ئىدى.

بىزنىڭ روزىمەت «خۇشال»، مۇ ئېشىكنى يېتىلەپ ئېتىزغا ماڭدى. ئۇ قولىقىنى تۇتۇۋېلىپ بار ئاۋازى بىلەن ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

كۆردۈڭلارمۇ خالايىق،
دەريا سۈيىنىڭ تاشقىنىنى،
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىنىنى...

روزىمەتنىڭ ناخشىسىنى بۇك بولجاللىقتىن كەلگەن «كاككۇك» ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى. يۈرىكى توسۇن ئاتتەك ئويناقلاپ كەتكەن روزىمەتمۇ «زەينەپ» دەپ ۋارقىراپ قويۇشىغا، قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايپاشامۇ ئەۋرىشىم چوكان تاللار ئىچىدە كۆرۈندى...

— ياللا كۆڭلى نازۇك خېنىم، ئەمىسە كاككۇك بىلەن زەينەپتەك يۈرۈۋەرمەيلى، بىزمۇ پاتراق تۈڭلۈكتىن ئاي كۆرسەك بولاتتى...

ئايپاشانىڭ ئۈششاق مۇدۇرچاقلار داغ پەيدا قىلغان ناۋات رەڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تىپىچەكلەپ كەتتى..

— ۋاي ئانىكام، نېمە دەۋاتىدىلا روزىمىتاخۇن، كۆڭلۈمنى ئەجەب پاراكەندە قىلىۋەتتىلە...

— مۇھەببەت قىلدىم ئايپاشا، مۇھەببەت، ھى...ھى... ھى... ئۆزلىرى مىنەپتە كۈنلىرى دوپپا تىكىدىلا، مەن ئېتىزدا كار قىلىمەن، ئازنە كۈنلىرى ئۆزلىرىنى قارا تەخەيگە مىندۈرۈپ شەھەر ئوينىتىمەن، جۈمە نامىزىنى جەمەدە ئۆتەيمىز، ھى... ھى... ھى...

روزىمەتنىڭ ئېيتقانلىرى مىلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئەر - خو-



تۇنلۇق تۇرمۇش لەززىتىدەك، ئايپاشانىڭ پۈتۈن تېنى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالغان چىرايلىق بادام دوپپىسىنى روزىمەتكە تەڭلىدى...

— بۇنى... بۇنى... ئۆزلىرىگە...

— قېنى بىسمىللا دەپ ئۆز قوللىرى بىلەن بىر كىيگۈزۈپ قويسىلا! ھەببەللى، خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرسۇن!...

ئايپاشا دوپپىنى گەۋدىلىك روزىمەتكە كىيگۈزۈۋاتقاندا روزىمەتنىڭ قويىنىغا ئاق بېلىق كىرىپ قالغاندەك يۈرىكى تىپىرلاپ كەتتى - دە، تۇيۇقسىزلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى...

— ۋاي ئانىكام، ماۋۇ گادايىنىڭ قىلىقىنى...

ئانار گۈلىدەك ھۇپپىدە قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنى سىمابتەك جىمىرلاپ كەتكەن ئايپاشا قۇلاقلىرىنى تۇتتى... كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن روزىمەتمۇ ھەممە چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى، چۈنكى ئۇنىڭ كالپۇكلىرىغا ئاسلاندەك قاچقان ئايپاشانىڭ قۇلاقلىرى نېسىپ بولغانىدى...

— ھى... ھى... ھى... — روزىمەت كالپۇكلىرىنى سىلىغاچ خىرقىراپ كۈلۈۋەردى.

— ئايدىڭدا قېتىق ئىچكەن گاچىدەك كۈلۈپ كەتكىنىنى...

— شۇنداق خېنىم، ئايدىڭدىكى ئاينى قوينۇمدا كۆردۈم دېسىلە، ھى... ھى... ھى... خى... خى... خى...

روزىمەت ئېگىكىنى تۇتۇپ، بېشىنى توختىماي چايقاپ كۈلۈۋېرىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئايپاشا ئۇزاپ كەتكەنىدى.

— ھاي ئايپاشا خېنىم، ئويناشتىم - ھە، ئويناشتىم، ئويناشقاننى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— روزىمىتاخۇن، — دېدى ئايپاشا قولىنى كاناي قىلىپ، — ئىشتىن قايتىپ دارا بىزنىڭكىگە كەلسىلە، ئۆزلىرىگە چۆچۈرە تۈگۈپ قويدۇم...

— پاھ... پاھ... بۇ خېنىمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئۇزلۇ-
قىنى! لېكىن قۇلىقىغا... — روزىمەت يەنە پىخىلداپ كۈلۈپ
كەتتى، — مەيلى نېمە قوق، روزىمەت «خۇشال» ئۈچۈن
ئاپپاشانىڭ قولىقىمۇ، لېۋىمۇ ئوخشاشلا تاتلىق .ھى... ھى...
ھى...

روزىمەت «خۇشال» ئېشىكىنى ھەيدەپ ئېتىزغا قىغ يۆت-
كەپ، قىغ چېچىپ يۈرگەن سەھەردە ئاشۇ بىر خىل ئاھاڭدىكى
ناخشا ئۈزۈلمەي ئېيتىلىۋاتاتتى:

جېنىمغىنا ئاپپاشا،
ئوينىۋالايلى كەل تاشا...
ئالدىمىزدا تاماشا...



## مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم

يېرىم كۈنلۈك ئېغىر سەپەردىن كېيىن ئاپئاق توپا-چاڭغا
يۇركەنگەن تراكتور يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا توختىدى. مەن
ئۇگە-ئۇگىلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك ئارانلا يەرگە چۈشتۈم-
دە، ئاستاغىنە غوڭشىپ قويدۇم:

— ۋۇي كاساپەت، دېھقانلار بىكارغا «سۇ قايناق» دېمەپ-
تىكەن-دە. مېڭەم چاراسلاپ، قۇلاقلىرىم ۋاڭشىپ كەتتى.

— خوش ئاكا، — دېدى تراكتورچى بالا شاپاق دوپپىسى-
نى پۇلاڭلىتىپ، — چوڭ شەھەرلەردە بۇنداق غەلۋىخور جاند-
ۋارغا چۈشمىگەن بولغىيتتىڭىز، ئەمدى «يىلانلىق» نى ھەرگىز
ئۇنتۇمايدىغان بولىسىز...

تراكتورچى ئۆزىنىڭ «غەلۋىخور» ى بىلەن تەڭلا پاراقلاپ
كۈلۈپ يولغا چۈشتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە
مەھەللىگە نەزەر تاشلىدىم. دەرۋەقە بۇرۇنقى «يىلانلىق» تىن
يىگىنە كۆزىدەكمۇ ئەسەر تېپىلمايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇز
ۋاقتىدا بۇ يەرلەرنى ئەگرى-بۈگرى يارلىقلار، قېلىن ئۆسكەن
بۈيا، چىغىر تماقلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەردىن
سىزىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرى، ياۋا ئۆردەك، يىكەن توخۇ-
لىرى چاڭىلداپ سايراپ تۇرغان سازلىقلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.
ئەمدىلىكتە بولسا ئىلمىيتەك تارتىلغان يول بويلاپ سېلىنغان
ئىدارە-جەمئىيەتلەر، دۇكانلار يېشىل كىمخاپ ئىچىدىكى ياش
كېلىنلەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تال بوستانلىق قورۇسىغا كىر-
رىپ ھايال بولمايلا يېزا باشلىقى بىلەن پارتكوم شۇجىسىنى

تاپتىم. ئۇ بىر ياش يىگىت بىلەن تال پۇتاۋاتقانىكەن. شۇجى مېنىڭ تەڭلىگەن تونۇشتۇرۇشۇمنى قولىغا ئالماي تۇرۇپلا كۈلۈپ قويدى:

— بولدى، ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرمىسىڭىزمۇ ماڭا تېلېفون بېرىشكەن. سىز ئامۇتلۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ماتېرىيالىنى يېزىش ئۈچۈن كەلگەن مۇخبىرغۇ دەيمەن، ھىم... — شۇجى توغ چاپلىشىپ قالغان بادام دوپپىسىنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ، كۆڭلىكىنى ياقىسىدىن سىلكىپ قويدى، — يۈرۈڭ ئىشخانىغا كىرەيلى.

— ئامۇتلۇقتا بۇرۇن مۇئەللىم بولغان سىيىت دېگەن بىر كىشى ھازىرمۇ بارمۇ؟ — دېدىم مەن ئوچۇق دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تال بوستانلىقتىكى ئۈزۈملەرگە زوقلانغىنىمچە.

— سىيىت؟ سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟

مەن ھامۇت شۇجىغا بالىلىق تارىخىمنى سۆزلەپ بېرىشىم بىلەن ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— بەللى، ئايۇپ كۆنچىنىڭ بالىسىمەن دەڭلا، — بۇ گەپچە كونا ئۇستازىڭىزنى ئۇنتۇيالماپسىز-دە، ياخشى، ناھايىتى ياخشى. ئۇ ھازىر ئامۇتلۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى.

— مۇدىرى؟ — مەن ھەيران بولغىنىمدىن ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە، ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ توغرا، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشى ئەلۋەتتە ئىشەنمەيدۇ. مانا مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەمەسمىدىم.

— سىزمۇ بۇ گەپچە بىزگە مەكتەپ ئېچىپ بەرگەن ھامۇت ئاكا ئىكەنسىز-دە؟

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ھامۇت ئاكا سىيىتنىڭ ئادەتتىكى بىر تالىپلىقتىن مۇدىر بولغانغا قەدەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى قىسقىغىنە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.



— ئۇنى، — دېدى ھامۇت جىددىي قىلىپ، — تەشكىل ئورۇمچى، ۋىلايەتلەردە ئېچىلغان كۇرسلارغا بىرنەچچە قېتىم ئەۋەتتى. مانا ھازىر ئۇ ئىستىبداتلىق بىر كىشى بولۇپ قالدى.

شۇجى گويا مېنىڭ چىرايىمدىن ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ياش يىگىتنى ئات توقۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگە بولغان ئامۇتلۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى، راستىنى ئېيتقاندا بالىلىق خاتىرىلىرىم تېخىچە كۆڭلۈمدىن ئۆچۈپ كەتمىگەن مېھرى ئوتلۇق يەرلەرنى، ئاغزىمغا ئىلىم سالغان سىيىت مۇئەللىمنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان ئىلكىدە تاقەتسىزلەندۈرمەكتە.

※ ※

يولغا چىققىنىم بىلەن ئېتىم يەر چاپچىپ قاتتىق كىشنىۋەتتى. بولۇق زىرائەتلەر، ئاقىرىپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرى، پەغەزلەردىكى گۇگۇلاپ ئۆز جۈپتىگە قانات سۆرەۋاتقان كەپتەرلەر، ئاخىرقى چەشلەرنى تېپىۋاتقان دېھقاننىڭ مۇڭلۇق «لاي - لاي»لىرى يۈرەك تارلىرىمنى تىترىتىپ بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى.

شۇنداق، بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى دادام ئۆزىنىڭ ئەسكى - تۈسكىلىرى ئارتىلغان ئېشىكىنىڭ ئۈستىگە مېنى چوقچايتىپ ئولتۇرغۇزۇپ مۇشۇ يوللاردىن ئەكەتكەنىدى. شۇ چاغلاردىكى يېزام ھېلىمۇ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قەلبىمدە سىزىقلىق تۇرۇپتۇ...

شاخ - شۇمبىلار جىجىۋەتكەن پاكار سوقما تاملار، قىڭغىر - قىيسىق ۋادەكلىك ئۆيلەر، يوللارغا سايە تاشلاپ، شېرىن ھىدلىرى بىلەن كىشىنى مەست قىلىدىغان مېۋىلىرى، كېچىلىرى «بولۇڭ» قىلىپ ئېتىلىدىغان كۆكچى قوغۇنلىرى، ھەر خىل ئا-

ۋازلارغا باي قاراڭغۇ باغلىرى، سۇيى قىرغاقلىرىدىن ئېشىپ ئاقىدىغان ئېرىقلىرى، ھەتتا سۈزۈك ئاسمىنىدىن ھالسىز ئاڭلىنىدىغان قېرى مەزىنىنىڭ سوزۇق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن خىيالىي جەننەتتەك يېيىلىپ ياتقان بۇ چۆل كەنت مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم ئامۇتلۇق ئىدى.

مېنىڭ تۇنجى ساۋاتىمنى مۇشۇ يەردە چىققان. مېنى ئوقۇتقان سىيىت مۇئەللىم توغرىسىدىكى خاتىرە تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى گەرچە بىر يىللا ئوقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن باللىق گۈدەك قەلبىمگە ئۈنچە - مارجان چاچقان ئۇ چاغلارنى ھېلىھەم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن...

ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ئېيتىشىچە، سىيىت بىر يېشىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئۇنى ئامۇتلۇقتىكى يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بۇۋىسى بېقىۋالغانىكەن. بۇۋىسى ئۆزىنىڭ تەنھا ھاياتىنى «يەتتە قىزلىرىم» مازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىڭغىيىپ قالغان كىچىككىنە ئۆيدە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۆيىدىن شامۇ سەھەرلەردە ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان مۇڭلۇق ئۆلىيالار غەزەللىرى بۇ قەدىمكى مازارنى تېخىمۇ سۈكۈتكە چۆمدۈرەتتى، مازارغا تاۋاپ قىلغۇچىلار، بالا تىلەيدىغان تۇغماس ئاياللار، ھەتتا سەن - پەن دېيىشىپ، دۈشمىنىگە بالا - قازا تىلەپ شاخ يېرىيدىغانلارمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

بۇۋىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سىيىتنى ئۆزى ئوقۇتتى. سىيىت داۋاملىق ئۆيى ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، توختىماي لىڭشىپ بىر نېمىلەرنى ئۈنلۈك يادلايتتى، يازاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ زېھنى گالراقمۇ نېمە، يىگىرمە يېشىغىچە ئارانلا ھەپتىيەكنى تۈگىتەلىگەن. بىراق، مەشرەپ، نەۋائىي، سۇپى ئاللايار غەزەللىرىنى مۇڭلۇق ئېيتىش بىلەن مەۋلۇت ئوقۇش ۋە مېيىت نامازلىرىدا ئۇ خۇددى بۇۋىسىدەكلا كۆزگە چېلىقىپ قالدى. شۇڭا، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر -



چىراغلاردىن ئايقىن - تەرگىمىنى بۇۋىسىنىڭ ئالدىغا قوياتتى. ھەتتا بەزىدە ئۆز ئايىغىدىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە گۆش، ئۆپكە - ئىشكامبۇللار كېلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا سىيىت بۇۋىسىگە ياردەملىشىپ ئۆپكە قوياتتى. خۇددى ئىككى ئۆپىنىڭ قۇرۇقتۇلۇقى بىر ئۆيگە ئاش بولغاندەك، بۇ ئانا - بالا تۇرمۇشنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەن.

بۇۋىسى ئازادلىق ھارپىسىدا ئۆلۈپ كەتكەندە، تىكەندەك يالغۇز قالغان سىيىت بىر زامان ئاڭگىراپ يۈرۈپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ بىردە قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان، بىردە ئوتۇن يېرىۋاتقان ھالدا ئۇچرايتتى. سىيىت بىر - ئىككى يىل ئىچىدىلا تۇزلۇق قاپىقىنى كۆرمىگەن بىرمۇ ئۆي قالمىدى. شۇڭا، ھويلا ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلسا، ئۆيدە ئولتۇرغانلار گۇمانسىزلا «سىيىت بۇ ياققا كىر» دەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۇتتۇرلا دەلىزگە كىرىپ ئالىما داستىخاننى دۈمبىسىگە تاشلاپ قاپاقنى يۇدۇپ ماڭاتتى ياكى ئېغىلغا كىرگەنچە ئۇلاغلارنى يېتىلەپ چىقاتتى ۋە ھېجايغىنىچە چۈشەندۈرۈپ كېتەتتى:

— ئۇلاغ بىر قېتىم ئېغىنىسا بىر ئىلىك ئەت قونىدۇ، جانىۋارنىڭ ئۆزىمۇ يېنىكلەپ قالىدۇ.

سىيىت ئۇلاغنىڭ ئېغىناۋاتقانلىقىغا ھەۋەس بىلەن قارىغاچ ئۆزىنىڭمۇ دۈمبىلىرى بىللە قىچىشىۋاتقاندەك، خام كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە بىللە تولغىناتتى.

بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قايسى يىلىكىن بىر نەچچە بىكار تەلەپ دەيدەيچىلەر تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن سىيىتنى زورمۇزور ئۇرۇشقا سېلىپ قويدى. ئۆمرىدە قولىنى بىرىگە كۆتۈرۈپ باقمىغان سىيىت نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاۋۋال ھېجايدى، كېيىن غوڭشىپ قويدى:

— ئەمىسە، باشقا ئۇرۇش يوق. ئوغۇل بالا بولساڭ باشقا ئۇرما.

توپ ئىچىدە كۆلكە ـ مەسخىرىلەر كۆتۈرۈلدى.

مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ سىيىتقا كۆپ سەپسالاتتىم. لېكىن، قارىغانسېرى ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان قاما جىيەكلىك سەللە تۆپىسىنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تالىما پوتا باغلىۋالغان يەكتەكمۇ كۆلگە پۇچىلىغاندەك كىر ۋە مەينەت ئىدى. ئوشۇقتىن بوغۇۋالغان كونا قونچلۇق چورۇقىنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئۇنىڭ شورلۇقتا ئۈنگەن قوناقتەك شالاڭ، ئۇزۇن تۈكلەر تولغىشىپ تۇرغان ئېڭىكىگە قاراپ تۇراتتى. سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى بولسا «ھەممىگە ئىشىنىمەن» دېگەندەك سادda، مۇلايىم مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئېيۇپكا، — دېدى بىر كۈنى سىيىت ھويلىغا كىرگەنچە دادامغا ھىجىيىپ، — تېرە داسلاۋاتامسەن، يائاللا، سېنىڭ مۇشۇ كۆنچىلىك ھۈنىرىڭ تىرىك ھۈنەر جۇمۇ، سۇدەكلا ئاقىدىغۇ دەيمەن؟

— سېسىقچىلىقىدىن قاچمىساڭ ھەرھالدا بولىدۇ.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ، جان باقماق پەرز، قېنى ئەسۋابتىن بىرنى ئۇزات، مەنمۇ ياندىشاي.

— ئاۋايلا، تېرىدىن كۆز ئېچىپ قويما يەنە، كۆرسى چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى دادام ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— ئەنسىرىمە، قىلنى قىرىق ياردىغان چېچەن يىگىتلەر بىز، ھى... ھى... ھى...

مەن ئۇنىڭ مىلىشلاپ، قاڭسىق پۇراپ تۇرغان تېرىنى يىرگىنمەي، ئالىقانلىرىدا مۇجۇشىغا، داسلاشلىرىغا قاراپ ھەيران بولاتتىم. چۈنكى، مەن دادامغا ياردەملەشكەچكە ئارپا خېمىر تۇرۇچنىڭ ئېچىغان ھىدى، ئاشلانغان تېرىنىڭ كۆڭگۈلنى غەش قىلىدىغان سېسىق بۇسى ماڭا سىڭىپ قالغاچقىمۇ، باللار مېنى «سېسىق كۆنچى» دەپ ئارىغا ئانچە ئالمايتتى.



— سىيىت، — دېدى دادام بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، — بۇنداق ھېلىم دېۋانىدەك يۈرۈۋەرمەي، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالساڭ بولاتتى. يىشىڭمۇ يىگىرمىدىن ئاشتى. ئەمدى بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىرىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

— ھى... ھى... ھى... — كۈلۈپ كەتتى سىيىت گەدىنىنى قاشلاپ، — ھەممىنى ئوخشىتىدىغىنى دۇمبىسى قىزىل سەللىياخۇن... «يانچۇقۇمدا بىر پۇل يوق، ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا» دەپ شىلتىڭ ئاتقىنىم بىلەن كىشىلەر ئارقامدىن كۈلمەمدۇ؟ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ تۆت تەڭگىلىك بولۇپ قالسامغۇ شاق - شۇقلا، ئەپلەپ ـ سەپلەپ، پاخما باشتىن بىرنى ئەكىرىۋالغىلى بولاتتى...

— كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ دەپ يۈرمەي بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇت. ئاڭلىسام ھامۇتنىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغىمۇ كىرمىگەن ئوخشايسەن.

بۇۋىمدىن ئۆپكە قويۇش بىلەن كونا قازناقتىن باشقىسى مىراس قالمىغان سىيىت بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ھېچ قاملاشتۇرالمىدى.

بىر كۈنى كەنت دۇكىنى ئالدىدا قۇرۇق پاراڭ سوقۇۋاتقان بىرنەچچە ياشلار ئۇنى كولدۇرلاتقىلى باشلىدى. سىيىت ئۆزىمۇ گولراق، ياغاچتەك تۈز كەتكەن ئادەم بولغاچقا كىشىلەرنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشەتتى.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى بىر يىگىت قاپقارا مەيدىسىنى ئاتىلاپ، — ئۆتكەندىكى ۋاقپىدا بولغان ئىت تالاشتۇرۇشنى كۆرگەنسەن؟ قىرىق تەڭگىلىك بىر ئىت تۆت يۈز تەڭگىلىك بىر ئىتنى تالىۋېتىپ شۇ ھامان باھاسى تۆت يۈز تەڭگىگە چىقتى. بىرەر ئىتنى ئېلىپ بىر ـ ئىككى ئاي راسا باق، ئۆپكىنى خامسۇق پىشۇرۇپ بەر، كۆكەسنى ئۆۋۈلاپ تۇر. مانا شۇ چاغدا

ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىمىگەنلىكىنى كۆر.

— توغرا، — دېدى يەنە بىر ساقاللىق يىگىت سېيىتنى قىزىقتۇرۇپ، — ئىتنىڭ سورۇنغا كىرگەن ھامان كۆكەس بەلەن بىر ئۇرۇپ يىقىتىدۇ - دە، ئارقا تاپىدىن ياكى يېتىم قوۋۇرغىسىدىن بىر ئېلىۋالغانچە مەگىزىنى يېكىتىۋالىدۇ. ئىت دېگەننى كونا تەلپەكنى گۆپشىگەندەك سىلكىگىلى تۇرسا ۋاي... ۋاي... ئۇ چاغدا قارىغۇمۇ خېرىدار بولىدۇ...

ئوت تەڭگىلىك بولۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن سېيىت بازاردىن ئالدىمۇ ياكى كوچىدىن تېپىۋالدىمۇ، بىر قۇلىقى يوق، تۆكلۈك ئىتتىن بىرنى ئۆيى ئالدىدىكى ئۈجمىگە باغلاپ قويدى. ئۇ ئىتنى ئۆزى يېمىگەننى يېگۈزۈپ، ئاسراپ باقتى. كۆكرەك، ئالدى پۇتلىرىنى ئۇۋۇزلاپ بەردى. ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ كىردى. سېيىت بىر چاغلاردا ئۇرۇشۇپ قالغاندا ھىجايغاندەك ئىتمۇ ھەممە چىشىنى كۆرسىتىپ خىرقىرىدى - دە، ھاۋشىپ سالدى[1]. مەيداندا مەسخىرىلىك كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى.

— سېيىت قارى، ئىتىڭ «باشقا ئۇرۇش يوق» دەۋاتامدۇ نېمە؟ ھا... ھە... ھا...

سېيىت ئىتىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئەمدىلا چۈشەندۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىت «پارتلا» قىلىپ سورۇندىن قېچىپ كەتتى. ئېغىر زەنجىرنى كۆتۈرۈپ ئىككى كۈنگىچە ئىزدەپ مادارى قالمىغان سېيىت ئاخىر ھېرىپ - ئېچىپ كەنت دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن، يىغىلىپ قالغان بىر مۇنچە يىگىتلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— ھەي گالۋاڭ، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى تاپالماپسەن،

① رەسمىي تالىشىدىغان ئىت سورۇنغا كىرگەندە ئانچە خىرقىرىمايدۇ ۋە كۆپ ھاۋشىمايدۇ.



بىر دەپچە تەۋە مادا كەپتەر ئالغىن - دە، باققىن، مادا كەپتەر بىر ئۇۋا باستۇرغاندىن كېيىن، ھەممىنى قويۇۋېتىپ باشقىلارنىڭ كەپتىرىگە قوشۇلمىغۇچە پەغەزگە قوندۇرما، مانا شۇ چاغدىلا كەپتەرلىرىڭ تەڭگە - تەڭگە كۆپىيىپ كەلمىسە قۇلىقىمنى كېسىپ بېرەي...

— شۇ، شۇ، بازارغا تەكىرسەڭ پالانچى تەڭگە... تېخى ساتقىنىڭ بىلەنمۇ ھەپتە ئۆتمەي يەنە قايتىپ كېلىدۇ...

سېيىت ئۇششاق - چۈششەكلىرىنى، ھەتتا بىر ياز ئەجىر تارتىپ قۇرۇتۇپ قويغان ۋاسالغۇنىمۇ سېتىپ كەپتەر ئالدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي جېنى ئاقىلداپ كەتكەن سېيىت كەپتەرلىرىنى قويۇپ بەردى. كەپتەرلەر بۆك ياپقۇلىقلار ئۈستىدىن ئىككى ئايلاندى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. خادا تاياقنى چىڭ سىقىمدىۋالغان سېيىت پەغەزگە قارىغانچە ئۆگزىدە بىر كۈن كەچكىچە ئاسمانباقتى بولۇپ ئولتۇردى. لېكىن، ئۇنى باشا - كۆمۈتىلار چاقسا چاقتىكى كەپتەرلەر قايتىپ كەلمىدى.

بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھامۇت ئاچچىقلاپ قالدى. ئۇ گۇرۇپپا يىغىنىدا سېيىتقا خېلىلا قاتتىق تەگدى.

— تاپقان - تەرگىنىڭنى بىرنى قاچۇرۇپ، بىرنى ئۇچۇرۇۋەتكۈچە كېلىنگە يېمەك ياكى ئۇچاڭغا كىيمەك بولمامدۇ، كىم «ھوپ» دېسە سەكرەيدىغان گۇرۇپپىمىزنىڭ قاشقا تېيى بولمىساڭ سەن! — ھامۇتنىڭ سۆزىدىن دېھقانلار پاراقلىشىپ كۈلۈشتى.

ئەمدى... ئەمدى... ئادىمى شەيتان... شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە كىرىپ...

— ئاغىنىلەر، بۇنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويىۋەرمەڭلار، — دېدى ھامۇت خىجالەتچىلىك ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سېيىتنى كۆرسىتىپ، — قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش

بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلىشتىن ئۇيالمامسىلەر؟ قاشقا تايىنىڭ دۈمبىسىگە «ھوپ» دەپلا بىرنى ئۇرۇپ سەكرەتكىلى بولغان بىلەن بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

سېيىت قارى مانا شۇنىڭدىن باشلاپ «ھوپ» دېگەن لەقەم بىلەن چاقىرىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە بۇ يېڭى ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ھىجىيىپ قوياتتى، كېيىنچە ئۆزىمۇ كۆنۈپ قالدى.

— ھوپ سېيىت، ئۆي سىلىۋاتاتتىم، ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرسەڭچۇ...

— ھوپ سېيىت، ئەتە جامائەت بامداتتىن يانغاندا بىزنىڭكىگە يولۇقۇپ ئۆتە، نەزىر ئۆتكۈزمەكچى...

سېيىت ھامۇتنىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن كونا ھۈنىرى نەزىر ـ چىراغ، ئۆلۈم ـ يېتىم مەرىكىلىرىدىن زادىلا قالمايدىغان بولدى. ئۇ كوچىلاردىن ئالدىراپ ئۆتكىنىدەك تەقۋادار سوپۇملاردەك تۆگىمەس غەزىلىنى غىڭشىپ ماڭاتتى:

نەمەنگەن شەھىرىدىن چىقسام، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
نېرىبىلىق چۆلىدە ئۆلسەم، ماڭا يىغلار كىشىم بارمۇ؟

※ ※

بارائەتنىڭ ھارپا كۈنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۆيمۇ ئۆي ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرىتىپ قويماق سېلىش باشلىنىپ كەتتى. كىشىلەر تۈنەك كېچىسىنى ئۆيدە ياكى قەبرىستانلىقتا ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى. تۈنەك ئاخشىمى دادام ئۆزى سالغان قويماقنى داستىخانغا ئوراپ، مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭدى، چۈنكى ھەر يىلى دادام



بارائەت كېچىسىنى ئانامنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۈنەپ ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغاچقا ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن ئۆيدىن چىقاتتى.

قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن باغلار ئۆزىنىڭ كېچىدىكى خۇش پۇراق سالقىن نەپەسىنى تاملارنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىپ تۇراتتى. مەن دادام بىلەن «يەتتە قىزلىرىم» مازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەتراپ ـ تەرەپتە گۈلخانلار يېقىلغان، قەبرە تەكچىسىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقانلار، ئۇزۇن زامانلار قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقنى كۆز يېشىدىن نەمدەۋاتقانلارنىڭ يىغىسى ۋە قەبرىلەر ئارا كېلىۋاتقان سوزۇق ـ مىسكىن قىرائەت ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قەبرىستانلىق چېچەكلىك بولۇپ كەتكەندى.

دادام قولىدىكى قويماقنى سېيىتقا دۇئا قىلدۇرغاندىن كېيىن، ماڭا تونۇش بولۇپ قالغان قەبرە يېنىغا يۈكۈندى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ئۇششاق سۈرىلەرنى ئىچىدە توختىماي تەكرارلايتتى ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن جىمىپ كېتەتتى. مەن بۇلارغا قارىغاندا سېيىتنىڭ قەبرىلەر ئار زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ئېيتىۋاتقان غەزەللىرىنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ ئىككى قۇلىقىنى ئالىقانلىرىدا توسۇۋېلىپ گويا ئاغزىغا ئېلىم سالغان بوۋىسىنىڭ ياكى ئۆزىگە نامەلۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىنى چاقىرغاندەك تولىمۇ مۇڭلۇق ئېيتاتتى:

كۆرسەت جامالىڭ مەستانىلەرگە،
ئىشقىڭدا كۆيگەن پەرۋانىلەرگە...

دادامنىڭ مېنى بېقىنىغا قىسىپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ، مۈرىلىرى سىلكىنىپ كەتتى... مەن ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىغىنىمدا ئاينىڭ سۈزۈك، كۆكۈچ نۇرىدا ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتاتتى...

ئەي باغرى قاتتىق رەھىم ئەيلىمەيسەن،
قىلغىن نازارە بىچارىلەرگە...

دادام ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ، ئۇزاق يىغلىدى. مېنىڭ پۇتلىرىم كۆيۈشۈپ ئانامنىڭ قەبرىسىگە موكلا چۈشتۈم-دە، تۆگىلۈپلا يۈزلىرىمنى توپىغا ياقتىم ۋە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتقان ئۇيقۇ تومانلىرى ئىچىدە خىيال يىپلىرىمنىڭ ئۇچىنى تاپالمايتتىم. دادام ۋاقىتسىز تاشلاپ كەتكەن باغرى قاتتىق ئانامغا يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئانامنى بىمەھەل خازان قىلغان خۇدايىمغا يىغلاۋاتامدۇ؟ بۇنى چۈشىنەلمەيتتىم. پەقەت سېيىتنىڭ: ئېھ ئىنى، دادىڭ سەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتىدۇ...» دېگەن سۆزلىرى مېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىمنى سىقىپ ئاغرىتاتتى.

مەن سەھەر شامىلىنىڭ دولامنى قورۇغانلىقىدىنمۇ ياكى يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتقان تولىمۇ مۇڭلۇق غەزەلنىڭ سېھرىي كۈچىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئويغىنىپ كەتتىم...

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار، مەگەرچە ئاسمان بولساڭ،
ئۆلەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ،
قومۇشنى كۆرمىدىڭمۇ باش چىقاردى بورىيا[1] بولدى،
ئۈزۈمنى كۆرمىدىڭمۇ يەردە ياتتى تۇتىيا بولدى.
ئايا دوستلار...
ھۆۋەيدا ئېيتىدۇ يىغلاپ،
بارچىگە ئۆلۈم ھەقدۇر...

ئەتىسىدىن باشلاپ كىشىلەر بەكمۇ مۇلايىم، سەۋرچان بو-

① بورىيا — بورا.



لۇپ قالاتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئېگىلىپ سالام بېرىشەتتى. سېيىتمۇ ھەممە ئۆيىنى دېگۈدەك پەتلەپ چىقاتتى ۋە دىنىغا ياقمىغان ئىشلارنى كۆرگەن ھامان «ھوي ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە يامان بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

بارائەتتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھاموت سېيىتنى ئىزدەپ ئۇنىڭ مازارلىقتىكى يالغۇز ئۆيىگە كەلدى. مورا ئالدىدا ئوت پۈۋلەپ كۆزلىرى ياشاڭغىراپ كەتكەن سېيىت ھاموتنى كۆرۈش بىلەن يېڭىدە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كەلسىلە، ھاموتكا، يۇقىرى ئۆتسىلە، ھەي، پېقىرنىڭ غەمخانىسى... — سېيىت سارغىيىپ تۈكلىرى كۆيۈپ كەتكەن ئۆچكە تېرىسىنى ئالدىغا سۇرۇپ قويدى. دەرۋەقە يىل بويى ئوچاق كۈلۈڭگىدىن نېرى كەتمەيدىغان تېرە، يامالغان تۇزلۇق قاپاق، بۇۋىمدىن قالغان كونا مىس قازان ۋە ئويۇقتىكى تىتىلىپ، كىرلىشىپ ئۆز قىياپىتىنى يوقاتقان بىرنەچچە كونا كىتاب بۇ قاراڭغۇ قازناقنىڭ كونا خوجايىنلىرىدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ھاموت ئىسلىنىشىپ قارىداپ كەتكەن تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان بورا قومۇشلىرىغا، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ ئېسىلىپ تۇرغان تورلاردا «دار ئويۇنى» ئويناۋاتقان ئۆمۈچۈكلەرگە نەزەر تاشلىدى-دە، ئېغىر تىنىپ قويدى.

— قېنى سېيىت، سەنمۇ ئولتۇر، سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

— قۇلىقىم سىلىدە، — سېيىت يەكتىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزىغا باستۇرۇپ، خۇددى قىرائەت قىلىدىغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بىرەر ئىش تاپشۇرسام ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟

— نېمە دېگەنلىرى ھاموتكا، قىلنى قىرىق يارىدىغان،

ئۇلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۆيىدىغان سەگەك يىگىتلەردىن بىز...
ھى... ھى... — سىيىت پىخىلداپ كۈلگىنىچە قوشۇپ قويدى — بىزدىن ھېچقانداق ھۈنەرمۇ قېچىپ قۇتۇلغان ئەمەس.

— قانداق ھۈنەر؟

— تەمسىلانە ئالغاندا تېرە ئىشلەيمەن، ئۆپكە قويالايمەن، قۇيغاندىمۇ تاشتەك قۇيىمەن... قىزىلگۈلدەك ھۈنىرىم بار دېسىلە...

ھامۇت يوتىسىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆيۈقتىكى توپا بېسىپ كەتكەن بىرنەچچە كونا كىتاب ۋە قومۇش قەلەمگە نەزەر تاشلىدى.

— گەپىڭىز پوسكاللىسىنى دېسەم خەتنى توغرا ۋە ئوز يازالامسەن؟

— چىقمۇيتىمىز...

— ئوقۇشنىچۇ؟

— تىتىمۇيتىمىز...

ھامۇتنىڭ قاتتىق كۈلكىسى، سىيىتنىڭ ھەمراھلىرى بولغان چاشقان ۋە ئۇمۇچۇكلەرنى ئۈركۈتۈپ، يەتتە قىزلىرىم مازىرىنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنىمۇ تىترىتىۋەتتى.

— ۋاي، سىيىت، ۋاي، سىيىت، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭگە ئۆلەيمۇ، ئۆچەيمۇ، — دېدى ھامۇت كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ، — چىقمۇيتىمىز، تىتىمۇيتىمىز دېگىنە، ئەگەر قىزىلگۈلدەك ھۈنەر دېسە ئەنە شۇنى دېسە بولىدۇ.

— خوش، ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئۇلۇغ ھۈنەر - دە...

— ھەم، سىيىت، — دېدى ھامۇت جىددىي قىلىپ، — يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇقتۇرۇش كەلدى، بىزنىڭ ئامۇتلۇقتا بىر سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلماقچى. ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا مۇئەللىمدىن بېشىمىز قاتتى. ئامۇتلۇقتىن سەندىن باشقا بىرەر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم تېپىش نامەھەل، مەنچە سېنى بۇ ئىشنىڭ



ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئويلايمەن.

— مەكتەپ قۇرۇش؟ — سىيىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى، — پاھ، پاھ، بېگى پاشانىڭ نەزەرى توخۇ كۆزىدەك غېرىبانە كەنتىمىزگە چۈشۈپتۇ - دە، نېمىدېگەن دانا زات، بىزنىڭ باللىرىمىزنى «قارا تۈرۈك» قالمىسۇن دەپ ۋايىم يەپتۇ. ئەھلى - ئىلىملىك بولغانغا يېتەمدۇ؟ ئەۋلىيالىرىمىزمۇ:

«نى مەنئى بولسا دەققەتتىن نىھانلىق،
ھەل ئەيلەپ ئانى تەبشىي ھۆردەدانلىق[1]»

دەپ بىكار ئېيتمىغان...

ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، كەنت دۆڭىنى ئالدىدىكى دۆڭلۈكتە كونا مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا شاخاراپ كەتكەن بىر تۈپ ياڭاقمۇ بار. ئامۇتلۇقلار يېڭى مەسچىت سالغاندىن كېيىن بۇ مەسچىتكە جامائەت ئانچە كۆپ كېلىپ كەتمەيتتى. ھامۇت جامائەتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ مەسچىتنى تۈزەشتۈرۈپ، دېۋەرۋىنلۈك پەنجىرىلىرىگە قەغەزلەرنى چاپلاپ سىنىپ قىلىپ بەردى. مەسچىتنىڭ قېشىدىكى جىنازا قويىدىغان قازناق بولسا سىيىتنىڭ ياتىقى ھەم ئىشخانىسى بولۇپ قالدى.

خۇددى ماڭا ئوخشاش بىرىم يالىڭاچ كىيىنگەن، دوۋساقتەك پۈلتىيىپ تۇرغان ئۇچۇق قورساقلىرىدىن يول - يول ئېقىپ چۈشكەن شالتاقلار بافلىق ئىشتان كارەكلىرىنى قاتۇرۇۋەتكەن، يەل - يېمىش شىرنىلىرىدىن كويا يامغۇردا قالغان تېرىدەك داردىيىپ قالغان خام كۆڭلەكلىك، شاپاق دوپپىلىق

① قايسى بىر يوشۇرۇن مەنە بىلىنمىسە، بىلىملىك تەبشىتماق ھەل قىلغۇچىدۇر.

بىر توپ بالىلار سىنىپىمىزغا پادا قويىدەك دۈركىرىشىپ كىرىشەتتۇق ۋە ئاستىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭدىن بىر ھازا بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەي قالاتتۇق . ھامۇت ئاكىنىڭ پات - پات يەڭگۈشلەپ بېرىدىغان بورىلىرىمۇ ھەپتىگە قالماي ئۇششاق قومۇش تەمەچلىرىگە ئايلىنىپ قالاتتى .

سىنىپىمىزنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېغىز دۆۋىلەنگەن بولۇپ ، سىيىت مۇشتۇمدەك سېغىزنى ئالاتتى - دە ، قازان قارىسى ئارىلاشتۇرۇلغان يار يېلىم سۈيىدە بويىغان دوسكىمىزغا خەت يېزىشقا باشلايتتى :

— ئىلىپ ئا... تىپ ئۇستىگە ئىككى چېكىت...

بىز ھەممىمىز بىردەك تەكرارلايتتۇق - دە ، تىزىمىزغا قويۇۋالغان دەپتەرلىرىمىزگە ھەرپلەرنى كۆچۈرەتتۇق . بارا - بارا بىزمۇ سىيىت مۇئەللىمدەك ئاۋازلىرىمىزنى غولاچلاپ سوزۇپ ھەرپ ئاھاڭلىرىنى تەكرارلاشنى ئادەت قىلىۋالدۇق .

سىنىپىمىز دۆڭدە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ ۋارقىراش ، چىرقىراش ، تىللاش ، ئۇرۇشۇشلىرىمىز پۈتۈن ئامۇتلۇققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سىيىت مۇئەللىمنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ ، ئاچچىقى كەلگەندە چىرايىنى غەلىتىلا پۈرۈشتۈرۈپ : «ھەي لاۋزا ، تېتىقسىز ، چاپتىكەش...» دېگەندەك تىللار بىلەن ئاچچىقلايتتى .

نېمە ئۈچۈندۇر دەرسنى ئوبدان بىلىپ كەتمىسەكمۇ ، لېكىن سىيىتنىڭ ئاغزىدىن قانداقلىكى بىرەر تىل چىقسۇن بىز ئۇنى دەرھاللا ئۆگىنىۋالاتتۇق ۋە سىرتقا چىققان ھامان ئۈنلۈك تەۋلىشاتتۇق .

بىز ئوشۇقىچە توپىغا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ھامۇت بىر - ئىككى دېھقان بىلەن ئۇلاغلارغا بىرمۇنچە قاپاق سۆگەت ، جىگدە ياغاچلىرىنى سۆرىتىپ كەلدى - دە ، شاخ - پۇتاقلىرىنى بۇتۇپ ، سىلىقلاپ سىنىپىمىزغا ئۇزۇن بەندىگلەرنى ئورنىتىپ بەردى . ئارقىدىنلا ماغارىپ بۆلۈم باشلىقى كېلىدىكەن



دېگەن خەۋەر كېلىش بىلەن سىيىت مۇئەللىم بىزگە يېڭى كىيىملىرىمىزنى كىيىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆزى قاپاقتا سۇ ئەكېلىپ بىزنىڭ ئېغىز بۇرۇنلىرىمىزنى قىزىرىپ كەتكۈچە تازىلىدى .

بىز يولنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار تىزىلدۇق . بېشىغا شاپاق دوپپا ، ئۇچىسىغا قارا يەكتەك ، پۇتىغا كەشە سېپىۋالغان سىيىت مۇئەللىم يىراقتىن ئېشەكلىك ئادەم كۆرۈنگەندە چىرايى جىددىيلىشىپ كالپۇكلىرىنى يالىدى . ئۇ ئادەمنىڭ ئېشىكى ھېرىپ قالغانمۇ ، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ بېقىن كېلىشى بىلەن سىيىت مۇئەللىم قولىنى كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى :

— ياشىسۇن ماغارىپ بۆلۈم باشلىقى توختايوپ !

بىزمۇ مۇئەللىم ئۆگەتكەندەك ، ئالىتاغىل ئاۋازلىرىمىز بىلەن ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتۇق : «ياشىسۇن توختايوپ !»

«ياشىسۇن» نىڭ پايدىسى بولغان ئوخشايدۇ ، ھەپتىدىن كېيىن كونا بولسىمۇ ئون نەچچە پارتا ، ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپبە كىتاب ۋە دەپتەر قاتارلىق نەرسىلەر يېتىپ كەلدى .

شارائىتىمىز ياخشىلانغانسېرى سىنىپىمىزدىكى بالىلار كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ قېلىۋاتاتتى . شۇڭا ، سىيىت مۇئەللىم ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ بالا يىغىدىغان بولدى . ئۇ پۈتۈن كەنتنى ئارىلاپ ، كەلگۈچە كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ كېتەتتى . چىرايىدىن توپا يېغىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مۇئەللىم بىر ئېغىز گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقى نەچچە قېتىم كوركىراپ بولاتتى .

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى . سىنىپقا ئۈزلۈكسىز كېلىدىغان بالا سەككىز - توققۇزلا قالدۇق . سىيىت كەلگەن بالىلارنى گۇرۇپپا قىلىپ بالا يىغىشقا ئەۋەتەتتى . ئۆزى بولسا مېنى باشلاپ يىراق مەھەللىلەرگە ئېلىپ كېتەتتى . ئۇ يولدا ماڭغاچ ماڭا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرەتتى ، ئېزىپ

ئېچۇرەتتى . مەن ئۇنىڭ «ئەھلى ئىلىم» ، «مەربىيەت مەشئەل»
دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى چۈشەنمىسەممۇ ، كۆڭلۈمگە نېمە-
دۇر سىزىلىپ قالغاندەك ، كۆز ئالدىم يالت قىلىپ يورۇپ
ئۆتكەندەك تۇيغۇلارنى سېزەتتىم .
— سىيىت مۇئەللىم ، — دېدى بىر كۈنى قوناقنى سۇ
باشلاۋاتقان بىر يىگىت دوپپىسىدا يۈزىنى يەلپۈۋېتىپ ، — يەنە
بالا يىغىشقا ماڭدۇقما ؟ ھەي... ئاۋارىچىلىك بوپتۇ ، مېنىڭچە
بىر چارە بار .
— قانداق چارە ؟ قېنى ئېيتمۇرگىن قۇلىقىم سەندە .
— كوپىراتىپ دۇكىنىغا قەنت كەپتۇ . ئازراق ئېلىپ
قويۇپ : «كىم سەھەر كەلسە بىر چاقماق قەنت» دەپ قويساڭ
باللار بېشى بىلەن مېڭىپ كېلىدۇ . ئىش ھەققىڭمۇ يامان
ئەمەس دەپ ئاڭلايمەنغۇ ؟
— ھە ، ئون ئىككى چارەك بۇغداي ، بەش چارەك قوناق .
— ھە مانا ، ناھايىتى بىر چارەك بۇغداينىڭ مەرىدىن
كەچسەڭ بولدى - دە .
ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدىلا سىنىپىمىز ئوقۇغۇچى بىلەن
توشۇپ كەتتى . ھەتتا بۇ چاغقىچە سىنىپىمىزنىڭ ئىشىكى قاياقتا
قارايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان باللارمۇ كېلىشۋالغانىدى . سىيىت
ھەر ئەتىگەنلىكى ئۆزى تارقاتقان نومۇر بويىچە ئالدىغا بىردىن
كېيىنگە يېرىمدىن چاقماق قەنت تەقسىماتى قىلاتتى .
باللار كۈندىن - كۈنگە سەھەر كېلىشكە باشلىدى . تاڭ
قاراڭغۇلۇقى كەتمىگەن بىر ئەتىگەنلىكى بىز بىرنەچچە باللار
سىيىتنىڭ ئىشكىنى قېقىشقا باشلىدۇق .
— مۇئەللىم ، مەن بىرىنچى...
— مەن بىرىنچى...
سىيىت مۇئەللىم بىر چاغدا ئىشىكنى قىيا ئاچتى - دە ،
نومۇرلارنى لاخشىگىر بىلەن قىسىپ ئىشىك يوچۇقىدىن سۇنۇشقا



باشلىدى . بىز نومۇرلارنى ئېلىپ ئۈچ قەدەممۇ ماڭماي چۇرقى-
رىشىپ كەتتۇق .
— مەن بىرىنچى كەلسەم ، ئۈچىنچى نومۇرنى بېرىپتىغۇ ؟
— ۋۇي ، مېنىڭمۇ...
بىز گۈلدۈرلەپلا مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېسىپ كىرەدۇق .
ئېخى يوتقىنىغا كىرىپ ئۈلگۈرمىگەن مۇئەللىم ھودۇققىنىدىن
پالاق - پۇلۇق قىلىپلا ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالدى .
— ئۇستازى ياتقان ئۆيگە كىرىشلەر يوق... ھوي چېكەت-
كىلەر... — دېدى ئۇ يوتقاندىن بېشىنى چىقارماي .
قەنت تەقسىماتىنى ئاڭلىغان ھامۇت ئاۋۋال كۆلۈپ كەتتى .
كېيىن بېشىنى ئىرغىتقىنىچە سىيىتنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ
سىيىتنىڭ گىلەم ئۈرۈشىدەك تارتىلغان يېپقا قېلىن قوتۇرما
قەغەزدىن ئويۇلغان ھەرپلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ
تۇرۇپ قالدى . سىيىت ئۆز ئىشىغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكە-
نىدىكى ، ئۇ ئارقىسىدا قاراپ تۇرغان ھامۇتنىمۇ كۆرمەي بىر-
نەچچە ھەرپلەرنى يېپتىن سىيرىپ بىر يەرگە جەم قىلدى - دە ،
«ئا- نا» دەپ ئوقۇپ قويدى .
— بەللى ، بۇ ئامالىڭ جايىدا ، — دېدى ھامۇت سىيىت-
نىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ، — ئۆتكەندىكى ئۇرۇقچىدا ياسىغان چوتمۇ
ساناق قوشۇش ، ئېلىشقا راسا باپ كەپتىكەن . يۇر ئايلىنىپ
كېلەيلى ، بۈگۈن كەچ تولىمۇ سالقىندەك تۇرىدۇ .
بۇ چاغقىچىمۇ بالا تولۇقلاش ، دەرس ئۆتۈش ، ھەتتا باللار-
نى مەكتەپكە قىزىقتۇرۇش جەھەتلەردە سىيىت بىلەن بامەسلى-
ھەت ئىش كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قول - قانات بولۇپ قالغان ھامۇت-
نىڭ بۈگۈنمۇ سىيىتنى ئىزدەپ كېلىشى يەنىلا شۇ مەكتەپ
توغرۇلۇق ئىدى . ھەپتە ئىلگىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھامۇتنى
ناھىيىدىكى يىغىنغا كىرگۈزدى ، ئۇ شۇ باھانىدە مائارىپ بۆلۈمى
بىلەن ئالاقىلەشتى . ئۇلار سىيىتنىڭ بىرنەچچە مەكتەپلەرنى

ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، تەجرىبە ئۆگىنىشىگە قوشۇلدى.

— ئەتىلا ماڭغىن، باللار يازلىق يىغىم - تېرىمغا قاتناشقاچ تۇرسۇن، — دېدى ھامۇت ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە، — ھە راست، ئۇستۇۋېشىڭنى بىر قۇر تۈزۈۋالغىن، شەھەرلىكلەر ئارقاڭدىن كۈلۈپ يۈرمىسۇن.

ھامۇت تېپىپ بەرگەن چىرايلىق جابدۇنغان قاشقا ئاتقا مىنىپ كەتكەن سىيىت يېرىم ئاينىڭ قارىسىنى ئالغاندا، خۇددى يېڭى توي ھارپىسىدىكى يىگىتلەردەك قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا چاك ياقلىق قارا پەكتەك (لېكىن بېلىدە پوتىسى يوق ئىدى) پۇتىغا بولسا يېڭى كالاچ سېپىۋالغان بولۇپ، ئۇچلۇق ئېڭەكلىرى رەندە سالغان تاختىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

※ ※

ئازاد زاماننىڭ باللىرى بىز،
ئوقۇيمىز بەختىيار ۋەتەن قويىندا…

ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىلمۇ توشاي دەپ قالدى. سىيىت مۇئەللىم ھەر كۈنى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئويلاپ تاپاتتى. بولۇپمۇ ئۇ قىشلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ناھىيىدە بىر ئاي ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتىپىمىزدە «قاچقانچۇق»، «غازلىرىم قايتىڭلار»، «مۈشۈك - چاشقان» قاتارلىق ئويۇنلار قىزىپ كەتتى. شۇڭا، دەرس ئۆگەنگەندىن كېيىنمۇ مەكتەپ ھويلىسىدىن نېرى كېتەلمەيتتۇق. سىيىت مۇئەللىمنىڭ شېئىر ئۆگىتىشى بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ شېئىرلارنى زىل ئاۋازى بىلەن ئۈنلۈك ئېيتاتتى. بىز يېڭى شېئىر ئۆگەنگەن كۈنىمىز مەكتەپ قورۇسىدا تۆتتىن تىزىلىپ، پۇتلىرىمىزنى رەتلىك گۈ-



پۇلدىتىپ كەچكىچە مەشق قىلاتتۇق. بەزىدە ئاموتلۇقلارمۇ كېلىپ مەيدان ئەتراپىدا تاماشا كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا سىيىت مۇئەللىم ئىنچىكە بويۇنلىرىنى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك سوزۇپ، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ قەۋەتلا روھلىنىپ قالاتتى. ئۇ مەكتەپ مەيدانى ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىزگە ئۈنلۈك بۇيرۇقلارنى قىلاتتى:

— تۆتتىن تويۇر بولۇڭلار! سەپراس… مەن سەپراس دېدىم - ھە! قولۇڭلار مەندە بولسۇن… ھاۋا جازىنى[①] ئۇچۇرغان نېمە؟

— ئىلىم!

— كوڭكىنى يورغىلاتقان نېمە؟

— ئىلىم!

سىيىت مۇئەللىم چىرايىنى غەلىتىلا پۈرۈشتۈرۈپ «ھىم مانا» دەيتتى - دە، تاماشا كۆرۈۋاتقان ئاموتلۇقلار ئالدىدا قارا پەكتىكىنى يەلپۈلدىتىپ بىزنى مەشققە سالاتتى ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شېئىر باشلايتتى:

ئەھلى - ئىلىملىك بولغاندا كىشى…
…

بىز شېئىر بىلەن تەڭ پۇتلىرىمىزنى تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرۇپ ئاموتلۇقنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق. تاماشىبىنلار كۆپەيگەنسېرى سىيىت مۇئەللىمنىڭ قاتاڭغۇر ئورۇق چىرايى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس ئېلىشقا باشلايتتى.

— ھەي! سەن پۇتۇڭنى كەلتۈر، قولۇڭنى سال… ساڭا دەۋاتىمەن، بۇرنىڭنى تاشلا… ھۇي تېتىقسىز.

① ھاۋا جازا — ئايروپىلان

سىيىت مۇئەللىمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تىلى ئېتىقسىز ئىدى. ئۇ راسا ئاچچىقى كەلگەن ياكى خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەندە بۇ تىلنى كۆپ ئىشلىتەتتى. بىر كۈنى سىيىت مۇئەللىم مەكتەپ مەيدانىدىكى ياڭاقتا گۈلەڭگۈچ ياساپ بالىلارنى بىر - بىرلەپ ئۇچۇرغىلى باشلىدى. بىز ھاۋاغا تىك ئۆرلىگىلى تۇرغاندا ئۇ «سارغايدى — پىشتى، تۈۋۈگە چۈشتى» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. بىزمۇ بىردەك چۇرقىرىشىپ بۇ ناخشىنى باشلىۋەتتۇق. لېكىن، مېنىڭ ئاغزىمغا نەدىن، كەلدى «سارغايدى - پىشتى» نى بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىراۋېتىپ ئۇنىڭ ئاخىرىغا قاملاشمىغان بىر گەپنى ئۇلاپ دەۋېتىپتىمەن. سىيىت مۇئەللىم مېنىڭ قۇلىقىمدىن تۇتۇۋېلىپ سىرتقا ئاچىقتى.

— ھەي، تۈز تەمى يوق ئېتىقسىز، مەن سېنىڭ ئېتىقسىزلىقىڭدىن تويدۇم، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، — ئېتىقسىز دېگەن نېمە، بىلەمسەن؟

— بىلمەن، — دېدىم مەن كۆز قىرىمدا ئۇنىڭغا قاراپ، — تۈزسىز، بەتتام دېگەن گەپ.

سىيىت مۇئەللىم كىچىك كۆزلىرىنى ئالايتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ياڭاقنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئالىقانلىرىدا ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ خىرقىراپ كۈلۈۋاتاتتى.

— ۋاي قوشاقچى، ۋاي ئېتىقسىز قوشاقچى، بەتتام دەۋاتقىنىنى قارا...

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بالىلار مېنى «قوشاقچى» دەۋالدى. بۇ لەقەم، دادام ۋىلايەتلىك ئېرە زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ، مەن ئاموتلۇقتىن كەتكۈچە ئۆچۈپ كەتمىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن كېتىدىغان كۈنى بىر كېچە كىرپىك قاقماي ياستۇق نەمدەپ چىقتىم. مېنىڭ مېھرى ئىسسىق يېزامغا، بولۇپمۇ سىيىت مۇئەللىمگە كۆزۈم قىيمايتتى. شۇڭا، كىچىككىنە ئۈمىد بىلەن سەھەردە مەكتەپكە كەلدىم.



سىيىت مۇئەللىم مېنى ياغرىغا يېسىپ باشلىرىمنى سىلىدى ۋە ماڭا نۇرغۇن پەند - نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئېسىمدە قالغىنى «ئوقۇ، ئوقۇ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇ. ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك قاپاقنىڭ لېشىدەك بەتتام بولما، تۈزى يوق ئاشنىڭ تەمى يوق، ئوقۇغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق» دېگەندەك سۆزلىرى ئىدى.

شۇ كۈنى مېنى ئۇ ئۆيىگە ھاپاش قىلىپ ئاپىرىپ دادامنىڭ لاقا - لۇقىلىرى ئارتىلغان ئېشىكىگە مىنگۈزۈپ، تا ئىلانلىققىچە بىللە كەلدى. مەن ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى سىيىت مۇئەللىمنىڭ تەردىنمۇ ياكى ياشتىنمۇ ئەيتاۋۇر نەمدەشكەن قانسىز يۈزلىرىنى، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يەكتىكىنى، ئىلانلىقنىڭ يارلىقىدا يالغۇز - يىگانە قالغان ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى غۇۋا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن...

⁂ ⁂

ئېتىمنىڭ سىلىق يورغىلىشى بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بالىلىق خاتىرىلىرىم بىردىنلا ئۈزۈلدى. ئېتىم «ئاموتلۇققا كەلدۇق» دېگەندەك، يول بويلاپ كېتىۋاتقان بالىلارغا قاراپ قاتتىق كىشنىۋەتتى. مەن ئۇزاق يىللار ئايرىلغان يۇرتۇم تۇپراقلىرىدا ئۆز ئىزلىرىمنى كۆرگەندەك «سارغايدى — پىشتى» ئويۇننى ئويناۋاتقاندەك ۋە ياكى ئاشۇ خارابە سىنىپىمىزدا ئوقۇتقۇچىم سىيىتنىڭ دەرسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ھاياجان ئىلكىدە قانلىرىم تومۇرلىرىمدا ئويناپ، يۈرىكىم تېپىرلاپ كەتتى.

— بالىلار، — دېدىم مەن ئاق كۆڭلەكلىك، قىزىل گالستۇكلۇق، جىلتا ئاسقان بالىلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، — ئاموتلۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئاز قالدىمۇ؟

— ئەنە قاراڭ، — دېدى بالىلار چۇرقىرىشىپ، — ئاشۇ

بۇك ياپىلىقلار ئۈستىدىن كۆرۈنگەن ئاق بىنا شۇ...

مەن قىپقىزىل سارغىيىپ، خۇددى مارجان تىزىقلىرىدەك
ساڭگىلاپ تۇرغان جىگدىلەرگە، پەسلىكتىكى يېشىل مەخمەلدەك
ئوتلاققا ۋە ئۇنىڭ باغرىنى سۆيۈپ تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ
بويىدىكى قوي - كالىلارغا تويماي قارىغىنىمچە، سۇۋادان تې-
رەكلەر قەد كۆتۈرگەن دۆڭلۈكتىكى چوڭ دەرۋازا ئالدىدا توختى-
شىدىم. دەرۋازا ئۈستىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋىۋىسكىسى ئېسىلغان
بولۇپ، هاۋا رەڭ رېشاتكىلىق قورۇدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى
قەۋەتلىك ئاق بىنا ئالدىدا چوڭ بىر تۈپ ياڭاق قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى.

شۇنداق، بۇ ئەسلىدىكى مەكتەپ ئورنىمىز! ئەنە شۇ ياڭاق
بولسا، سىنىپىمىزنىڭ ئالدىدىكى قەدىردان دوستىمىز ئىدى.
مەكتەپ قورۇسىدا هېلىهەم بىر توپ بالىلار چۇرقىرىشىپ ئوي-
ناپ «سارغايدى — پىشتى» ناخشىسىنى توۋلاپ گۈلەڭگۈچ
ئۇچۇۋاتاتتى. مېنىڭ گويا بالىلىق چاغلىرىم قايتىپ كەلگەندەك
ئاشۇ ياڭاققا، گۈلەڭگۈچكە تەلپۈندۈم. بىلمەيمەن، كۆزلىرىم
نېمە ئۈچۈندۇر ياشقا تولدى...

— سىز يۇقىرىدىن كەلگەن مۇخبىرمۇ دەيمەن؟

تۇيۇقسىزلا دەرۋازىدىن بىر ياش كىشى چىقىپ سوراپ
قالدى. مەن بۇ ياش كىشىدىن كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرالمىدىم.

— هە... هەئە... شۇنداق...

— قېنى مەكتەپكە كىرەيلى، سىز توغرۇلۇق هېلىلا
هامۇت شۇجى تېلېفون بەرگەن. مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى.

ئوقۇتقۇچى مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ مېنىڭ ئازراق تەخىر
قىلىشىمنى ئېيتىپ ئاتنى قولۇمدىن ئېلىپ كەتتى. مەن ياڭاق
تېشىغا كەلدىم. هەرخىل سومكىلار ئېسىۋېتىلگەن ئۇنىڭ يە-
رىنىڭ ۋە يېيىلغان قوۋزاقلىرى، غولىدىكى يوغان بىر كاۋاك
ئۇنىڭ قېرىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا



ئاستا، ئەمما چىن كۆڭلۈمدىن سالام بەردىم.

— يۇرۇڭ، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى ئوقۇتقۇچى
يېنىمغا كېلىپ.

— سېيىت مۇدىر بارمىكىن؟

— مۇدىر ئۇ... ئۇ هازىر يۇقىرى يىللىق بالىلارغا كۆز-
لۈك ئۆلاق هەققىدە باغدا تەجرىبە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

مەن مەكتەپ مەيدانىدىكى گار، تۇرنىك، گۈلەڭگۈچ ۋە
ئىشخانا، ئوقۇتۇش بىنالىرىغا قاراپ هەيران بولغىنىمچە ياش
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ باغقا كىردىم. بىز شېخىنى
كۆتۈرەلمەي تىرەك قويۇۋەتكەن شاپتۇللۇق، ئالمىلىقلاردىن ئۆ-
تۈپ يۇمران كۆچەتلىككە كېلىشىمىز بىلەن بىر توپ ئوقۇغۇچى-
لار چاچلىرى ۋە قىسقا قويۇۋالغان ساقىلى مەشۇتەك ئاقارغان
كۆزەينەكلىك بىر كىشىنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. ئۈچلۈك ئې-
گەكلىك بۇ كىشى «T» ئۆلاق بىلەن نەيچە ئۆلاقنىڭ پەرقىنى
ۋە پايسى پەسىللەردە ئۇلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. مېنىڭ
يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. بۇ
كىشى سېيىت مۇئەللىم ئىدى!

مەن ياش ئوقۇتقۇچىغا سېيىت مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى بۇزۇ-
ماسلىق هەققىدە ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىگە قا-
راپ تۇردۇم.

— قېنى سەن، — دېدى سېيىت مۇدىر بىر ئوقۇغۇچىغا
خۇددى بىر چاغلاردا مەندىن دەرس سورىغاندەك كۆزلىرىنى ئا-
لايتىپ، — بۇ «كۆز» نى ئۆلاپ باققىن.

ئوقۇغۇچى قەلەمتىراش بىلەن ئۇستى كېسىۋېتىلگەن كۆ-
چەتنىڭ قوۋزىقىنى ئەپچىللىك بىلەن تىلدى ۋە يۇمران كۆزنى
قوۋزاق ئىچىگە تىقتى.

— هەي، تېتىقسىز، — دېدى سېيىت مۇدىر، «كۆز»
نى تەتۈر سېلىپ قويغان ئوقۇغۇچىغا قادىلىپ، — دەرەخلەرنىڭ

يىلتىزى ھاۋادا، شاخ - شۇمبىلىرى يەرنىڭ ئۈلىدا كۆكەرگەننى كۆرگەنمىسەن؟ ۋۇي تېتىقسىز، تېتىقسىز دېگەن نېمە، بىلەمەن گالۋاڭ...

— تۇزسىز، بەتتام...

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالغان بولسام كېرەك، سىيىت مۇدىر ماڭا قايرىلىپ بىرھازا چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن گۈرنىدىن تۇردى.

— سەن... سەن...

— مۇئەللىم... مەن... مەن... ئايىپ كۆڭچىنىڭ...

— ۋۇي قوشاقچى! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ شېئىر باشلىغاندەك ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، — مانا قارا بۇ تېتىقسىز قوشاقچىنى...

بىز ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ كۆھەتلىكتىلا قوچاقلىشىپ كەتتۇق...

※ ※

مەن ئۈچ كۈندىن بېرى سىيىت مۇدىرنىڭ ئۆيىدە بولدۇم. مانا ئەمدى قايتماقچىمۇ بولۇۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام ئۇنىڭ ئۆيى دېيىشكىمۇ بولماس، پەقەت كىتابلار بىلەن تولغان ياتىقىدا يېتىپ قوپتۇم.

سىيىت مۇدىر مەن كەلگەننىڭ ئەتىسى ماڭا بەكتەپ ھاياتى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مېنى مەكتەپ تەجرىبىخانىسىغا ئەكىردى. تەجرىبىخانىدا ئوقۇغۇچىلار ياساپ چىققان ئۆزۈق چېچىش ماشىنىسى، شامال تۈگمىنى، دورا چېچىش سايمانلىرىغىچە بار ئىدى. بۇلاردىن ئۈچ مودېل مەملىكەت دەرىجىلىك، بەشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. سىيىت مۇدىر شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي



قايسى بىر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېيجىڭدا، داليەندە، ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقانلىقى، قايسىلىرىنىڭ شائىر، يازغۇچى ۋە ئىنژېنېر ئىكەنلىكىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئۆزى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ ئۇندىمىدى. مەن ئۇنىڭغا قانچە تىكىلىپ قارىسامۇ، كىچىك كۆزلىرىدىن بىر چاغلاردىكى سادda، مۇلايىم، گول مىجەزىنى كۆرەلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆز قارىچۇقلار، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاددىي دېھقان بالىلىرىغا ئاتىغان تۆمۈردەك قاتتىق ئىرادە ئالتۇندەك پالتىراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاددىي ئۆتكەن ھاياتىدىن پالداما بولۇپ تېتىقسىز دېگەن سۆزىلا قاپتۇ... ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق قوللىراق بولسىمۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن.

سىيىت مۇدىر تۈنۈگۈن كەچ يېتىش ئالدىدا ماڭا ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەخت - ئىقبالى، تۇرمۇش - سائادىتى ھەققىدە ئۆزۈنغىچە زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ ھوزۇرلاندى! لېكىن ئۆزى بولسا تا ھازىرغىچە «پىخما باش» تىن بىرەرنى ئۆيىگە ئەكىرەلمەپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ كۈلۈپلا قويدى. مەن تېخىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن سىيىت مۇدىر بېشىنى چايقىدى - دە، بەرگە قارىغىنىچە «تۇيمايلا قاپتىمەن، بېشىمغا ئاق كىرىپ قاپتۇ» دېدى.

شۇنداق، ئۇ ئەللىك بەش يىللىق ئۆمرىنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى!... يېزا بالىلىرى ئۈچۈن بېشى ئاقاردى، چىشى سارغايدى، بېلى مۈكچەيدى!... ئاستا - ئاستا قېرىغانلىقىنى، ئۆمرىنىڭ كۆز پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

— سەئىدەنى ئەسلەپ تۇرىدىغانلا، — دېدىم مەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاڭلىغان پاجىئەنى ئېنىقلاش ئۈچۈن.

— سەئىدە؟! — دېدى ئۇ ماڭا يالتىيىپ كۆز تاشلاپ، — ھەي قوشاقچى، بۇ ئىشلارنىمۇ ئاڭلاپ قويماپسەن - دە، بوپتۇ،

بوپتۇ ، مۇخبىرنىڭ ئەملى باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئاتلاش بىلەن
ئۆتسە كېرەك .
مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۈزۈن تەلمۈرگەن بولساممۇ ئۇ ئۈنچىقـ
مىدى ، پەقەت دېرىزە تۈۋىدە ئۆزۈنغىچە جىمجىت تۇرغاندىن
كېيىن ، ماڭا قارىماي ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا
ئەمما ئېنىق قىلىپ : «ئۇنىڭسىزمۇ تۇرمۇشتىكى غەم ـ ئەندىـ
شىلىرىمىز يېتىپ ئاشىدىغۇ» دەپ قويدى .
مەن ئۇنىڭ كونا جاراھىتىنى قوزغاپ قويغانلىقىم ئۈچۈن
ئىچىمدە ئۆزۈمگە كايىدىم . بۇ ئازابلىق خاتىرىنى ، ئۇ مۇشۇ
ياشقا كەلگۈچە بىر كىم يادىغا سالمىغان بولسىمۇ ، بەلكىم ئېسىدـ
دىن كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ قىسقا ئاپئاق ساقالـ
لىرىنى چىمداۋاتقان بارماقلىرى تىترەپ ، كۆزلىرى بولسا ھېچـ
كىم كۆرەلمەيدىغان بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىسىلغانىدى !
دەرۋەقە ئۇ 57 ـ يىلىنىڭ سوغۇق شاملىدا ئۇششۇگەن كۆنلەـ
رىدە مەجبۇرىي توي قىلىپ ، نىكاھ كېچىسى دېرەكسىز يوقـ
لىپ ، ھازىرغىچە ئۆلۈك ـ تىرىكىنى بىلەلمىگەن سەنئەت ئاتلىق
بىر قىز بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىۋاتسا كېرەك...
— مۇئەللىم مەن... مەن... ماڭاي...
— كېتەمسەن ؟... بوپتۇ... ماڭغىن...
مەن ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىدەك خوشلىشىپ يولغا چىقتىم . يول
بويى مېنى تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان غەلىتە ئوي ـ
خىياللار ، ھېس ـ تۇيغۇلار چىرمىۋالدى .
شۇ ئاپتا كۆز ئالدىمدا قايسىدۇر بىر كىتابتا كۆرگەن ،
لېكىن ئېنىق ئېسىمدە قالمىغان مۇنۇ سەھىپىلەر ئايان بولدى :
«ئوقۇتقۇچى ئۇلۇغ ئىنسان ! ئۇنىڭ ھىممىتىدىن يازغۇـ
چى ، شائىرلار ، ئالىم ، داھىيلاردەك مەشھۇر ئادەملەر يېتىشىپ
چىقىدۇ . لېكىن ، ئوقۇتقۇچى بولسا بۇ دۇنيادىن تىنچ ۋە تىۋىشـ
سىز ئۆتۈپ كېتىدۇ...»



## تۇردى ھالىم

— بۇ كىم ؟
— تۇردى «ھالىم» .
— نېمىشقا پۇتىنى كېرىپ ماڭىدۇ ؟
— مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ـ دە !
— نېمە ، «ماائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى پۇتىنى كېـ
رىپ ماڭسۇن» دەيدىغان ئۇقتۇرۇش بارمىكەن ؟ — دېدى سىدـ
دىقجان ھەيران بولۇپ .
سىدىقجان بىلەن ئىككىمىز «گۈلزار» ژۇرنىلىنىڭ باش
تەھرىرى ئارۇپ ئاكىنى ئۆيدىن ئاپالماي ھويلىدىن چىققىنىمىزـ
دا ، خۇددى ئۆن خالتىسىغا ئوخشاش كېلەڭسىز ، ئېڭىكىدە ئاسـ
مان تىرەپ كېلىۋاتقان تۇردى ھالىمغا دوقۇرۇشۇپ قالدۇق .
تۇردى ھالىم باشلانغۇچ مەكتەپتىن ماائارىپ ئىدارىسىگە
يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ فامىلىسى
«ھالىم» غا ئۆزگىرىپ قالدى . شۇڭا ، ئۇ مەكتەپلەرگە خىزمەت
بىلەن چىقىپ قالغۇدەك بولسا ، ئايال ئوقۇتقۇچىلار : «ۋايىيەي ،
ھېلىقى ھالىنى ئات تارتالمايدىغان ،ھالىم، چىقىپتۇ» دېيىشـ
سە ، بەزىلىرى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ : «ھە ، ئاددىي كەسىر بىلەن
ئۈنلۈق كەسىرنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ،ھالىم، دۇ» دەپ خىرـ
قىرىشىپ كۈلۈشەتتى .
دەرۋەقە ، تۇردى «ھالىم» ئۈنچىلىكمۇ گالۋاڭلاردىن ئەـ
مەس . ئۇ مۇشۇ يېقىندا كەسىپلەر بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھاندا
تۈپۈقسىز كېسەل بولۇپ قېلىپ قاتنىشالمىغىنىنى ھېسابقا ئالـ
مىغاندا ، بۇرۇن بىر قېتىم ئۆزۈندە يادلاشتا يۈز نومۇر ئالغان .

يەنە بىر قېتىم قايسىدۇر بىر قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىدىن ئېلىنغان ئىمتىھاندا، زېرىكمەي تۆت بەت گېزىتنى تولۇق كۆچۈرۈپ بەردى. ئاسسىستېنت جاۋابنى توغرا تاپتىمۇ ياكى جاۋابنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشى گاراڭشىپ، قۇلىقى ۋاڭشىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر تولۇق يۈز نومۇر قويۇۋەتتى.

تۇردى رەھبىرىي خادىم بولمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، باشلىقنىڭ ئۈستىلىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، بېشىنى سوزلۇك لىڭشىتىپ كېتىشلىرى، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ «ھىم... م...» دەپ قويۇشى، يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا بىر كىم چاقىرىپ ياكى تېلېفون كېلىپ، باشلىق تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن ھامان، ئۇ لىككىدە باشلىقنىڭ ئۈستىلىگە كېلىپ چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن: «يولداشلار، قىزغىن - قىزغىن پىكىر بايان قىلايلى» دەپ جوزىنى چېكىپ قويۇشلىرى باشلىق بولۇشقا خويمۇ مۇناسىپ ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ پېشانىسىدە باشلىقلىق يۇلتۇزلىرى ئاللىقاچان چاقنىغانمۇ بولاتتى، لېكىن نېمىسى - نېمە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا پات - پاتلا بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ قوياتتى.

تۇردى «ھالىم» نى كىم سايلاپ قويغانلىقىدىن خەۋىرىمىز يوق، ئۇ سىياسىي ئۆگىنىشلەردە، گېزىت ئوقۇش باشلىقى ئىدى. بىر قېتىم تەبىئىي پەن گۇرۇپپىسىدىكىلەر تېپىشماق خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى ئېيتىشىپ، بىرگە فورمۇلىلارنى يېزىپ تالاش - تارتىش قىلىۋاتاتتى. گېزىت كۆتۈرۈپ چىققان تۇردى ئۆزىچىلا خىرقىراپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بولدى ئاغىنىلەر، پوقتا پايدىسى يوق ئىشنى تالىشىۋەرمەي جەم بولۇڭلار! گېزىت ئوقۇپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ گىدىيىپ.

— بۇ مائارىپ ئىدارىسى! — دېدى تۇرسۇن ئاچچىقىغا چىدىماي، — كەسىپ ئۆگەنمەي قانداق قىلىپ كەسىپكە رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

شۇ كۈنى باشلىق تۇردى ھالىمغا خېلىلا قاتتىق تەنبىھ بەردى. چۈنكى، باشلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پايتەختتىكى بىر بىلىملىك قىسقا كۇرسنى ياخشى باھا بىلەن تۈگەتكەن بىلىم ئەھلى ئىدى! شۇنىڭدىن باشلاپ، تۇردى ئىلمىي مۇنازىرىلەردە سىرتتىن قاتنىشىپ قالاتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا باشقىلارغا ئوخشاش قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىغۇسى، ئىلمىي ئاتالغۇلارنى ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئالغۇسى كېلەتتىيۇ، لېكىن «كەمتەرلىك — ئادەم زىننىتى» دەپ ئويلامدۇ، خۇددى بىليارت تاختىسىدىكى ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ تۆشۈككە ئۆزىنى ئۇرغان شارچىدەك، قايسى تەرەپ كۆزلىرىنى بەكرەك ئالايتىپ تۇۋلىسا ئۇ شۇ تەرەپكە يۆنىلەيتتى...

قىسقىسى، تۇردى «ھالىم» بۇنداق ئىشلارنى ئېپىدە قاملاشتۇرالايتتى. ئۇ گەرچە خەنزۇ تىلىدىن «شىڭ، بۇشىڭ» دىن باشقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن كىنولارغا كىرسە باشقىلارغا ئوخشاش غەزەپلىنەتتى، ئۆكۈنەتتى، ھەتتا باشقىلاردىن ئاشۇرۇۋېراق كۈلەتتى. شۇڭا، بىر قېتىم بىر دېھقان «غوجام چۈشەندۈرۈپ قويسىلا» دېگەندە، ئۇ گويا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىنو كۆرۈۋاتقان ۋە «بىرەر سۆزنى ئاڭلىماي قالارمىكىن» دېگەندەك قىياپەتتە بەش بارمىقىنى بىردەك چىقىرىپ «تىنچ!» دېدى.

تۇردى «كادىرلار خىزمىتى» گۇرۇپپىسىغا يۆتكەلگەندىن بېرى خۇددى بوينىغا شال تېڭىۋالغاندەك، بېشىنى قاتايتىپ ماڭىدىغان بولدى. شۇنداقلا ئۇ: «باشلىق دېگەننىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزىتىشلا رولى بار، بىزچۇ؟ يەنىلا ئەمەلىي خىزمەتنى بىز ئىشلەيمىز، تامغا بىزنىڭ قولىمىزدا» دېگەچكە ئۇنىڭ ئۆيىدىن خىزمىتىنى يۆتكەش ئۈچۈن كېلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەت تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا بالىلىرىغا ۋارقىرىغان بولۇپ: «ھەي، بۇ بالى-

لارنىڭ ياڭاق غەلۋىسى» دەيتتى ياكى «شەھەر دېگەندە ساڭا ئوخشاش مېھمانلىرىمىز كۆپ، كېلىم - كېتىم بولۇپ تۇرىدۇ. باغ يېتىشمەيدۇ» دېسىلا كۇپايە. ياڭاق، باغ، بۇغداي، گۈرۈچ ھەتتا گۆش، يەل - يېمىشلەرگىچە ئۆز ئايىغىدىن كېلىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ خوتۇنى بەللىرىنى تولغاپ قوشنىلىرىغا ماختىنىپ: «ۋاي بىزنىڭ ئۆيدىكى سېسىمچىلىق» دەيتتى.

تۇردى نۇرغۇن ئىشلارنى يەم - پاراسەت بىلەن قىلىۋەتقان بولسىمۇ، يېقىندا ئىككى ئىشتا پالاكەت باسقىلى تاسلا قالدى. ناھىيىلىك سىفىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن بالىلىرىنى خىزمەتكە تەقسىم قىلغاندا، شەھەرلىك ياشانغان ئەر - خوتۇن مال ساتقۇچىنىڭ يالغۇز قىزىنى شەھەرلىك گىلەم كارخانىسىغا تەقسىم قىلدى. لېكىن، تۇردى شۇ كېچىسىلا ھېلىقى ئائىلىگە بېرىپ قىزنىڭ «چېقىل تاغ» قا بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتتى. زار - زار قاقشىغان ئاتا - ئانا: «نېمە كەتسە بېرەيلى، ئۆزلىرى بىر ئامالىنى قىلسىلا» دېدى ۋە تۇردىنىڭ «چوقۇم ئامالىنى قىلىمەن» دېگەن سۆزىگە دەر گۇماندا بولۇپ، باشلىقنىڭ ئۆيىگە بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ باردى ۋە تەسلىكتە:

— ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتلىرىنى ياخشىراق كۆرگىلى بولمىغان، ئەمدى ئاز بوسىمۇ... — دېدى ئۇلار، باشلىقنىڭ بىر ياشتىن ئېشىپ قالغان بالىسىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەن باشلىق رەختنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى:

— بىزدە يالغۇز قىز، يالغۇز ئوغۇللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇقتۇرۇش بار. خاتىرجەم بولسىلا، يالغان گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە، — دېدى ۋە تۇردىدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغاندا ئىللا - بىللا تاندى.

ئەتىسى، كۆل رەڭ دېلۇندىن شىم، ھاۋارەڭ نىلۇندىن كۆڭلەك كىيىۋالغان تۇردى ئەر - خوتۇن مال ساتقۇچىلارغا



قىزنىڭ شەھەرلىك گىلەم كارخانىسىغا تەقسىم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئىككىنچى قېتىم ئۇ، يېڭى ئاۋات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەت بىلەن بېرىپ: «ئۇنداق مەسىلە ساقلانغان، مۇنداق مەسىلە خەتەرلىك» دەپ خاتىرىسىگە يېزىۋېرىپ مۇدىرلارنى قورقۇتۇۋەتتى. لېكىن، ئۇ مەكتەپنىڭ تەرگەن بۇغدايلىرىنى ۋە ياغاچچىلىق كارخانىسىنى كۆرگەندە: «مەسىلە يەنىلا بىزنىڭ دوكلات قىلىشىمىزدا» دەپ مۇدىرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. شۇنىڭ بىلەن «باشلىق» قا دەپ ئىككى يۈز جىڭ بۇغداينى تراكتورغا بېسىپ كەلدى - دە، كەچتە باشلىققا يۈز جىڭ بۇغداي ئەكىرىپ بەردى. باشلىق قاتتىق ئاچچىقلاپ قايتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىدى، تۇردى «ماقۇل» دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى باقتۇرۇپ قالغان، ھەرھالدا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بىرەر ئولتۇرۇش، مەرىكە، توي - تۆكۈن، تۇردى ئۇچۇن باشلىقنى يۈزتۇرا ماختايدىغان ياخشى تەشۋىقات سورۇنى بولاتتى. ئۇ بۇنداق پۇرسەتلەرنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى باشقىلار ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىپ ئاڭلايتتى. چۈنكى، ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى - دە!

— باشلىقىمىز كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر ۋاقىت ئىچىدە، — دەيتتى ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — ناھىيىمىزنىڭ مائارىپىدا يېڭى قىياپەت مەيدانغا كەلدى، بۇ ئەڭ، ئەڭ زور نەتىجە...

تۇردى «ھالىم» بارماقلىرىنى بىر - بىرىدىن پۈكۈپ، باشلىقنىڭ نەتىجىلىرىنى سانىغاچ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى مېھمانلارغا كۆرسىتەتتى ۋە بۇرۇنقى «ئاتامىسىز» ، «ئانامىسىز» دەپ ماختايدىغان باشلىقلىرىنى ھېچ ئايانمايلا سۆكەتتى...

باشلىق بۇنداق ئورۇنسىز ماختاشلاردىن نومۇس قىلدىمۇ

بىر كۈنى ئەگەپ قالدى :

— بۇ... بۇ قانداق گەپ «ئورۇنسىز ماختىغان كىشى، سېنى ئورۇنسىز ئەيىبلەيدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ بار... سىز...

— ئۇ كىتابىي سۆز باشلىق . لېكىن ئۆزلىرى بولمىغان بولسىلا... چاقار مەكتەپ سېلىندى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى رەسمىيلەشتۈرۈلدى، — ئۇ يەنىلا بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى .

باشلىق بۇنداق ماختاشلارغا كۆندى بولغاي، كېيىنچە ئۈندىمەيدىغان بولدى . شۇڭا، تۇرەدى تېخىمۇ گىدىيىپ، يېڭىلا بىر ئادەت چىقىرىۋالدى . ئۇ خۇددى ئىدارىنىڭ كۆك ئىشىكىدەك ئۇن - ئۇن بەش قەدەمدە بىر توختاپ بىر سىلكىنىپ، دولىسىنى تىترىتىپ قوياتتى . مانا ئەمدى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تىكلەپ قويغاندىن كېيىن، چاترىقىدىن رەستە كۆرۈنگۇدەك هالدا پۇتىنى كېرىپ ماڭىدىغان يېڭى ئىسكەت چىقىرىۋالدى .

...

— مائارىپ ئىدارىسىدە، — دېدى سىدىقجان كوچىدا كېتىۋېتىپ، — تۇرسۇن ئابلىز، كېرەم قاتارلىق بىلىملىك كىشىلەر تۇرۇقلۇق باشلىققا بۇ ياغاچ گېنېرالنىڭ نەرى شۇنچە يېقىپ كەتكەندۇ؟

— هەي... — دېدىم مەن بېشىمنى ئىرغىتىپ، — بۇ خۇشامەتچىلىك، پارتىيە، هۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى يەپ تۈگىتىدىغان بىر مىتە دېگىنە...

× × ×

بىز كەچتە سىدىقجان ئىككىمىز بىرلىشىپ يازغان ئوچېركنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارۇپ ئاكىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆيى-



گە يەنە كەلدۇق . بىز ئۆيگە كىرىشىمىزگە قاراڭغۇلۇق كۆزىمىزگە تىقىلدى . مەن چاقماقنى چاقتىم . ئارۇپ ئاكىنىڭ ئايالى بالىسىنى قۇچىقىدا ئۇخلاتقاچ پاختىدىن پىلىك ئېشىۋاتاتتى . جوزىدا بولسا قەغەز، قەلەم، موبى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چىنە تۇۋىدىن ئېقىپ چۈشكەن شام ساقىندىلىرى يېيىلىپ ياتاتتى .

— ئارۇپ ئاكام نەگە كەتتىكىن؟

— ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا، كۆل بويىدا ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئايال خورسىنىپ .

بىز كۆل بويىغا چىققىنىمىزدا ئۇ ئوت بىلەن قاپلانغان قىر ئۈستىدە تاماكا چېكىپ، يوپيورۇق هاۋادانلارغا ۋە ئۇدۇلدىكى ناهىيىلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قۇياش نۇرى چېرىغى چاقنىغان دېرىزىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . پەقەت بۇ ئائىلىلىك ئۆينىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئارۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىلا گۆرەك قاراڭغۇ ئىدى . ئارۇپ ئاكىنىڭ تام قوشنىسى تۇردى «هالىم» نىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن هاۋادىنىدىن : «قورقما خوتۇن، بىر ئەينەكلىك ئىشكاپ ياسىتىۋالغىنىم هېچقانچە گەپ ئەمەس . ئىدارىمىزدىكى ئامەت ئىمتىهان قەغىزى سېلىنغان دېلو خالتىسىنى بىرلا تاققا - تۇققا قىلىش بىلەن ئۇۋى سېلىۋالدى . هېلىقى باشلىق كېچىدە بىر ماشىنا ياغاچنى تاشلىۋېتىپ كەتتى...» دېگەن ئاۋاز كېلىش بىلەن ئارۇپ ئاكا دىمىغىدا ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى . بىز ئارۇپ ئاكا بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق .

ئارۇپ ئاكا مائارىپ ئىدارىسىدىن يۆتكىلىپ «گۈلزار» نىڭ تەهرىرلىكىنى قىلىۋاتقىنىغا بىر يىلدەك بولۇپ قالدى . ئۇ كۆپىنچە كېچىسى هەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزىتەتتى، ئۆزى هېكايە يازاتتى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ رەسىم، مۇقاۋىلىرىنى سىزاتتى . لېكىن، تۇرەدى «هالىم» : «ئۇ كېچىلىرى ئىشلەپ قەلەم هەققى ئېلىۋاتىدۇ . ئايدا بىرنەچچە يەردىن چەك

كېلىدىكەن» دەپ كۇسۇرلاپ يۈرۈپ، ئۆز ئۆيىدىن ئۆتتۈشىدىغان سىمنى كېسىۋەتتى. بۇ ئىشنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاڭلاپ: «ئارۇپ ئاكا ئىلمىي ئىشلىرىنى كۆپىنچە كېچىلىرى قىلىۋاتسا بۇ قانداق بىمەنىلىك، توك پۇلىنى ئۆز ئىدارىسىگە تۆلىگەندىن كېيىن بولمامدىمۇ؟» دەپ ئېيتتى. لېكىن، بىر ئايدىن بېرى ئارۇپ ئاكا شام ۋە قارا چىراغدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

— بىر بۇنى ئەتە يەكشەنبە كۈندۈزى كۆرەيلى، — دېدى ئارۇپ ئاكا قولىمىزدىكى ئۆچېركنى ئېلىپ.

بىز ئەتىسى ئارۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمىزدە، رادىئو ئۈزىلىدىكى مەتنىياز توك سىمىنى ئۇلاۋېتىپ كىمنىدۇر غايىبانە تىللاۋاتاتتى.

— نومۇس قىلماي ئۆزى يورۇقتا ئولتۇرۇپ، قوشنىسىنى قاراڭغۇدا قويىدىكىنا. ھۆكۈمەتنىڭ توكىغىمۇ كۆزى قىزىرىدىغان قانداق تېگى پەس بىر نېمە بۇ!... مانا بىز بىر ئىدارە بولمىساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ باشلىق ئەھۋالنى ئۇقۇپ بەكمۇ ئېچىنىدى. مېنى ئاماق يېگىلىمۇ قويماي بىزنىڭ ئىدارىنىڭ توكىغا ئۇلاپ بېرىشنى ئېيتتى... — دەيتتى مەتنىياز قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ.

مەتنىياز سىمنى ئۇلاپ بولۇپ تۈرۈشىغا تۈردى «ھالىم»نىڭ ئىشىك ئالدىدا غەلىيان كۆتۈرۈلدى. بىز يۈگۈرۈشۈپ چىققىنىمىزدا، ئورۇققىنا بىر ئايال تارمۇشتەك ئورۇق چاڭگاللىرىدا تۈردىنىڭ ياقىسىنى بوغۇۋالغان بولۇپ، قارا كەكە ساقاللىق بىر كىشى ئۇنىڭ كەجگىسىدىن قامالىۋالغانىدى.

— بىر يىل بولدى، سەن مېنى قۇرۇق ئىمىزگە بىلەن ئالدىغلى تۇرغىلى. سەن مېنى قاچانغىچە شورايسەن، زادى سەندە ئىنساپ بارمۇ، يوق؟ مەن ئەمدى چىدىيالمىدىم، — دەيتتى ئايال ھۆركىرەپ يىغلاپ.

ئىشىك ئالدىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. ھەتتا مائارىپ



ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە «يېڭى ھايات» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، خەت تۈردىنىڭ «باشلىققا لازىم» دەپ ئالغان ئىككى يۈز جىڭ بوغداي، ئۆزىگە ياستىپ ئېلىپ كەتكەن ئەينەكلىك ئىشكاپ ۋە ئىككى كېسىم شالىلىق ياغاچنىڭ پۇلى توغرۇلۇق ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ كېلىشىگە، خۇددى چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا كۆتىگە غەلۋىر ئېسىۋالغاندەك تۈردىنىڭ بۇ ماجىراسى ئۇنى تېخىمۇ نەپرەتلەندۈردى.

— بالامنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، مەن بولسام كېسەل، — دەيتتى ئورۇق ئايال باشلىرىنى سۈرتمەي، — «بالاڭنى چېقىل تاغ» دىن يۆتكەپ قويىمەن دەپ مەندىن ئالمىغان توخۇ سۈتىدىن باشقىسى قالمىدى! ھەتتا تاغارلاپ ياڭاق، بۇغداي، ياغ، كىگىز ئەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغقان يۈڭلىرىمغىچە قويمىدىڭ. تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى بىر تال قويۇم بار ئىدى، «ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى قوشۇلماي تۇرىدۇ» دەپ قويۇمنى كېچىسى ئەكىرىۋالدىڭ، مانا ھويلاڭدا مەرەپ تۇرۇپتۇ.

— گىلەمنى تاپ، ئەگەر تاپمايدىكەنسەن، چېچىڭنى بىر تالدىن يۇلۇۋالىمەن دۈيۈز، — دەيتتى كەكە ساقال تۈردىنى دۆشكەلەپ، — قېنى، «بالاڭنى كۆمۈر كان مەكتىپىدىن شەھەرگە يۆتكەپ قويىمەن» دېگىنىڭ؟ بالام يەنىلا ئۆز جايىغا بارىدىغۇ؟

— ھەي... — دېدى مەتنىياز زەردە بىلەن كۈلۈپ، — مائارىپ ئىدارە كادىرلىرى ئۆزىگە بېرىلگەن شەرەپلىك ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قاقشاتسا بولامدۇ؟ ئەمدى يېمىگەن يۇلار قاپتىكەن - دە!

— ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەيدىغان ئەتىل ۋاقىتلىرى، قىسقىسى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بۇلارنىڭ يازلىق ھوسۇل يىغىۋالىدىغان ۋاقتى، —

دېدى كەكە ساقال غەزەپ بىلەن .
— ھەممە ئاتا ــ ئانىلار ئۇزۇن يىل جاپا چېكىپ ئوقۇتقان ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىدە ، — دېدى ئىسدىقجان ئاچچىقى بې-لەن ، — بۇلار بولسا ئۆزىنى چىڭداشنىڭ كويىدا... «قاسساپ ياغ قايغۇسىدا ، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەن شۇ ــ دە !
باشلىق ، توپ ئارىسىدا قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى . ئۇ «ئىدارىگە يۈنىگەدىن كېيىن يازلىق ھوسۇل يىغىۋېلىش قورۇسى ، دەپ ۋىۋىسكا ئاس» دېگەن زەھەردىن ئاچچىق ، ھىگەدىن سېسىق سۆزلەردىن بەكمۇ نومۇس قىلماقتا ۋە ئېچىنماقتا ئىدى... ئۇ ، ئەلۋەتتە بىر ــ ئىككى ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن باشقا ياخشى يولداشلارنىڭمۇ بىر ئاياقتا ھەيدىلىۋا-قالىشىغا غەزەپلەنمەي تۇرالمايتتى ! دەرۋەقە بىر ــ ئىككى شاتە-راق كالا پۈتۈن پادىنى بۇلغىماقتا ئىدى...



## بۇ چۈشۈم ئەمەس

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەخمەتجان بۇجاڭ .
— ۋۇي ئابلاغۇ ، بىزنىڭ ئۆيىنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ ؟
— ئۆيىڭىزنى تاپماق ، قىدام كەكىگە ساپ تاپماقتىنمۇ تەسكە چۈشتى ، دەڭا .
— ھە ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق ، مەيىنە ، سايىتكاملارچۇ ؟
— ئەلھەمدۇلىللا ، مىڭ قەترە شۈكرى ، لېكىن ئۆزلىرى مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇپ كەتكەندىن كېيىن بىز تەرەپلەرگە ھۆددەس ئالدىلىرىنى قىلمىدىلا ، ئولتۇرسام ــ قوپ-سام ئەس ــ يادىم سىلىدە . تاڭ قويۇپ كېلەي دېسەم ئىشلار ئۆندەرەش .
— قېنى خۇرجۇنۇڭنى يەرگە ئال ، — ئەخمەتجان ئابلاغا يارەملەشكەچ ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى ، — رەيھان ، ھەي رەيھان ، بۇياققا چىققىنا ، كىم كەلدى ؟
تولغان يۇرچاقتەك ، ئاق يۈملاق ، پىستە كۆز رەيھان ئاش-قىرىقى ئۆيگە چىقتىيۇ ، يوسۇغىدىلا «داڭ» قېتىپ تۇرۇپ قال-دى . ئۇ ئابلانىڭ قۇملۇقتا ئۆسكەن توغراقتەك ئاجايىپ يوغان گەۋدىسىگە ، تەر تەپچىپ تۇرغان مىس رەڭ چىرايىغا ، شاپاق دوپپىسىغا قاراپ ھەيرانۇ ھەس قالغانىدى .
— ئوبدان تۇرەلىمىكى خېنىم ، — ئابلا قورۇنۇپقىنا ئەھۋال سورىدى .
— ۋۇي نېمانداق سۈرەتتەك تۇرىسەن ؟ بۇ ئابلا ئەمەسمۇ ! ھېلىقى مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن — «زەنجىر تاپان» ، «كە-ران» ، «تورپاق» ، «توغراق» مۇشۇ ئەمەسمۇ !

— شۇنداق خېنىم، «رېزىنكە قورساق، مىس كاناي» ئابلا ئاچ مەن بولىمەن!

ئۇچى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ئابلا خۇرجۇندىن ھەرخىل ئۆرۈك قاچىلانغان كىچىك سېۋەتنى ئالدى - دە، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويدى.

— مانا بۇ مىزەخمەت ياغلىق، — دېدى ئابلا ئۆرۈكلەرنى داملاپ، — ئۇنىڭ ئالدىدا كەمپۈت بىكار. ئاغزىڭغا ئالغان ھامان ئېرىپلا كېتىدۇ. ماۋۇ شەربىتى ئېقىپ، پارقىراپ تۇرغىنى ئاق ياغلىق، بۇ ھۆل - ھۆل قىزىرىپ پىشقىنى — يۇمىلاق جانانە، ھەممىسى مەي باغلاپ كەتكەن شاخ مانتۇلىرى.

— بولدى داڭلاۋەرمە، مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەركەن، — دېدى ئەخمەتجان بىر تال ئۆرۈكنى تامىقىدا ئېزىپ، — ھە، خامىنىڭنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇۋالدىڭمۇ؟ بۇغدىيىڭ قانداق بولدى؟

دەر ھەقىقەت، بۇ يىل بۇغداي بالدۇر پىشىپ، قوناقلار ۋاقتىدا تېرىلدى. خۇددى خامانغا خىزىر كەلگەندەك، ئابلا مەھسۇلاتنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، بىر مىڭ توققۇزيۈز جىڭ ئاش مۇكاپات ئالدى. ئابلا مانا شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئەخمەتجاننى تولىمۇ سېغىنىپ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— مانا، — دېدى ئابلا خۇرجۇنىڭ يەنە بىر كۆزىنى ئېچىپ، — بۇ بىزنىڭ خامانىڭ يېڭى بۇغدىيىنىڭ ياغلىق توقاچلىرى، بۇنى مەينىسە ئۆز قولى بىلەن ياقتى. «ئابلا ئاچتىنمۇ ئاش ئاشىدىكەن» دەپ ئويلاشلىرى تۇرغان گەپ. چىمچىشىق بىر چاقلاردىكىدەك بولسا «ئۆلۈكتىن جان، شەيتاندىن ئىمان تىلىگەندەك» بولاتتى.

— قارا سېنىڭ گېپىڭنى، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ، — ھە، توغرا، تۇرا قارىغۇ شۇ كەتكەنچە كەلمىدىمۇ؟ ھازىرمۇ



ئۇنىڭ يېرىنى قوشۇپ تېرىۋاتامسەن؟

— ھەئە، بۇرۇنقىدەك نومۇر گەپتاننىڭ بولىدىغان ۋاقتىلار كەتتى. ھەقىقىي دېھقانىنىڭ كۈنى تۇغدى! ھازىر ئۆيۈمدە كاجۇ - كاجۇ[1] ئاش، كاساڭلار نانغا تولغان، «ۋۇي چۈشۈم ئەمەستۇ» دەپ كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلايمەن، مەينىسەم كۈلۈپ كېتىدۇ. راست، بۇ چۈشۈم ئەمەسكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ ئەخمەتجان بۇجاڭ؟

— شۇنداق، — دېدى ئەخمەتجان ئابلانىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى خارابى ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...

※

پۇتلىرىغا خۇددى تۈگمەن تېشى باغلاپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئابلا گۈگۈم بىلەن تەڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى - دە، يوغان گەۋدىسىنى «گۈس» قىلىپ سۇپىغا تاشلىدى. ئۇ ئاتىسىدىن قالغان، توپا بۇقسۇپ تۇرىدىغان، قىشمۇ ياز كۈلۈڭ ئالدىغا توغرا سېلىنغان قوراق كۆرپىسىدە ئۇڭدا ياتقىنىچە ھېلىدىن - ھېلىغا قورسىقىنىڭ كورۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ، تۈگەل چىگىشلىنىپ كەتكەن خىيال يىپلىرىنى يېشەلمەيتتى.

«توغراق»، «تورپاق»، «ئاچ» بۇ — ئابلانىڭ لەقەملىرى. «توغراق» ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يونۇلمىغان توغراقتەك گەۋدىسىگە قارىتىلغانلىقى ئېنىق. «تورپاق» نىڭ قويۇلۇشى كىچىككىنە ۋەقە بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى:

خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك ئالدىراشلىق بىلەن خامان ئېلىنىۋاتقان تومۇز كۈنلەر ئىدى. تويۇقسىز تۇلۇقتا قاتقان ئالا تورپاق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قىسقا - قىسقا مۆرىگە-

① كاجۇ - خوتەن شىۋىسى، ئاش قاچىلايدىغان ساندۇق.

دەك قىلدى ـ دە ، يىقىلدى . خامان ئىلىشۋاتقان ئەزالار تورپاقنى قاسىم دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپىرىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ ، ئەترەتنىڭ هارۋىلىرى تۆگىلارنى بېسىپ ، قوناق ئوغۇتلاش ئۈچۈن پىلە سۈيى ئالغىلى زاۋۇتقا كېتىپ قالغانىدى . ئابلا قولىدىكى ئارىسىنى بۆلەگە[1] سانجىپ قويۇپ ، شاپاق دوپپىسىدا ئاپتاپتا كۆيگەن بوينى تەرلىرىنى سۈرتۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى .

— ئاغزىدىكى كاپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغاچقا ، بۇغداي يەپ بۇكەرەپ قالغان گەپ ، — دېدى بىر دېھقان تورپاقنىڭ بىقىنىنى مۇجۇپ ، — قاسىم دوختۇر بولغان بولسا بىردەمدىلا ئىشنى ئوڭشايتتى .

— شۇنداق ، — دېدى يەنە بىرسى گەپ قىستۇرۇپ ، — ئۇ بۇنداق تىلسىزلارنىڭ لوقمىنى .

— قېنى ئۆشنەمگە ئېلىشىپ بېرىڭلار ! — دېدى ئابلا تورپاقنىڭ پۇت ئارىسىغا كىرىپ .

قاراپ تۇرغانلارنىڭ هەيرانلىقتىن كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى . لېكىن ئابلا ، تورپاقنىڭ ئالدى ۋە كەينى پۇتلىرىنى جۈپلەپ ئامبۇردەك قىسىپ بولغانىدى .

— قېنى ، تېز بولۇڭلا ! — دېدى ئابلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ .

— هوي ، دەم كۆتە بولۇپ قالسەن ، ماۋۇ پەيلىڭقۇشنى ، بېرىم نەق بولارسەن هېلى .

ئابلا تورپاقنى تۆگە تايلاق قىلىپ كۆتۈرۈپ يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ئۇنىڭ خام كۆڭلىكىدىن خۇددى جۇۋاز قايچىسىدەك پۇلتىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ كەتتى...

ئابلا ئەترەتنىڭ مال دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە قا-

① بۆلە — خوتەن شىۋىسى ، خامانغا دۈۋىلەنگەن ئەنجە ، بارخان .



سىم قورققىنىدىنمۇ ياكى هودۇققىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، ئۇ ئابلانىڭ يۈز ۋە مەيدىلىرىدىكى تورپاقنىڭ شالۇكلىرىغا تىكىلىپلا قالغانىدى .

ئابلانىڭ «ئاچ» لەقىمى «قىزىل قوغدىغۇچى» لارنىڭ «رىزىنكە قورساق ، مىس كاناي» ، «نورمىسىغا قارىشى توغرا بولمىغاچ ، قورسىقى تويسىمۇ دائىم كۆزى ئاچ» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى . ئەلۋەتتە ، جىگىنىمۇ شېنىسىغا قاراپ تېشى بولىدۇ ـ دېگەندەك ، ئابلانىڭمۇ قامەتلىك بەستىدىن كۈچ تېمىپلا تۇراتتى . ئەترەت بويىچە ئۇنىڭ كەتمىنىدە يېرىم پۇڭ يەرنى ئۆرۈپ بولغۇچە مەن ـ مەن دېگەن تۆمىقى قىرلاقلىق يىگىتلەرنىڭمۇ بېلى چىدىمايتتى . لېكىن ، ئۇ ئىككى كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈنگە يەتكۈزمەي ، بىر كۈنلۈك ئىشنى بىر ئاش پىشىمدا ئەرەختى ـ پەرەختى قىلىۋېتىپ ، باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ ، كەچتە بىر ئاياغ ئومىچىغا داخىل بولاتتى .

ئابلانىڭ بىردىنبىر خاپىلىقى ، قورساق خاپىلىقى ئىدى ! بۇ يولۋاستەك يىگىتكە يىگىرمە ئالتە جىڭ نورما دەرياغا ئالقان چالغانچىلىك بولمايتتى . ئۇ قانچە تېجەپمۇ بىر ئايلىق نورمىسىنى ئون ـ ئون ئىككى كۈنگە ئاران يەتكۈزەلەيتتى . سېكرىتار ، ئەترەت باشلىقلىرىدىن ئالغان ئىككىلىك خېتى كۆتۈرۈپ ، پات ـ پاتلا ئامبار تۈۋىدە پەيدا بولاتتى . كېيىنچە ئابلاغا كۈنلۈك نورمىسىنى كۈندە بېرىدىغان بولدى . ئۇ خام كۆڭلىكىنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن ئېتىكىدە بىر جىڭ كەلمەيدىغان قوناق ئۇنىنى كۆتۈرۈپ ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئەيمىنىپكىنە كىرىپ كېلەتتى ـ دە : «قازان ئاستىلىمىكىن ؟» دەيتتى ۋە قوقاسىنى ئۇيان ـ بۇيان ئېچىپ كۆمەچ كۆمەتتى . ئۇ ئوتنى چۇقچىلىغاچ كېچىدىن كۆرگەن شېرىن چۈشىنى سۆزلەشكە باشلايتتى :

— قارىغۇدەك بولسام ئۆيۈمدە كاجۇ ـ كاجۇ ئاش ، دۈۋە ـ

دۈۋە نان، يېگۈدەكمەن ـ يېگۈدەكمەن، ھېچكىم ھاي دېمىگۈدەك. ھى... ھى... ھى... توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ ـ دە.

ئۇ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كېتەتتى. شېرىن چۈشىدىن مەززە ئېلىپ پاراڭ قىلغاچ، خام ـ خاتىلا پىشقان كۆمەچنى ئوچاق ئالدىدىلا تۈگىتىپ قوياتتى.

ئەترەت بويىچە ئابلا ئىشنى قىلىپ بەرمىگەن بىرمۇ ئائىلە يوق. ئۇ ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي قىلاتتى. لېكىن، ھەرگىز تەمە قىلمايتتى، بەرسە تۇزۇت قىلماي يەيتتى، بەرمىسە ئۈندىمەي چىقىپ كېتەتتى. ئۇ تولىراق، رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى سايىت بوۋايغا ياردەملىشەتتى. سايىت ئۆزىنىڭ يېگانە كەنجى قىزى مەينىسە بىلەن تۇراتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەينىسە ئابلانى كۆرگەن ھامان قىزىرىپ كېتىدىغان، يەر ئاستىدىن قارايدىغان، ئابلا قارىسا كۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئابلا مەينىسەدىكى بۇ ئىما ـ ئىشارىلەرنى سەزمىگەندەك، ھامان ئۇيقۇسىراپ قالغاندەك، قىزنىڭ بىر چىرايلىق «يالت» قىلىپ كۆز تاشلىشىغا پىسەنت قىلمىغاندەك ئاسمانغا قاراپ ئەسنەپ قوياتتى.

— ئابلاكا كۆڭلىكىڭنى سېلىپ بېرە، ياماپ بېرەي، — دېدى بىر كۈنى مەينىسە قالدۇرۇق يەرگە كۆكتات تېرىپ بېرىش ئۈچۈن كىرگەن ئابلاغا.

— بولىدىلا، — دېدى ئابلا تال بوستاننىڭ بادىرلىرىنى ساناۋاتقاندەك ھاڭقىيىپ.

— ساله، ئىت ئالىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى سېۋەت توقۇۋاتقان سايىت كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — مەينىسەگە تاشلاپ بەرسەڭ ياماپ ـ يۇيۇپ بەرمەمدۇ، كىرلىكىدىن سۇنغۇدەك بوپتىيا.

شۇ كۈنى مەينىسە بىلەن ئابلا كۆكتات تېرىلىدىغان يەرگە قىغ يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن ئابلا يەر ئۆرىدى، مەينىسە ئۇنىڭ



كۆڭلىكىنى ياماپ بەرگەچ ئابلانىڭ زاغرا ناندەك چىڭ ۋە كەڭ كۆكسىگە، كۈچلۈك بىلەكلىرىگە، توختىماي ھەرىكەتلىنىۋاتقان چوڭ تارغاق سۆڭەكلىرىگە ھەۋەس بىلەن قارىغانچە شېرىن خىيالغا چۆكتى... ئابلا يەر ئۆرۈۋېتىپ قىر تۈۋىدە توق ھال رەڭ ئېچىلىپ قالغان سىمابگۈلنى چېپىۋەتتى. مەينىسە «ۋاي» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، گۈلنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ گۈلگە ئىچ ئاغرىتىپ «ئىسىت ئۈز گۈلكەن» دېدى. لېكىن، ئابلا پەرۋايىغىمۇ ئالماي، مەينىسەنىڭ قولىدىكى گۈلنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ «قورساق تويامتى» دەپ قويدى.

دۇرۇس، قورساق خاپىلىقى ئابلانى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان قىلىپ قويدى. گويا ئۇ يېنىدىكى يۈزى ياغلىق توقاچتەك، لەۋلىرى ئانارنىڭ دانىسىدەك، تال ـ تال كىرپىكلىك بادام قاپاق، قوڭغۇر كۆز قارىچۇقلۇق، داۋاملىق خۇمارلىشىپ تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان كېيىك كۆزلۈك گۈزەلنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئىدى. ھەتتا بىر قېتىم مەينىسە چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، خان ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ، ئابلانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئابلا ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرىغا قاراپ: «ئوغلاقنىڭ پاچىقىدەك گېدى ـ گېدى قىلىۋالغىنىنى» دېگىنىچە، كومۇلەك ئىشىنى خولۇپلىتىپ ئىچىۋەردى. مەينىسەنىڭ ئابلا ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ئىلىكمۇ ئالمىدى.

ئابلا «كۆپ ئىشلىگەن نومۇرغا مۇكاپات ئاش بېرىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۆستەڭ، دەريا، بوز يەر قاتارلىق سىرتنىڭ ئەمگىكىگە ئۆزى تەلەپ قىلىپ بارىدىغان بولدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا كېتىپ، بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بوغالتىرغا نومۇرىنى ھېسابلىتىپ، ئاغزى ـ قۇلىقىغا يەتكەن، يوغان كۆزلىرى كۈلكىدىن قىسىلغان ھالدا تېخى يېقىندىلا ئامبارنى ئۆتكۈزۈۋالغان ياش ئامبارچىنىڭ ئالدىغا ئالـ

قاندەك قەغەزنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئامبارچى ئابلانىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ كۆز قىيرىقىدا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئابلا چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر سىيۇەت گەپ قىلدى. ئابلامۇ بوش كەلمەي قايناپ كەتتى:

— ئا - كادىر غوجام، بۇ كۆپ ئىشلىگەن نومۇرغا مۇكاپات ئاش بېرىش سىياسىتىنى ھەربىرلىرىدەك شەپكىسى بارلار چىقارغانغۇ، يەنە قانداق قىلىپ تېنىۋالىلا؟ ئۇنداق ئادەمنى پەللىمىسىلە، بىزنى نېمە چاغلايلا؟

— ئاشلىق قەرزىڭنى تۆلۈپ قالمىز، ئالدى بىلەن قەرزدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، ئاندىن چولڭ سۆزلە، — دېدى ئامبارچى مەمەدانلارچە قولىنى شىلتىپ.

— ھە؟ ھى... ھى... ھى... — كۈلۈپ كەتتى ئابلا ئىشەنمىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — چاقچاق قىلمىسىلا، ئۆزۈڭلار بەرگەن ئىشەك - نىمشەك ئاشقا شۈكۈر - تاقەت قىلىپ كەلدىم. ئاچ يۈرسەم يۈرەۋمكى قەرزگە بوغۇلمىدىم.

— قانداق كالۋا نەرسە بۇ، ھەممىسى دەپتەرگە پۈتۈكلۈك...

— ئۇنداق قىلمىسىلا غوجام، يىل بويى ئاشقا ئىشلەپ تۇرغاندىن كېيىن... — ئۇ بويىنىنى سوزغىنىچە قالدى - دە، ئۇزاپ كەتكەن ئامبارچىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا:

— ئۇھ، كېچىنى يەنە قۇرۇق ئەسنەپ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم، — دېدى.

قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن ئابلا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

※ ※

ئابلا ئۇيان ئۆرۈلە - بۇيان ئۆرۈلە، تا ئاي تۇغۇپ تۈڭلۈكتىن ئابلانىڭ ياداڭغۇ يۈزىگە، كەڭ كۆكسىگە، ئاچ قورسىقىغا



تىكىلىپ قارىغۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بۈگۈن بىر كۈنلۈك يەردىكى ئۇستەڭ قۇرۇلۇشىدىن پىيادە كەلدى. يولدا ئۆزىنىڭ تاتلىق خىياللىرىدىن ئۆزى كۈلۈمسىرەپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ كېلەتتى: «خۇدايىم ئال قۇلۇم دەۋەتسە، بىرەر - ئىككى چارەك ئاش دېگەن نېمە؟ خۇدايىم ئامبارچىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن».

لېكىن، ئابلانىڭ ئامبارچى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى ئۇنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويدى. تېخى تۇرا قارىغۇنىڭ يالغۇز كۆزىنى ئەينەك ساقىدەك پارقىرىتىپ، قارىغۇ كۆزىنى قىسىپ قىلغان زاڭلىق كۈلكىسى كۆز ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاچچىقى ئامبارچىغا قارىغاندا تۇرا قارىغۇغا بەكرەك كەلدى. «خۇددى ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى ئىللاغا توشتۇرۇپ بەرگەندەك كۈلىدۇ! ئۇ يەكچەشمە شەھەردىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا تولا ھاڭقىيىپ پېشانىسىنى ئاپتاپ چېقىپ كەتكەن خوتۇنى بىلەن ئىتىزدا قارىسىنى كۆرسەتمەيدىغان، خاماندا چوقىسى كۆيگۈدەك تۇرمايدىغان، لېكىن ئەترەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەتراپىدىن سايىدەك كەتمەيدىغان ھارام تاماق. بىراق، ئۇنىڭ توققۇزى تەل، ھېچنېمىدىن خىجالىتى يوق. تۇرانىڭ ھۈنىرى نېمە؟ گەپكە ئۇستا، سۆزىگە پەردازنى ئايىماي بېرىدۇ. كادىرلار خىرقىرىشىپ كۈلۈپ قانىتى ئاستىدىن چىقارمايدۇ. ئىش — ئىشچانىنىڭ، نومۇر — گەپتانىنىڭ بولىۋېرىدۇ».

ئابلانىڭ تۇيۇقسىز كۆڭلى ھۆ بولۇپ، مەيدىسى لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تولغىنىپ تۈڭلۈككە قارىدى - دە، ئۇنىڭ كۆز ئالدى خۇددى ئاشۇ قىيپاش قاراپ تۇرغان ئاينىڭ سالقىن، غۇۋا نۇرىدەك ۋىل قىلىپ يورۇدى. ئۇ بۇ گۈڭگا نۇر ئىچىدە شەھەردىكى قايناق ھاياتنى، ئاشلىق دۇكىنى ئالدىدىكى، ماشىنا بېكەتلىرىدىكى، سودا ئامبارلىرىدىكى يۈك توشۇغۇچىلارنى كۆردى. ئۇ مانا شۇ يەرلەردە يۈك توشۇۋاتىدۇ.

يانچۇقىغا پۇل دېگەن ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ... مانا ئاش ـ مانتا، مانا بونىمۇ، لەڭمەن...

ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن ئۇ قورسىقىنىڭ يار بېلىپ كەتكەن ئۈستەڭدەك غەزەپ بىلەن گۈلدۈرلەشلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ھەتتا ئىشىكنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى.

— ئابلاكا! — بوش ئەمما سىرلىق ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ئابلا ئايىغىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغان مەينىسەنى كۆردى.

— مەينىسە!

مەينىسە قولىدىكى تۈگۈچنى ئېچىپ، سىڭگىپ پىشقان كۆمەچ بىلەن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئابلانىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— ئالە، يە، ئۈستەڭدىن كېلىپلا ئامبارغا نورمىغا بارغانىدىڭ؟ نېمىشقا بىزنىڭكىگە بارمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئۇھ، — دېدى ئابلا ئېغىر خورسىنىپ، ھەتتا ئۇ داستىخانغا قىيا كۆزىنىمۇ سالمىدى، — سىلەرنىڭمۇ نورمىڭلار يېتىشمەي تۇرسا...

— ئالغىنا، كوم ـ كوم يېگىن، — دېدى قىز ئابلانى نوقۇپ، — قارا باش قوينى ساتقان. تۆت چارەك ئارپا قوشۇمچە قىلدۇق.

ئابلا بۇ سالقىن كېچىدە، قىزنىڭ نازلىق بېقىشلىرىغا، جاۋابەن بىرەر ئېغىز تاتلىقتا سۆزمۇ قايتۇرمىدى. ئۇ ھامان بېمىندۇر بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، بىر چېكىتكە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن كېتىمەن! — دېدى ئابلا ئاخىر پىچىرلاپ، — ئاق قوشقاچنىڭ نەرگىسى يوق، ئاچتىن ئۆلگىنى يوق، شەھەرگە كېتىپ مەدىكارچىلىق قىلىمەن.

— نېمە، سەن بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ؟ — قىز ئۇنىڭ گۆرىزىدەك چوڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ



جىددىي، قايتماس مۇرادىغا كەلگەن چىرايىنى كۆرۈپ، لامىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى...

※ ※

— زەنجىر تاپان نەگە؟

— ئۆيگە.

— بۈگۈن بىلدۈرغۇ؟

— تاۋىم يوق.

ئېغىر زوكام تەگكەن ئابلا، ئۆتكەن ـ كەچكەن، دۇكانچى، ئاشپەزلەرنىڭ چاقچاقلىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى.

ئابلا شەھەرگە كىرگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان، «زەنجىر تاپان»، «كىران» دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇ توقۇناقلىق ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپ ياكى يۈك كۆتۈرۈپ، رەستىلەردىن لوك ـ لوك چامداپ ئۆتكىنىدە، باللار ئۇنى يىگىر قوللىرىدا «زەنجىر تاپان»، «كىران» دەپ كۆرسىتىشەتتى.

«زەنجىر تاپان» نىڭ قويۇلۇشى مۇنداق بولغانىدى: ئەتىيازدا پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۇن باسقان ھارۋىسى لايغا پېتىپ قالدى. ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، مەسلىھەتلەر بېرىشەتتى، لېكىن، لايغا يېقىن كېلەلمەيتتى. ئۈستىۋېشى بۇلغىنىپ كەتكەن ھارۋىكەشنىڭ ۋارقىراشتىن ئۈنى پۈتۈپ كەتكەنىدى. ئىچ ئات تارتسا شاڭتۇ، شاڭتۇ تارتسا ئىچ ئات تارمايتتى.

— بۇ رودۇپايلىرىڭغا بوغۇز بەرمەيدىغان ئوخشايسەن ـ ھە؟ — دېدى كىمدۇر بىرسى.

— نېمە دەۋاتىدۇ، — دېدى ھارۋىكەش جىلى بولۇپ، — كۈنىگە خاگۆلۈك قىلماي ئىككى جاڭ قوناق بېرىدۇ.

— ئىسسىت جانىۋار، — دېدى ئابلا شاڭتۇغا قېتىلغان

زاك ئېشەكنىڭ چۈلۈۋۈرىدىن تۇتۇپ، — سەن چېغىڭدا ئىككى جىڭ نورما يەيسەن، — دېدى - دە، ئېشەكنى چىقىرىۋېتىپ، ئارغامچىسىنى مۈرىسىگە سالدى. ھاڭ - تاڭ قالغان كىشىلەر دەماللىققا گەپ قىلالماي قېلىشتى.

— قېنى ئۇكا، ئىچ ئېتىڭنى دېۋىتكىن، قامچاڭنى ئوينات.

ئابلا «ھە - ھۇ» دەپ بىر يۇلقۇنۇشى بىلەن ئارغامچا «تارس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ، ئۇ ئۆزى تۆت - بەش قەدەم يەرگە يىقىلدى، كاتاڭدىن كۆتۈرۈلگەن چاق، جاق قىلىپ يەنە ئۆز ئورنىغا چۈشتى، توپ ئارىسىدا قىقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. ئابلا بېلىدىكى ئارغامچىسىنى يانداپ، ئىككىنچى قېتىم چۇقان - سۈرەنلەر ئىچىدە ھارۋىنى يۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

— يائاللا، بالاكەتتىغۇ بۇ، ئۆزىمىغۇ يوغان ئەرسكەن.

— زەنجىر تاپان تراكتورنىڭ ئۆزىكەن بۇ…

بۇ ۋەقە شەھەردە پۇر بولۇپ، ئابلا «زەنجىر تاپان» بولۇپ قالدى. بۇ ئىشتىن كۆپ ئۆتمەي، يەنە بىر ۋەقە ئابلانى شەھەر خەلقىگە تېخىمۇ تونۇتۇۋەتتى:

ئابلا بىر يەكشەنبە كۈنى ناھىيلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ بىر ماشىنا مېلىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، چۈشكە يېقىن ئارغامچىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، ئاشلىق دۇكىنى ئالدىغا كەلدى، بىر ئايال ئون ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى بىلەن چوڭ - كىچىك تاغار - خالتىلارغا قاچىلانغان نورمىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. بىر نەچچە يۈك توشۇغۇچىلار، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن قاراپ قويۇپلا كېتىشەتتى، ئابلا بىرلا قاراپ «كەم دېگەندە ئۈچيۈز ئەللىك جىڭ كېلەر» دەپ مۆلچەرلىدى.

— ئاچا، دۇكاننىڭ ئىشىنى سىرىپ - سۈپۈرۈپلا بىر يىللىقلىرىنى بىر ئالدىلىمۇ نېمە؟ — دېدى ئابلا ئايالغا كۈلۈپ قويۇپ.



— ۋاي… بالام، بىز بىر ئائىلىدە ئوغۇل - قىزلار، كېلىنلەر، نەۋرىلەر ئون تۆت جان دېگىنە، بالىنىڭ دادىسى ھارۋا ئېلىپ كەلمەكچىدى، ھارۋا تاپالمىدىمۇ يا ئىدارىسىدا ئىش چىقىپ قالدىمۇ ھايال بولۇپ قالدىغۇ، — دېدى ئايال يولغا قاراپ.

— قېنى مەن ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى ئابلا ئارغامچىسىنى يەرگە تاشلاپ.

— ۋاي بالام كۆتۈرەلمەيسەن، باشقىلارمۇ ئارانلا سۆرەپ ئاچىقىشىپ بەردى.

ئابلا ئايالنىڭ ۋايساشلىرىغا قارىماي، تاغارلارنى ئۈستى - ئۈستىگە ئېلىپ، كىرمەكلەنگەن ئارغامچىسىنى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ تارتىپ چىگىۋەتتى، شۇ ئەسنادا بىر مۇنچە ئادەملەر يىغىلدى. ئۇلار ياردەملىشىشتىن كۆرە «زەنجىر تاپان» نىڭ بىگىسىنى كۆرۈشكە تولىراق قىزىقسا كېرەك، تاماشا قىلىپ نېمىسىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى. ئابلا ئارغامچا ئۇچىنى سول بىلىكىگە يۆگەپ، ئوڭ قولىدا يەرگە تاياندى - دە، «لىككىدە» تۇرۇپ كەتتى. توپلاشقانلارنىڭ بەزىلىرى ساقاللىرىنى تۇتۇشتى، بەزىلىرى بارماقلىرىنى چىشلەشتى.

— بۇ ھەقىقىي كىرانكەن، كىران، — دەۋەتتى توپ ئىچىدە بىر كىشى.

— توغرا، كىران، كىرانكەن، پەي ياستۇقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈردى يا، — دېدى يەنە بىرسى شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «كىران» دېگەن لەقەممۇ قونۇلدى.

ئۇ پات - پاتلا بەزى ئائىلىلەردە ئاز - تولا ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ قالاتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىش ھەققىدىن سىرت كىيىم - كېچەك ياكى بىرەر - ئىككى نان ئاچىقىپ بېرەتتى.

ئابلا ھازىرقى بۇ تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قورسىقى تويدى! لېكىن ئۆز يېزىسىنى ۋە مەينىسەنى زادىلا

ئۈنتۇيالمىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى كۈنلەردە شەھەر قىزلىرىغا يات ـ پاتلا يەر تېگىدىن قاراپ، مەينىسەگە ئوخشىتىپ باقاتتى. ھەتتا ئۇ شاپاق دوپپىسىغا مەينىسە ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى گۈلدىن قىستۇرۇپمۇ قويىدى. سېتىقچىنىڭ ئالدىدىن بىر تىزىق قىزىل مارجانمۇ سېتىۋالدى، مارجاننى يېتىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈپ، سىلاپ قويۇپ ئۇخلاش ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ قالدى.

ئابلا مەينىسەنى سېغىنغانسېرى ئايقان پۇلىنى تېجەپ خەجلەيدىغان بولدى. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئاۋات رەستىلەرگە چىقاتتى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە چاپلاپ تىكىۋالغان يانچۇقىغا قول سالاتتى ـ دە، يەنە قايتۇرۇۋالاتتى... ۋە يەنە قول سېلىپ بىردەم تېخىرقاپ تۇراتتى. گويا كونا كىر لاتىغا يۆگىۋالغان ئۇششاق پۇللىرىنى خىيالەن ساناۋاتقاندەك كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ نېمىلەرنىدۇ شىۋىرلايتتى. ئۇ ماگىزىنلاردىكى ھەر خىل پېچىنىلەرنى كۆرگىنىدە «توزغاققا قورساق تويامتى» دەپ كېتىپ قالاتتى. رەستىلەردە ئاق دامانلارنى كۆرگەن ۋە ئىگىسىنىڭ «خېمىرى مېغىزدىن» دەپ ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا، پۇلىنى قولىغا ئېلىپ، بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قارايتتى ۋە يەنە جايىغا ئاۋايلاپقىنە سېلىپ، ئاڭغا قارىغىنىچە «يەل» دەپ قوياتتى. لېكىن، سايسېرىق زاغرىلارنى دەڭسەپ كۆرۈپ: «ۋۇي، بەش موچەنگە بىر دامان ئالغاندىن كۆرە، يەنە بىر موچەن قاتسام، ئۈچ زاغرا كېلىدىكەن، سوغۇق سۇغا تۆگۈرۈپ بىر يەۋالسام نېمىدېگەن ھۇزۇر!» دەيتتى ئۇ.

ئابلا دەسلەپ كەلگەن يىللىرى دۇكانلارنىڭ پەشتاقلىرىدا سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ كېتەتتى. دەڭجالار بىلەن چىقىشىۋالغاندىن كېيىن كېچىلىرىنى دەڭنىڭ بورا سېلىنغان سۇپىلىرىدا ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ھېرىپ ھالى قالمىغان ئابلا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى، مەينىسە ھېلىدىن ـ



ھېلىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يىلىنجاپ تۇرغان خۇما كۆزلىرىنى، بىر شېرىن سېزىم بىلەن تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى ئەسلىگەندە، بۇنداق يۇلتۇز قاپلىغان تولۇن ئايلىق زەڭگەر كېچىمۇ ئۇنىڭ يۈرەك دەردلىرىگە مەلھەم بولالمايتتى. ئۇ تولغىناتتى، ئېغىر تىن ئالاتتى ۋە شاپاق دوپپىسىدىكى قۇرۇپ ـ قورۇلۇپ قالغان گۈلگە قارايتتى. قىزىل مارجاننى سىلايتتى. گۈل ۋە مارجان ئۇنىڭ خان ئەتلەس كىيگەن يېزا قىزىنى سېغىنىشىنى كۈچەيتەتتى.

ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئۆتكەندىلا خىرە ـ شىرە ئۇيقۇغا چۆمگەن ئابلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا: «ئۆزىمىغۇ سىماب گۈلدەك نازۇك، خان ئەتلەس توقۇيدىغان يىپەكتەك پاكىز بالا» دەپ پىچىرلايتتى. قىسقىسى، ئۇ تاڭ ئاتقۇچىلا مەينىسە بىلەن خىيالى مۇڭدىشىپ چىقاتتى...

※

— مەينىسە، مەينىسە، سىز، سىز، ئۇھ ۋاي...

دەڭنىڭ غېرىبانە سۇپىسىدا ياتقان ئابلا ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتتى. ئۇ جۆيلۈيتتى، كۆزىنى يوغان ئېچىپ قاراڭغۇ تۈن باغرىغا قارايتتى. ئۇ قىيىنىلا ـ قىيىنىلا ئېغىر ئەل ياتقۇدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندە، دەڭ دەرۋازىسىنى بىر كىمنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن ئۇرغىنى ئاڭلاندى. بومبا ساقال دەڭچى، ئېرەڭچەكلىك بىلەن دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا رومىلىغا پۈركەنگەن ئېگىز بوي، زىلۋا بىر جوكان تۇراتتى.

— خاپا بولمىغايلا ئاكا، ئابلاكامنى مۇشۇ يەردە دەپ ئاڭلىغانىدىم...

— ئۆزلىرى مەينىسە بولامىلا، — دېدى دەڭچى ئابلانىڭ

حۆبلۇشلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ.

— خوش...

— كىرسىلە خېنىم، ئۇ بۈگۈن چۈش - پېشىن بىلەنلا قايتىپ كەلگەن، بىرئاز بىتاپ بولۇپ قالدى. ھېلىلا كۆزى ئىلىنىدى بولغاي.

مەينىسە دەڭجانىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن ئابلانى تاپتى. كۆڭلەكچان دەڭجا كىرىپ كەتتى. مەينىسە ئابلانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىزىق مەيدىسىگە ئالىقىنىنى ئاستا قويدى. چۆچۈپ ئويغانغان ئابلا ئايغىندىكى سايىگە قاراپ تەئەججۇپ ۋە زەئىپ ئاۋازدا:

— كىم؟ — دېدى.

مەينىسە پۈركىنىۋالغان رومىلىنى ئاستاغىنە چۈشۈرۈۋەتتى. كائىناتنى سېخىيلىق بىلەن يورۇتۇپ تۇرغان ئاينىڭ كۆكۈچ سېھىرلىك نۇرىدا، تۈن پەرىسى ئولتۇراتتى...

— مەينىسە!...

— ئابلا ئاكا!...

گويا يوغان ماگنىت پارچىسى تۆمۈر ئۇۋۇقىنى ئۆزىگە «لىپ» قىلىپ تارتقاندەك، ياق تۆمۈر ئۇۋۇقى «پىر» قىلىپ ماگنىتقا ئۆزىنى ئۇرغاندەك بىر ھال يۈز بەردى... كۆچلۈك بىلەكلەر، كەڭ كۆكرەكلەر ئىچىدە مەينىسە غايىب بولغاندەك ۋە پاكى بىر پىيالە قايناق چاي ئىچىدە بىر چاقماق قەنت ئېرىپ كەتكەندەك بولدى...

— ئاھ مەينىسە! — دېدى ئابلا ئۇنىڭ چاچلىرىغا يۈزلىرىنى يېقىپ، — بۇ چۈشۈممۇ؟

— خويمۇ سېغىندۇردۇڭ، باغرىڭ تاشتىن يارالغانمىدۇكىن، بىرەر قېتىممۇ يوقلىمىدىڭ، — دېدى مەينىسە تارام - تارام ياش تۆكۈپ.

مەينىسە بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ



ئابلانى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن ئىزدەپ - سوراپ، بارلىق دەڭلەرنى ئاختۇرۇپ چىققۇچە، كېچە بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئابلاكا، — دېدى مەينىسە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ساڭا خوش خەۋەر، ھازىر يېزىمىزغا ئەخمەتجان دېگەن بىر كادىر چۈشتى، مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلدى، ئاجايىپ جاھانلار بولۇپ كەتتى دېگىنە.

— ھە راستمۇ؟ توغرا مەنمۇ ئاڭلىغان، لېكىن ئىشەنمىگەنىدىم.

— ئۆزۈڭ بېرىپ كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيسەن، دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى ئالدىدا، توي خۇشاللىقى دېگەن يىپ ئىشەلمەيدۇ. ئەمدى بۇرۇنقىدەك «ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ» دەيدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. ھازىرقى ئۆزگىرىشلەرنى بىر كۈندىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن! ئەگەر بىز بىللە ئىشلىسەك، — دېدى مەينىسە ۋىللىدە قىزىرىپ، — نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟...

— ئاھ پەرىشتەم مەينىسە!...

— مەن سېنى ئىزلەپ كەتكىلى كەلدىم، — مەينىسە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈردى. ئابلا يانچۇقىدىن قول ياغلىققا ئورالغان مارجاننى ئالدى - دە، مەينىسەنىڭ بوينىغا ئۆزى ئېسىپ قويدى ۋە مەينىسەنىڭ جامالىغا بىر ھازا تىكىلدى...

※

— شۇنداق، — دېدى ئەخمەتجان بۇجاڭ ئېغىر خىياللاردىن ئويغىنىپ، — پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قاراتقان سىياسىتى خۇددى ساڭا ئوخشاش مىليونلىغان دېھقانلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتىنىڭ شەربىتىنى تېتىيالايدۇ.

— ھەيبەللى، مۇنداق دېسىلە، لېكىن...— ئابلا كۆڭلى-
دىكىنى دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى — دە، قوشۇپ قويدى،— ئۆزگە-
رىپقۇ قالماس...
— ھا... ھا... ھا...— ئەخمەتجان ئۆزىنى تۇتالماي
كۈلۈۋەتتى، — سېنىڭ بۇ گۇمانىڭ بىر قىسىم دېھقانلىرىمىزدا
ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئۇلار ئىدىيىدە تېخىچە ئازاد بولالمايۋاتى-
دۇ. شۇ سەۋەبتىن ئى.گ.ا.ك تىكلەشكە، نامراتلىق ئۈستىدىن
قەد كۆتۈرۈشكە دادىل قەدەم تاشلىيالمايۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنداق
گۇمانغا چىرمىلىپ قالغان كىشىلەر ھامان پۇشايمان قىلىدۇ.
— ھىم... ماقۇل، — دېدى ئابلا ئىشەنچ بىلەن، — بۇ
قېتىمقى سىياسەتنى چىڭ گەپ دېسىلە، بەزىلەرنىڭ «كىم بىلى-
دۇ، بۇمۇ 6 — ئايدىكى كەلكۈندەك كېيىپ — كېتەر سىياسەتمۇ»
دېگەنلىرى چاك باسمايدىغان قۇرۇق گەپلەركەن — دە؟
— شۇنداق، ئەمدى قاتتىق ئىشلەپ قازانىمىز، چۈمۈچنى-
مۇ ماي قىلىشىڭ، ئۆزىمىزنىمۇ، دۆلەتنىمۇ باي قىلىشىڭ
پەيتى كەلدى!
— قېنى ئەمىسە ئاشقا كېلىڭلار، — دېدى رەيھان ئۈس-
تەل ئۈستىگە تاماقلارنى تىزىپ، — گېپىڭلارنىڭ تۈگىشىگە
قارىسام ئاش سوۋۇپ كەتكۈدەك.
ئابلا ئەخمەتجان بىلەن پىنىسى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان
پوچۇرىنى ئېچىۋېتىپ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. چۈن-
كى، ئۇ كېلەر يىللىق دېھقانچىلىق ئۈچۈن فورسىدا «چوت»
سوقۇۋاتاتتى...



# ھارۋىكەش

ئابدۇۋەلى چاققانغىنا يۈك — تاقىسىنى كۆتۈرۈپ، قىسقا
يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، «يالغۇز تېرەك» كۆكشى-
سىغا قاتنايدىغان ئاخىرقى ئاپتوبۇسمۇ مېڭىپ كەتكەنىدى.
ئابدۇۋەلى ھامبال ۋە ھارۋىكەشلەرنىڭ: «ئۇكا، نەگە بارى-
سىز؟ قېنى ھارۋىغا چىقىڭ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئاپىرىپ
قويىمەن» دېگەن تەكلىپلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. چۈنكى، ئۇ بې-
كەت ئالدىدىكى يوغان بىر تۈپ كاداڭ سىدە بىلەن ئاسمانغا بوي
تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرگە قارىغىنىچە ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم
بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى.
ئۇ چاغدا بۇ بېكەت ئورنىدا بىر خارابە دۆڭ بولىدىغان.
مانا مۇشۇ بىر تۈپ سىدە تۈۋىدە، كەنت باشلىقى ئىبراھىم
تۆگىنىڭ ئون ئۈچ ياشلىق ئوغلى غولام ئۇنى ئۇزىتىپ قويغانى-
دى. ئابدۇۋەلىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، غولام بىر قولىدا
دوپپىسىنى، بىر قولىدا ئېشەكنىڭ چۇلۇۋرىنى سىقىمداپ،
كۆزلىرىدىن مونچاق — مونچاق ياش تۆكۈپ: «مىرزا ئاكا،
يالغۇز تېرەكنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دېگەنىدى. چارەك ئەسىر ئال-
ۋەتتە ئاز ۋاقىت ئەمەس — دە! ئۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە سەككىز
يىل ئىلگىرى، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ «بالا
كاتىپى» بولۇپ «يالغۇز تېرەك»تە يەتتە ئاي تۇرغان. ئىسلاھات
مېۋىلىرىنى تارقىتىپ، يەرلەرگە قوزۇق قېقىپ، دېلكەش دېھ-
قانلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشقان! شۇ چاغدا «بالا مىرزا»
دېگەن نامغا ئىگە بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پارتىيىنىڭ يېزى-
لارغا قاراتقان «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» سىياسى-

تىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەتتىن بۇ ناھىيىگە يەنە كېلىپ قالدى...

ئابدۇۋەلىنىڭ تەكلىپى بويىچە تۈنۈگۈن ناھىيىلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. كادىرلار: بۇ سىياسەتنىڭ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى بىردەك قوزغىغانلىقى ھەتتا مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى ئۆزئارا «ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ يىللىق كىرىمىنى كۆپەيتىش» نى شەرت قىلىپ، مۇسابىقە ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدە قىزغىن پىكىر بايان قىلىشتى. لېكىن، «يالغۇز تېرەك» تىن كەلگەن ياش شۇجى ئايۇپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، ئايىغى ئاستىغا تۈكۈرۈپ بېشىنى ئېگىپ تىقىپ ئولتۇراتتى:

— قېنى ئايۇپ، سىزمۇ سۆزلەپ باقمامسىز؟ — ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى ئايۇپنى گاڭگىرىتىپ قويدىمۇ نېمە، ئۇ دىماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

— مەن... مەن... ھىم... ماقۇل، سۆزلەي، — ئايۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — بىزنىڭ گۇڭشېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى باشقا جايلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئادەملىرى سەل گەدەنكەش، «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» نى يولغا قويغان ئىككى يىل ئىچىدە بۇ خەق ھارامزادىلىشىپ، يەرلەرنى تاشلاپ، گۇرۇپپىلارنى چۇۋۇپ، بىرسى ھارۋىكەش، بىرسى ناۋاي، بىرسى قاساپ بولۇۋالدى. شۇڭا...

ئايۇپ ئۆزىنى ئاقلاپ قانچە قىلىپ باققان بىلەنمۇ ھامان سۆزلىرى قولاشمىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان كادىرلار تەرەپ - تەرەپتىن پىكىر بايان قىلىشتى. قىسقىسى، ئايۇپ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان تاپا - تەنىلەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.



— كۆپچىلىك يولداشلار توغرا ئېيتتى، — دېدى پارتكوم شۇجىسى ئايۇپقا قاراپ، — «يالغۇز تېرەك» ھەققىدىكى ئىنكاسلار ۋە كەلگەن خەت - چەكلەر مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن جايلارغا ئادەم بارىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكومدىن كەلگەن يولداش ئابدۇۋەلى «يالغۇز تېرەك» نى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىمەكچى.

يىغىندىن كېيىن پارتكوم شۇجىسى ئابدۇۋەلىنى ئەتە ئەتىگەندە ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇۋەلى بۈگۈن كەچتىلا يېتىپ بېرىشنى ئويلىغانىدى...

— كادىر ئەپەندىم، نەگە بارىسىز؟ — ئابدۇۋەلى ئالدىدا تۇرغان كەكە ساقال، پاكار بويلۇق، كونا چىپەرقۇت چاپىنى ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان ھارۋىكەشكە قارىدى.

— «يالغۇز تېرەك» كە.

— قېنى، ھارۋىغا چىقىڭ. نامازشام بولۇپ قالدى. مەنمۇ شۇ ياققا كېتىمەن، — ھارۋىكەش ئابدۇۋەلىنىڭ يوك - تاقىسىنى ھارۋىغا باستى.

ئۇلار چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ھارۋىكەش «يولنى قىسقارتىش» ئۈچۈن بولسا كېرەك، تاغدىن - باغدىن گەپ سوراپ ماڭدى. ئابدۇۋەلىنىڭ قىسقا جاۋابلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئېچىلىپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ئوھوي، ۋىلايەتتىن كەلدىم دەڭ! قانداق، ئۇ تەرەپلەردىكى ناھىيىلەردىمۇ مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بېرىپ، مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغاندۇ؟

— شۇنداق، دېھقانلار ھەر ھالدا قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇۋەلى ھارۋىدا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — بۇرۇنقىدەك «ئىش - ئىشچانىنىڭ، نومۇر گەپتاننىڭ» بولىدىغان

ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، ئىشقىلىپ ئىشلەيدىغاننىڭ كۈنى تۇغدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ھەممىلا يەردە كۆڭۈل يايراپ، گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلغاندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ «يالغۇز تېرەك» زە...

— ھە، «يالغۇز تېرەك» قانداق، ئوخشىمامدۇ؟...

— ھەي... — دېدى ھارۋىكەش بېشىنى ئىرغىتىپ، — مانا مەن ئەسلىدە دېھقان. ھۆكۈمەت دېھقانىنى «بېيىۋالسۇن» دەپ مىڭبىر چارىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. لېكىن، بەزى باشلىقلىرىمىز: «بۇ خەقنىڭ قوۋۇرغىسىغا كىچىككىنە ماي قوندىمۇ بولدى. سالام — سائەتتىمۇ ئۆتتۈپ قالىدۇ» دەپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئالالمىغان مو بېشى مەھسۇلاتنى ئارتىپ قويسا، دېھقاننىڭ ھال — كۈنى يەنىلا شۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولمامدۇ؟ خۇددى «خۇدا بەرسە، خۇدا بەردىنىڭ قورسىقى كۆپتى» دېگەن شۇ — دە.

ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئايۇپ شۇجىنىڭ «بۇ خەق ھارامزادىلىشىپ كەتتى» دېگەن سۆزىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. ئايۇپ شۇجىنىڭ ئەلپازىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئېخى ئاز ساندىكى كادىرلار ئۆز ئالدىغا يەرلىك سىياسەت چىقىرىپ، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى ئىگىلىك سىياسىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

ھارۋىكەش ئەلەم بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى — دە، يوغان قاداق ئالىقانلىرىدا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— دۆيىمىز نەچچە يىلدىن بېرى تېرىيالماي زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن قىيپاش يارلىقتىكى ئاتمىش مو يەرنى گۆرۈۋېپىمىزدىكى بەش ئائىلىگە بۆلۈپ بەردى، — دېدى ھارۋىكەش تايىقىدا ئېشىكىنىڭ دۈمبىسىنى نوقۇپ، — بىز ئېسىمىزنى بىلگەندىن بېرى، بۇ يەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئىككى يۈز جىڭغا يەتكەن-



نى ئاڭلىغان ئەمەسمىز، بەزى پەسىل ياخشى كەلمىگەن يىللىرى ئۇرۇقلۇق دېگەن ئاقىتمۇ، كۆكتىمۇ يوق، ھېچنېمە ئالالمايسەن. ئېخى سۇغىرىش ۋاقتىدا باشقا يەرلەردەك ناخشاڭنى دۈڭ قويۇپ بېرىپ سۇغىرىدىغان گەپ يوق، بىر كۆزۈڭ ئارقاڭدا، بىر كۆزۈڭ ئالدىڭدا بولمىسا، سۇ دېگەن تۇسۇن ئاتتەك يۈگۈرۈپ مايسىلارنى ئېقىتىپ كېتىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەپلەشمىگەن يەردىن «ئۆتىۋىز جىڭ ئالىسەن» دېسە، سىزمۇ ۋاي دەيسىز.

— ئۇنداقتا سىز دېھقانچىلىقنى تاشلاپ، ھارۋىكەشلىك قىلىۋېتىپسىز — دە؟

— ھەئە، — دېدى ھارۋىكەش ئېشىكىنى تايىقىدا نوقۇپ قويۇپ، — «ئالە يېرىڭنى چېكەڭگە تېگىۋال، بويىنۇڭغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋال» دېدۇق. ھېسابلاپ كۆرسەڭ، يىل ئاخىرىدا ئۆزىمىزگە قالدۇرۇلغان يەرنىڭ ھوسۇلىنى قوشۇپ بەرسەكمۇ ئورۇنداپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى كۆزىمىز يەتتى. بۇنداق قىلغان گۆرۈۋېپىلار بىزلا ئەمەس، — ھارۋىكەش خۇددى ئېشىكىنىڭ قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك ئۇزۇن جىمىپ كەتتى — دە، بىردىنلا قولىنى شىلتىپ سۆز باشلىدى، — بىر كۈنى ئەزالار يىغىنىدا ئەترەت باشلىقى: «كىم قوشۇمچە كىرىمگە چىقىدۇ؟» دېدى، «مەن» دېدىم. «يىلىغا ئۈچيۈز ئاتمىش كوي تاپشۇرىسەن» دېدى، «ماقۇل» دېدىم. «دۆيدە ئون ئىككى ھارۋىغا باشلىق بولۇپ ئىشقا سالىسەن، ئون پىرسەنتىنى دۆيگە، ئون پىرسەنتىنى ئۆزۈڭگە، قالغىنىنى ھارۋىكەشلەرگە بېرىسەن» دېدى، «بولىدۇ» دېدىم. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ: «سەن پايدا ئېلىپ كېتىدىكەنسەن، بەش پىرسەنتىنى ئالساڭ، شەتتە — پەتتە» دەپ تىلىنى چاينايدۇ. «كۆتۈر قاسقىنىڭنى، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەيدىغان ھېلىم بوزەك ئەمەسمەن، بەش پىرسەنتىڭ بىلەن ئۆيدىكى بەش نەتەك جاننى قانداق باقىمەن، مېنىڭ باللىرىم ھاك

بىلەن زاك يەمدۇ» دېسەم، «ھەي، بۇ بىر سىياسەت، گۇڭشې
پارتكومى تەستىقلىغان سىياسەت. بىلەمسەن، سىياسەت دېگەن
تاش، سەن بولساڭ بىر تۇخۇم...» دېمەمدۇ، ئاچچىقىمدا:
«كۈنىگە ئون ياڭزا سىياسەت چىقىرىدىكەنسەن، سىياسىتىڭگە
ئىگە بولالمايدىكەنسەن، يەنە نېمە پالان ـ پوكۇن دەيدىغان ھەق-
قىڭ بار، ئىشلىمەيمەنغۇ، قانداق قىلىسەن» دەپ پېشىمنى
قېقىپ چىقىپ ھارۋىكەشلىك قىلىۋاتىمەن.
ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشنىڭ سۆزلىرىگە نە كۈلۈشنى، نە ئې-
چىنىشنى بىلمەي قالدى. دەرۋەقە، ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇ-
جىسى ئىپتىقاندەك «يالغۇز تېرەك» نە مەسىلىنىڭ خىلىلا ئې-
غىرلىقىنى پەملىۋالدى.
— بۇ ئىشلار چوقۇم ئىزىغا چۈشىدۇ، مەركەزنىڭ بۇ
توغرۇلۇق بىرلىككە كەلگەن چارە ـ تەدبىرلىرى بار، «يالغۇز
تېرەك» مۇ ئۆزگىرىدۇ، — دېدى ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشكە تە-
سەللى بېرىپ.
— شۇ، شۇ، بىزنىڭ «يالغۇز تېرەك» تىن باشقا يەرلەر-
نى مۇشۇ ئىككى قارا كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز، —
دېدى ھارۋىكەش جىددىي قىلىپ، — ئالايلى، بېقىنىمىزدىكى
«رۇشەنباغ» كەنتىدە سەككىز ئائىلىگە يۈزمو يەر بېرىپ، «مو
بېشىغا ئىككى يۈز توقسان جىڭ مەھسۇلات تاپشۇرىسەن» دەپ
بەش يىللىق مۇقىملىدى. بۇلتۇر ئۇلار يىللىق يېمەك ـ ئىچ-
مەك، يەم ـ خەشەكلىرىنى غەملەپ، ھەربىر ئائىلە يەنە نەق
ئىككى مىڭ تەڭگە ئارتۇقىسىغا سېلىۋالدى، بىز كالپۇكلىرىمىزنى
يالىشىپ قالدۇق. تېخى نېمە دەيدۇ دېمەمسىز، «بۇلتۇر پىلان-
لىق باشقۇرالمايتىمىز، بۇ يىل دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ
ئورۇنداشتىن سىرت، ئۈچ مىڭدىن ئاشۇرىمىز» دەيدۇ.
— ھەقىقەتەن «روشەنباغ» ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، —
دېدى ئابدۇۋەلى.



— شۇنداق، ئەترەت باشلىقى ياشىنىپ قالغىنى بىلەن
كونا دېھقان، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ
مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئالىدۇ. قالغىنىغا تاغارلاپ ئالتۇن
ئۇسسۇۋالساڭمۇ قىيا كۆزىنى سالمايدۇ، كۆكسى ـ قارنى توق،
سىياسەتنى جانلىق ئىشلىتىدىغان ئادەم ـ دە! — ھارۋىكەش
بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەپ كېتىپ بارات-
تى، — دەريادا سۇنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن،
كىچىك ئېرىق مىرابلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتقانلىقى «مانا
مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ! ئاممىزە، بىر قىسىم قارا
تۇرۇك ئادەملەر ھۆكۈمەتتىنلا كۆرىدۇ ـ دە! ۋۇي، — دېدى
ھارۋىكەش كەنت ئۆيلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، — كەپ
بىلەن كېلىپمۇ قاپتىمىز، ئۇدۇل گۇڭشېغىلا ئاپىرايمۇ؟
ئابدۇۋەلى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ھارۋىكەشتىن سورىدى:
— ئىبراھىم تۆگىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن... قانداق؟
— ئۇ ھازىر بارمۇ؟
— بار... نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟
— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشمەكچى... ھەي... — دېدى
ئابدۇۋەلى ئېسىنىدۇر ئەسلەپ، — مەن 1952 ـ يىللىرى ئۇ-
نىڭ ئۆيىدە...
— ھە؟... ئېتىڭىز نېمە؟ — ھارۋىكەش چۆچۈپ سورىدى.
— ئابدۇۋەلى.
— ئابدۇۋەلى؟ — شۇنىرلىدى ھارۋىكەش ۋە بىردىنلا
ۋارقىراۋەتتى، — ئاھ «مىرزا ئاكا» ... مەن... غولام ئەمەسمۇ؟
— غولام... — ئۇلار ئىككىسى ھارۋىدىلا قۇچاقلىشىپ
كەتتى.
— مىرزا ئاكا، — دېدى ھارۋىكەش مەھەللىگە كىرىپ
كېلىۋېتىپ، — ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىر چاغلاردا كىچە ـ كۈندۈز

تىنىاي كەتمەن چاپساقمۇ ھارمايدىغان زامانلار ئىدى ـ ھە؟ ھەر بىر سۆزىڭىز زومىگەرلەرنىڭ يۈرىكىگە مىخ، دېھقانلارغا بولسا ئۈمىسۆزلۈق ئىدى...

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇۋەلى ئىشەنچ بىلەن، — ئۇزۇن قېرىپ قالغان بولسامۇ، يەنە شۇنداق ئىشلىگىلى كەلدىم. ئەمدى سەنمۇ ياردەملىشەرسەن ياكى ھارۋىكەشلىك قىلامسەن؟

— راستمۇ؟ — غولام ئابدۇۋەلىنىڭ قولىنى تۇتتى، — بولدى، بۇنداق ھارۋىكەشلىكنى قويۇڭ. ئەمدى سىز كەلدىڭىز، ئىشلار چوقۇم يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، قېنى ئىسسە قەسەم ئىچىك... — غولام ھېلىغىچە ئۇنتۇيالمىغان بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم دەۋالدى.

— ئەزىمرايى... — ئىككى دوست قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كەتتى...



## يېتىمە

«گۈلىستان» مېھمانخانىسىنىڭ «06» نومۇرلۇق ئۆيىگە چۆرگىلىتىپ قويۇلغان ئۈستەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان سەككىز ئوقۇتقۇچى، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ئىمتىھان قەغەزلىرىنى زېھىن قويۇپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.

— 231 ـ نومۇرلۇق ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىنى كۆرمەدىغان، — كۈلۈپ كەتتى ئورۇقىنە بىر ئوقۇتقۇچى، — سوئال نەدە، جاۋاب نەدە؟ خۇددى ئاغزى بارمۇ دېسە، ئاغام يوق دېگەندەك بوپتۇ.

— سوئالدىن بەك چەتنەپ كېتىپتىمۇ؟ — سورىدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ.

— دەۋاتىمەنغۇ، يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى.

— ھەر ھالدا تولىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار يازغۇچى، شائىر ئەمەس ـ دە.

شۇ ئارلىقتا سىفەن ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۈچۈن ۋىلايەتتىن كەلگەن ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان خالىدىن ئەپەندىم سىلىق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ھە، نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ ماتېرىيال پوپكىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ.

— قاراڭ، خالىدىن ئاكا، — دېدى ئورۇق ئوقۇتقۇچى

ئىمتىھان قەغىزىنى خالىدىنگە سۇنۇپ، — ئەسلىدە بىرەر تېما ئاستىدا ئوچېرك، سەنئىتى ياكى بىرەر خاتىرە يېزىش تەلەپ قىلىنغان. لېكىن، بۇ ئوقۇغۇچى «مېنىڭ دادام...» دەپ...

ئوقۇتقۇچى گېپىنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى، ئىمتىھان قەغىزىگە ناھايىتى تېز كۆز يۈگۈرتۈۋاتقان خالىدىن «تىنچ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈرگەنىدى.

— ھازىر كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى خالىدىن سائىتىگە قاراپ، — مەن كەچلىك دەم ئېلىشىمدىن پايدىلىنىپ كۆرۈپ چىقسام بولامدۇ؟

خالىدىن تاماق يەپ كەلگەندىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ، چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، يوپكىسىدىن ھېلىقى ئىمتىھان قەغىزىنى قولىغا ئالدى، ئۇ بايىلا «مېنىڭ دادام...» دېگەن بۇ «ئەسەر» نىڭ تۇنجى سەھىپىلىرىنى كۆرۈپلا، خۇددى گۈل شىرنىسىگە قانمايۋاتقان ھەسەل ھەرىسىدەك، دىل ئىشتىياقى باغلىنىپ قالغانىدى، ئۇ قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى:

«مېنىڭ دادام»

قان ـ ياشقا تولغان يېتىمچىلىك كۈنلىرىنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى، بىچارە دادامنىڭ ئىككى ئاش ئارىلىقىدا قىينىلىۋاتقان غەمكىن چىرايى غۇۋا چۈشتەك گاھى كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدۇ، گاھى تاڭ ئالدىدىكى تۇماندەك سۇسلىشىدۇ، يوقايدۇ.

مەن ئەقلىمنى بىلگەندە، ئۆگەي ئانا قولىدا ئىكەنمەن. ھازىرمۇ ئاشۇ چاغلىرى، بوغان يالپا يۈزى، ھەتتا كىرپىكلىرىگىچە جىگدە گۈلىدەك ساپسېرىق، تەرى سۇرۇن، ئەسەبىي، ئەلپازى يامان ئۆگەي ئانام ئاينىسانى ئويلىسام ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىمەن.

دادام ئاينىسانىڭ مىجەزىنى بىلگەچكىمۇ، مەن بەش —



ئالتە ياشلارغا كىرگۈچىلىك ئۇ مېنى مەكتىپكە بىللە ئېلىپ كېتەتتى. مەن بەزىدە دادامنىڭ بېشىنى ئېرىغىتىپ، خورسىنغان ھالدا پىچىرلاپ: «ھەي... تۇغماس ئايال بالا خالىمايدىكەن ـ دە» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. لېكىن دادام ماڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. مەكتەپتىن كېلىپلا، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى، سۆيەتتى، ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرەتتى. مەن بىر كۈنى كەچكىچە ئاينىسانىڭ چىمداش، تۇككۇرۇش، دۇمبا ـ دەششەملىرى بىلەن ئۆينىڭ پۈتۈن ئۇششاق ئىشلىرىنى بىللە كۆتۈرۈپ، ھېچ ھالىم قالمايتتى، لېكىن دادام كەلگەن ھامان خۇددى ھاردۇقۇم چىققاندەك يېنىكلەپ قالاتتىم.

ئاينىسا بەزىدە بىر نەچچە تال سىمنى قىزىق قوقاسقا كۆمۈپ قويۇپ، ئەينەك ئالدىدا ماڭلاي ۋە چوقا چاچلىرىنى بۇدۇرە قىلاتتى. بىر كۈنى ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىزلا ۋارقىراپ قالدى:

— ھوي پاسكىنا، سىمنى ئەكىرىپ بەرگىن.

مەن ئوتتىن ئۇچى چىقىپ تۇرغان سىمنى ئېلىپ ئەكىردىم. ئاينىسا مېنىڭ چىرايىمغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن قولۇمدىن سىمنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ «چىق» دېدى. مەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقا ـ چىقمايلا ئۇنىڭ «سەت قاسماقنىڭ چىرايى قويۇپ قويغاندەكلا ئانىسى ئالۋاستىغا ئوخشايدا» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئاينىسا مېنى بارغانسېرى خارلاپ، قورسىقىمدىن قىستىشقا باشلىدى، دادام خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا، ئۇنىڭ بىلەن تاماق يەۋالسام، تا دادام كەچتە قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك بولاتتى.

كېيىنچە مەن دادامنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىن قاچىدىغان بولدۇم. چۈنكى، دادام ماڭا بىرەر ـ ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قويغان كۈنى، ئاينىسا بىر ئىشنى

باھانە قىلىپ ئايىمايلا ئۇراتتى ۋە قولىقىمدىن تۇتۇۋېلىپ تەھدىت سالاتتى. شۇڭا، پات ـ پاتلا يۈزۈمدە تاياق زەربىدىن زىدىلەر پەيدا بولىدىغان بولدى.

— يۈزۈڭگە نېمە بولدى قىزىم، — دېدى بىر كۈنى دادام چېچىمنى سىلاپ.

— يىقىلىپ چۈشتۈم... — مەن ئېتىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم ۋە تالاغا چىقىپ، بولدى دېگۈچە يىغلىۋالدىم. مەن ھەر قاچان «ئۇتۇن تەگدى»، «پۇتلىشىپ كەتتىم» دەپ يالغان ئېيتاتتىم. بۇنداق قىلغىنىم يەنىلا بىچارە، تەڭلىكتە قالغان دادامنى ئاياش ئىدى. چۈنكى، ئايىنسانىڭ دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزلىرىنى يارا قىلىۋېتىشى ۋە ھويلىغا چىقىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئادەم يىغىپ جېدەل چىقىرىشى، ھەتتا كوچىغا چىقىپ، نومۇس قىلماي دادام ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى! ئايىنسا، ئادەم قانچە توپلاشقانسېرى جانلىنىپ، ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، بېشىنى سىلكىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ يالغان ھەقىقىتىگە ئىشەندۈرۈشنى بىلەتتى. كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارماي ۋارقىراپ يىغلىغىلى تۇرسا، مەھەللىنىڭ ئىتلىرىمۇ قاۋاپ كېتەتتى. لېكىن، دادام نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇراتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆگەيلىكتە ئۆتكەن تۇرمۇش، مېنى كىچىك تۇرۇپلا بەكمۇ ئېھتىياتچانلىققا ئۆگەتكەنىدى.

ئايىنسا دادامنىڭ ماڭا بولغان ئاتىلىق مېھرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھەر كۈنى دېگۈدەكلا مېنى دادامغا يامان كۆرسىتىپ: «ئۆيدە بىر نەرسە تۇرمايدىغان بولدى، قەندەلدە قەنت يوق، تەخسىلەردىكى تاتلىق ـ تۈرۈم نەرسىلەرنى قۇرۇتىۋەتتى. مېھمان ـ يوچۇن كەلسە نېمە قويىمەن؟» دەپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشىغان نەرسىلەرنى ماڭا دۆڭگەپ، ئوغرى تۇتۇشقا باشلىدى.



بىر كۈنى، «دادامنىڭ تامىقى ئىسسىغراق تۇرسۇن» دەپ قازاننىڭ ئىچىگە سېلىپ قويماقچى بولۇپ، ئىشكاپتىن تەخسىدىكى لەڭمەننى ئېلىشىم بىلەن تەخسە قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئايىنسا مېنى لاخشىگىر بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ھارغاندىلا توختىدى. كەچتە دادام كەلدى ـ دە، يەردە چېچىلىپ ياتقان ئاش ۋە تەخسە سۇنۇقلىرىغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— بۇ نېمە ئىش ئايىنسا؟

— ماۋۇ قولى ئەگرى شۇمشىكىزدىن سوراڭ، — دېدى ئايىنسا دادامنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قەستەن تازىلىغىلى قويمىغان ئاشقا قاراپ، — «يېتىمنىڭ قارنى يەتتە» دېسە نېمە دېگىنىكىن دەيتتىم، مانا ئەمدى ئوغرىلاپ يېمىگەن سىزنىڭ ئېشىڭىز قاپتىكەن، زادى بۇ ئوغرى مۈشۈكنىڭ دەردىدە يۈرەكلىككىنە بىر نەرسە ساقلىيالمايدىغان بولدۇم.

— خالىنۇر... سەن... — دادام تەڭلىك ئىچىدە ماڭا قارىدى.

— دادا... مەن... سىزنىڭ ئېشىڭىزنى... ئىسسىق...

— يالغان ئېيتما! — «چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن كۆز چاناقلىرىمدا يوغان بىر پارچە ئوت ۋال قىلغاندەك بولۇپ كەتتى ـ دە، خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم.

— نېمانچە باغرى تاش خوتۇنسەن! مەن كىچىك نارەسىدىنى قانداق ئۇرۇشنى بىر ئۆگىنەي، ھە... مانا ساڭا... — دادامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئايىنسا ھويلا ئىچىدە تولۇق تاشتەك يۇمىلىنىپ چىرقىرايتتى، ۋارقىرايتتى، چاچلىرىنى چۇۋۇيتتى، قاباھەت تىللار بىلەن دادامغا ئېسىلاتتى. دادامنىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى يىرتىلىپ، مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— ھە، مېنى بىكارلا ئۇرۇۋسىنا، توختا! ھارامدىن بول-

غان شۇمشىكنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمىسەم ئاينىسا بولماي كېتەي... مەن سېنى سولىتىۋەتمىسەم، ئاتتۇرۇۋەتمىسەم، قېنى شۇ چاغدا كۆر... — ئاينىسا تۇيۇقسىزلا دادامنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالدى.

دادامنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك يېغىۋاتقان تىل - قارغىشلار، ھاۋايىلارچە ئېيتىلىپ ئېسىلىشلار تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. مەن دادام بىلەن ئاشخانا ئۆيدە يېتىپ قالدىم. دادام نېمە ئۈچۈندۇر، تۈرۈپلا چوڭقۇر ئۇلۇغ كىچىك تىناتتى. مەن بولسام ئەنسىز خىياللار ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتىم.

مېنىڭ ئانام مۇشۇ ئاينىسادەكمۇ يامان ئايالمىكىنە؟ دادامغا ئۇنىڭ قايسىبىر گۇناھلىرى كەچۈرگۈسىز ئېغىر كەلگەندۇ؟ قوشنىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، مېنىڭ ئانام قول ئىشلىرىغا ماھىر، دوپپىچى، مۇلايىم ئايال ئىكەن. ئۇ دادامغا قاش كۆتۈرۈپ قارىمايدىكەن ھەم «سىلى، ئۆزلىرى» بىلەن دادامنى مېھماندەك ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈتىدىكەن... مەن: «ئەگەر دادام، ئانامدىن ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا بۇنداق يېتىمچىلىك، ئۆگەي دەردىنى تارتمايتتىم. كىچىك تۇرۇپلا ئاينىسانىڭ تىل - تايىقى بىلەن ئېزىلىپ كەتمەستىم» دەپ ئېغىر ئويلارغا چۆمگىنىمدە، ئاينىساغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىم ۋۇجۇدۇمدا ئوت بولۇپ ياناتتى. لېكىن، مەندەك يېتىم قىزنىڭ بۇنىڭغا نېمە ئامالى بار!

— ئۇھ... — دادام تۇرۇپسا قارىغىنىچە پىچىرلاشقا باشلىدى، — گۆھەرنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىكەنمەن! — دادامنىڭ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىققان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىدى، — كەچۈر قىزىم، داداڭ ساڭا يۈز كېلەلمەيدۇ. سەن... سەن ئۈنچىقمىغان بىلەن، مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن ھەممىنى چۈشىنىمەن، سېنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭنىڭ قاتىلى مەن بولۇپ قالدىم...



«دادام تۇيۇقسىزلا باشلىرىمنى سىلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى...»

خالىدىن ئەپەندىم ئىمتىھان قەغىزىنى پۈتۈنلەي كۆرەلمەي قالدى! چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تۇتاش ياش پەردىسى قاپلىۋالغانىدى! ئۇ ئىمتىھان قەغىزىگە يۈزىنى يېقىپ، چوڭقۇر بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان، سۈزۈك ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۈستەل ئۈستىدە يېتىپ قالدى. چۈنكى، ئاخىرقى سەھىپىلەر خالىدىننى شايى رومال ئىچىدىكى مۇلايىم دوپپىچى قىز گۈلنۇر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى...

خالىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، دارىلمۇئەللىمىنگە كەلگەن يىللىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر دوپپىچى قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىز شايى رومال بىلەن يۈزىنى يېرىم يۆگىۋالغان بولۇپ، قولىدا ئىنتايىن نەپىس تىكىلگەن بىر دوپپىنى تۇتۇپ تۇراتتى. خالىدىن دوپپىغا قارىغاندا، تولىراق ئۇ قىزنىڭ قوڭۇر ئەمما مەخمەلدەك تىمىق، ئويچان كۆزلىرىگە، قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك ئىنچىكە قاشلىرىغا مەھلىيا بولۇپ قالدى

— بۇ دوپپىنى سىز تىكتىڭىزما؟

— خوش...

— پاھ، قوللىرىڭىزنى ئىسىرىقداپ تۇرسىڭىز بولغۇدەك

— رەھمەت ماختىغانلىرىغا...

خالىدىن ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى يوق، يەككە - يېگانە ئادەم تۇرۇپ، دوپپىنى قىزنىڭ دېگىنىگە ئېلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئەتىسىلا خۇددى شامال ئۇچۇرغان پەيدەك تۇيۇقسىز دوپپىچى قىزنىڭ يېنىغا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ قىزغا تىكىلىپ ۋە دۇدۇقلاپ، — تۈنۈگۈنكى دوپپىنى كىچىك سىڭلىمغا كىيگۈزۈپ قويسام، چوڭى تالىشىپ قالدى، — خالىدىن قانچە ھەرىكەت قىلىپمۇ قىز-

نىڭ يۈزىنى تولۇق كۆرەلمىدى .

— مانا بۇنى كۆرسىلە ، — دوپپىچى قىز تۈنۈگۈنكى دوپپىدىن چىرايلىق بىرنى ئېلىپ بەردى . شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر كەلگەن شوخ شامال قىزنىڭ شايى رومىلىنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى قىزنىڭ ئايجامالىدىن مەست بولغان خالىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تىكىلىپ قالدى...

بۇرنى سۇزۇك ۋە ئېقىپ چۈشكەندەك ، گويا ئانىسى سۈت ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچكۈزگەندەك مەڭزى قىپقىزىل ، لەۋلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان بۇ قىز ، شەلپەردەك قىزىرىپ ، خېرىدارغا ئېھتىرام بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى .

— سىڭلىم ، ئىسمىڭىز ؟

— گۈلنۇر !

خالىدىن شۇ كۈنى كەچكىچە دالدا بىر يەردە گۈلنۇرنى كۈزەتتى . قىز كەچتە يانغاندا ئارقىسىدىن مېڭىپ ئۆيىنى كۆرۈۋالدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندىلا قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئايلاندى . ئۇ ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى .

خۇددى ئىش ئوڭىغا تارتسا ، ئۇستام ئۆزى يېتىپ كەلگەندەك ، ئورۇقىنا بىر ئايال بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ ، ئىككى قەدەمدە بىر قويۇپ ھاسىراپ كېلەتتى . خالىدىن سىنىغۇچى كۆزلىرى بىلەن بۇ ئايالنىڭ مۇشۇ قورۇغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ مومايىنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئالدى :

— ئەكەلسىلە چوڭ ئانا ، مەن كۆتۈرەي ، قايسى ھويلىغا كىرىدىلا ؟

— رەھمەت بالام ، ئاشۇ ئۇدۇلدىكى ، — دېدى ئايال ھاسىراپ ، — كۈندە قىزىم ئەكېلەتتى ، بۈگۈن تۈنۈگۈنكى بازارلىق دوپپا تەييارلاۋاتىدۇ . شۇڭا ، ئۆزۈم چىقىشىم .

خالىدىن سۇنى كۆتۈرۈپ ، دېرىزە ئالدىدىن ئۆتكەندە گۈل-



نۇرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئىشىكتىن كەپتەردەك قانات قېقىپ چىققان گۈلنۇر خالىدىنغا قاراپ ، خۇددى لالەرەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىدەك قىزىرىپ كەتتى .

— ھارمىغايلا... — گۈلنۇر «لاپ» قىلىپ «كۆز سالمى» قىلغاندىن كېيىن ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى :

— ئانا ، ئاخشام مەن ساڭا گېپىمنى قىلىپ بەرگەن كىشى مۇشۇ ، ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟

— ئېسىمدە ، ئېسىمدە ، — دېدى موماي خالىدىنغا سۆيۈنۈپ قاراپ ، — ئەلۋەتتە مال تونۇيدىغان ئادەم باشقىدە ، باھاسىغا يېتىپ ئالىدۇ .

گۈلنۇر ، ئانىسى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن «خوش ، يەنە كېلىپ قاپسىز ؟» دېگەندەك نەزەر بىلەن خالىدىننىڭ خىجالەتچىلىك ئورنىۋالغان چىرايىغا قاراپ ، ئىللىققىنە كۈلۈپ قويدى . ھودۇقۇپ قالغان خالىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى .

— مەن... مەن... ھە ، ھېلىقى دوپپىنى... دوپپىڭىز...

گۈلنۇر كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ خۇددى تاڭ سەھەردە ھۆپپىدە ئېچىلغان ، بەرگىلىرىدە شەبنەم تامچىلىرى تىترەپ تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك لەۋلىرى خالىدىننى شەيدا قىلىۋالدى !

خەيرىيەت ، خالىدىنغا مومايىنىڭمۇ مېھرى چۈشۈپ قالدى . خالىدىنمۇ كۈندە دېگۈدەكلا مومايىنى يوقلايدىغان بولدى . موماي بەزىدە قىزىغا : «ماڭ قىزىم ، خالىدىن ئاكاڭنى چاقىرىپ كەل ، لەگمەنگە ئامراق ئىدى» دەيدىغان بولدى .

گۈللەر بەس - بەس بىلەن ئېچىلىپ ، خۇش پۇراقلىرى بىلەن تەبىئەتنى مەست قىلغان شېرىن ۋە چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، خالىدىن بىلەن گۈلنۇر يۇرۇڭقاش بويلىرىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىشتى . گۈلنۇر خالىدىننىڭ ھېچ نەرسىسى يوق ، يېتىم ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ سورىدى :

— ئەمسە، دوپپىلارنى نېمە قىلدىڭلا؟

— ئۇ دوپپىلار، — خالىدىن چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قىزنىڭ كۆزىگە قارىدى، — سىزنىڭ ماڭا قالدۇرغان يادنامىڭىز ۋە ئۇ ماڭا بەزى نەرسىلەرنى ھەمراھ قىلدۇ...

— نېمىنى؟ — قىز بېشىنى بىر چىرايلىق ئېگىپ، خۇمار كۆزلىرى بىلەن خالىدىنغا قارىدى.

— سىزنىڭ مەجنۇنتال نوتىسىدەك نازۇك سىيمايىڭىز، گۈل - چېچەكلەر تۆكۈلۈپ تۇرغان ماھىر قوللىرىڭىزنى... — خالىدىن كۆك ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلارنى قارىغىنىچە ھاياجان بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋەتتى، — گۈلنۇر، سىزنى كۆرگەندىن بېرى ئۇيقۇم بۇزۇلدى... ئىشتىھايىم تۇتۇلدى... چاقنىغان گۈلنىڭ نۇرى ئەقلىمنى ئالدى...

— زاڭلىق قىلمىسىلا... — گۈلنۇر ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرىنى توستى، — خالىدىن ئەپەندىم... بۇ... بۇ راستمۇ؟

— گۈلنۇر، گۈلنۇر! — دېدى خالىدىن، — يۇرۇڭقاشنىڭ سۇلىرى سىزگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمگە شاھىت بولسۇن! ئەنە ئۇ ئاقۋاش تاغلار دىلىمنىڭ پاكلىقىغا گۇۋاھ بولسۇن!

— بولدى... بولدى... سۆزلىمىسىلە، — دېدى گۈلنۇر كۆڭلىنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان تۇيغۇلىرىنى باسالماي، — مەن... ئۇنداق ئۇلۇغ سۆزلەرنى قىلالمايمەن... مەن قارا تورۇك قىزمەن. ئۆزلىرى ئىلىم ئەھلى. كېيىنچە... كېيىنچە... بىراۋلار ئالدىدا خار بولۇپ قېلىشىمنى ئويلىماملا... — گۈلنۇر يىغلىۋەتتى... — مەن... مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، كېيىنچە ۋاپاسىزلىق دەشتلىرىدە باش ئۆمرۈم خازان بولمىسۇن!

— ئىشىنىڭ گۈلنۇر، ئەگەر مەن ۋاپاسىزلىق قىلسام، — خالىدىن دەريا ساھىللىرىنى كۆرسەتتى، — مانا مۇشۇ ئانا دەريا تاشلىرى نەپرەت ئوقى بولۇپ بېشىمغا ياغسۇن!



— ئاھ خالىدىن، ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردىم... نېمە ئۈچۈندۇر، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن سىلىنى... — قىز قىزاردى، — لېكىن مېنىڭ سىلىگە بېرىدىغان گۆھەردەك ساپ ئەنتارەدەك يوشۇرۇن ۋە ياخشى كۆڭلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق... — گۈلنۇر كۆزىدىكى لەئەل - ياقۇتتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى گۇۋاھ قىلىپ، پىچىرلىغىنىچە خالىدىننىڭ كۆكسىگە باش قويدى، — سىلىگە ۋاپاسىزلىق قىلسام چىراغ باغرىمدا كۆيسۇن!

ئۇلار، دەريا بويىدىكى مەجنۇنتاللارنى ئارىلاپ، سۇ كېچىپ سۇ چېچىپ ئويناشتى. خالىدىن چوڭلۇقى بادامدەك، توق ھال رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قاشتېشى تېپىۋالدى، گۈلنۇر تاراشنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدا كىچىك لەۋلىرىگە باستى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق تاش، قېنى ئىككىمىز بۇ تاشقا تەڭ قارايلى. بىزنىڭ ۋاپادارلىقىمىز بۇ خىسلەتلىك تاش ئىچىدە پاك ساقلانسۇن!

خالىدىن قاشتېشىنى زەرگەرگە ئاپىرىپ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گۈللۈك رىغزىغ قويدۇرۇپ ۋە ئالتۇن زەنجىر بېكىتىپ، گۈلنۇرنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

خالىدىن گۈلنۇر بىلەن توي قىلىپ ئىككى يىلغىچە خۇددى ئاشىق - مەشۇقتەك، بىر - بىرىگە قانماي ئىناق ئۆتۈشتى.

خالىدىن گۈلنۇرنى توي - تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىش، تاماشىلارغا باشلاپ باراتتى. ئۇ يەردە خالىدىن تانسا ئوينايتتى، لېكىن، گۈلنۇرغا «ئۆگىتىپ قويىمەن» دېسىمۇ ئۇ زادىلا ئۇنىمايتتى.

— خالىمايمەن... زادى خالىمايمەن... ئۆزلىرى... ئۆزلىرى... ئويناسىلا...

گۈلنۇر كېيىنچە بۇنداق يەرلەرگە بارمايدىغان بولدى. ئەمما خالىدىننى توسمىدى. يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆي ئىشى: خالى-

دىننى كۈتۈش، كىر يۇيۇش، ئاش - تاماق ئېتىش بىلەن ئۆتتى.

گۈلنۇر يادۇرقى يىلى خالىدىنغا بىر قىز تۇغۇپ بەردى.

— خالىدىن، — دېدى تۇغۇتلۇق ياتقان گۈلنۇر خالىدىننىڭ بوينىدىكى خالىنى سىلاپ، — قىزىمىز سىلىگە ئوخشاش خاللىق تۇغۇلدى. ئىسمىنى...

— مېنىڭچە، — دېدى خالىدىن ئويلىنىپ، — «خالىدىن»، «گۈلنۇر» ئىككى ئىسمىنىڭ بىرلەشمىسى — «خالنۇر» بولسا قانداق؟

خالنۇر بىر ياشقا كىرگەندە مومىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى گۈلنۇرنىڭ كۈندىلىك ئىشى خالىدىننى كۈتۈش بىلەن ئوماق قىزىنى بېقىش بولۇپ قالدى.

لېكىن، بۇ كۈنلەردە، خالىدىن ئويۇن - تاماشىدىن قالمىدى. بىر كۈنى تانسىدا، ئۇ سېرىق چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان، گۆپۆلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغان بىر قىز بىلەن تانسا ئوينىدى.

— ئايالىڭىزنى ئېلىپ كەلمەپسىزغۇ؟ — دېدى قىز تەبەسسۇم بىلەن.

— ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ.

— قارىشىمچە، — دېدى سېرىق قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — ئايالىڭىز مەدەنىيەتنى سۆيمەيدىغان نادان بولسا كېرەك، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇ مېنىڭ پەرىزىم، بۇنداق ئائىلە بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولارمىكىن دەيمەن.

خالىدىن بىر پەس نېمىدۇر ئويلانغاندەك قىلدى ۋە سورىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئاينىسا، ئۆزۈم ئوقۇتقۇچى...

خالىدىن تۈنۈگۈندىن باشلاپ، تانسىدا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى. ئۇلار ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، شېرىن سۆھبەتلەردە بولاتتى. بولۇپمۇ قىزنىڭ



گېپى تۈگىمەيتتى. ئۇلار ئاخىرىدا ھەتتا «بۇ شەنبىنى نەدە ئۆتكۈزىمىز» دېيىشكۈچە يەتتى.

ئاينىسا خالىدىن بىلەن ئۇچرىشىش مىنۇتلىرىنى خۇددى ھېيت - بايراملارنى قارشى ئالغاندەك، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى خىللاپ كىيىپ كۈتۈۋالاتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئەينەك ئالدىدا ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى.

ئۇ تۇزدەك ياسىنىپ، ۋەدىلەشكەن يەرگە كېتىۋېتىپ، يەرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئانچە - مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان خالىدىننىڭ كەلگۈسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شېرىن خىياللارغا چۆمەتتى: «خالىدىننىڭ شائىر بولۇشىدا گەپ يوق! ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت دېگەن يامغۇردەك يېغىپلا كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېڭى يۇققاندەك، مەنمۇ چەتتە قالمايمەن - دە! ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان نى - نى گۈزەللەر خالىدىنغا ھەۋەس بىلەن باقسا، ماڭا ھەسەت كۆزلىرىنى تىكىدۇ. مەنچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن گىدىيىپ ئۆتۈپ كېتىمەن...»

يېقىندا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان بىر كومېدىيە ئېسىگە كەلگەن ئاينىسا «پۇسۇققىنە» كۈلۈۋەتتى. شۇ كۈنى تاماشىبىنلار كومېدىيىنى كۆرۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولدى. ھەتتا بەزىلىرى ئالدىدىكى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە ئۇسۇۋەتتى... ئويۇن ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئاپتورنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشتى. خالىدىن سەھنىگە چىققاندا، قىزغىن ئالقىشلار ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

ئاينىسا ھاياتىدا نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن يۈردى. بەزى يىگىتلەر ئاينىسانى «يولىڭىز بولمىغۇن» دېيىشتى، بەزىلىرىنى

بولسا ئۆزى تاشلىۋەتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ماتاشى بولغان بىلەن نام - شۆھرىتى يوق كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك جۈپ تاپالماي يۈرەتتى.

— ئەر - ئاياللىڭ كەسپى ئوخشىسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ — دېدى بىر كۈنى ئايىنسا باغچە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، — بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ، تەڭ ئۆگەنسە، تەڭ ئالغا باسسا بۇ ئەڭ مەنىلىك تۇرمۇش بولمامدۇ؟

كېيىنچە، بۇ سۆزلەر ئۆي ئىچىدە خالىدىننىڭ سۆزلىرى بولۇپ قالدى.

— ھەي... غايە، ئارزۇ، مەدەنىيەت، تۇرمۇش كۆز قارىشىڭ ئوخشىمىسىمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكتە... — دەيتتى ئۇ ئەدىلا بىخ ئۇرۇۋاتقان سوغۇقچىلىق شۇمبۇيىسىغا سۇ باشلىغاندەك.

خالىدىننىڭ ئايىنسا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانسېرى، ئۇ گۈلنۇرنى خارلايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇ گۈلنۇرنى يۈزىدىن - يۈزىگىلا «مەدەنىيەتسىز»، «كالۋا» دەپ تىللايدىغان بولدى.

خالنۇر ئۈچ ياشقا قەدەم قويغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قارلىغاچ چاڭگىسىدەك چۇۋۇلۇپ كەتتى.

ئانىسىدىن، تاتلىق قىزىدىن، ياخشى كۆرگەن ئېرىدىن ئايرىلغان گۈلنۇر بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققان ھالدا ئارقىسىغا قارا - قارا يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

خالىدىن گۈلنۇردىن ئاجرىشىپ يېرىم يىلمۇ ئۆتمەي ئايىنساغا ئۆيلەندى. ئايىنسا ئويۇن - تاماشىنىڭ چەۋەندازى بولۇپ، خىزمەتكە كەلگەندە بېشى ئاغرىيتتى. ھەتتا بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرى خالىدىننى چاقىرىپ، مەكتەپنىڭ يىللىق خۇلاسىسىنى كۆرسەتتى:

— مانا، ئايالىڭىز تۇتقان سىنىپنىڭ ھالى. ئوقۇغۇچى-



لارنىڭ كېلىش، كۆچۈش ۋە سۈپەت نىسبەتلىرىگە قاراڭ. بۇ سىنىپنىڭ پەۋقۇلئاددە تۆۋەن نىسبىتى ئارقىلىق بۇ قېتىم شەھەر بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ھەممىنى ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدۇق. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلارنىڭ ئاساسىنى ئوبدان تۇرغۇزمىسا، ئوتتۇرا مەكتەپتىكىلەر بىزنى «نان قېپى» دېمەمدۇ؟

خالىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خىجالەت بولدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئايىنسا بىلەن سۆزلەشتى. مانا شۇ چاغدىلا ئايىنسانىڭ مۈڭگۈزى رەسمىي ئاشكارا بولدى.

— ئىشلىمەيمەنغۇ قانداق قىلىسەن؟ ئەرگە نېمىدەپ تېگىدۇ؟ ياخشى يېمىش، ئېسىل كىيىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ خوراز چىلىغىدا دان تېپىپ بېرەلىگۈچىلىكىنى چاغلاپ، مېكىيانتى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرىدۇ.

ئايىنسا ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن چېكىنىپ، بىكار بولۇپ قالغاندىن كېيىن خالنۇرنى ئېغىر ئىش، تىل - ھاقارەت، تاياق بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاشقا باشلىغانىدى.

ئايىنسانىڭ خالنۇرنى «ئاش ئوغرىلىدى» دېگەن باھانىدا لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇۋش ۋەقەسى بولغان كېچىسى، خالىدىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ھەقىقەتەن، گۈلنۇرغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن تالى - مەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇپ كەتكەنلىكىنى ئېچىنىش بىلەن ئويلايتتى.

دەرۋەقە، خالىدىن گۈلنۇرنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىگە ۋە ناز - كەرەشمىسىگە ئاشىق بولۇپ، ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرمەپتىكەن... مانا ئەمدىچۇ؟ ئايىنسا ئۇنىڭغا ئوبدانلا «ساۋاق» بېرىپ، تۇرمۇش ئۆز غەلۋىرىدە راسا تاسقىغاندىن كېيىن گۈلنۇرنىڭ قەدىرىگە يېتىپ، چىن دىلىدىن ياخشى كۆرمەكتە ئىدى! لېكىن ئۇ قىزىنىڭ جاراھەتلىرىنى سىلاۋېتىپ، گۈلنۇردىن مىڭ مىراتەم كەچۈرۈم سوراۋاتقىنىدا، گۈلنۇر يوق ئىدى...

...

خالىدىن ئەپەندىم، ئۇزۇن يىللار سەرسان بولۇپ ئىزدىگەن قىزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە يېقىنلا بىر يەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندە، ھاياجان ۋە شادلىقتا قىزىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنىڭ داۋامىغا كۆز يۈگۈرتتى:

«دادامنىڭ قەلبى مەن كۆرۈۋاتقان خورلۇقلاردىن ئۆرتىنىپ، كۈندىن - كۈنگە، يوشۇرۇن بىر ئازاب ئىچىدە يېنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئاخىر سەۋر - تاقىتى تولغان دادام، ئاينىساغا ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— نېمە؟ — قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ئاينىسا، — ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مەن سېنى پۇتۇمغا يۆگەپ پايتىما قىلىپ سېسىتىۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ھېساب - كىتاب قىلىشىمىز، — دېدى ئاينىسا ئاغزىنى پۈرۈپ، — مەكتىپىڭدە جىنايىتىڭدىن ھېساب بېرەلمەي، پۈرنۇڭ كېپىشتەك بولدى. يەنە تېخى ئاجرىشىشنىڭ كويىدا بولامسەن؟ ماقۇل، جېنىڭ بەك ئالدىراپ قالغان بولسا مەن سېنى بىكارلاپ قوياي...

دادام ئاينىسا ئېيتقاندەك، سەھنىدە قويۇلغان درامىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىر - ماقالىلىرى ئۈستىدىن ھېساب بېرىۋاتاتتى.

ئاينىسا شۇ كۈنىلا دارىلمۇئەللىمىندىن تۆت كىشى باشلاپ كەلدى. ئۇ دادامنىڭ كۆزىچە، يوتقان - كۆرپىلەرنى چۇۋۇپ، ياستۇقلارنى ئېچىپ، ساندۇقلارنى گۆپۈلدىتىپ ئېچىپ، ئىشكاپ ۋە ئىشتازىركىلارنىڭ قۇلۇپىنى بولقىدا ئۇرۇپ چېقىپ، پۈتۈن كىتابلارنى خىزدەي خىش دۆۋىلىگەندەك ئۆي ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى ۋە غالجىرلارچە دادامنىڭ ئالدىدىن گىدىيىپ ئۆتۈپ، ئامبار ئۆيگە كىرىپ ھەممىنى چاقىردى. ئۇ ئوتۇن - كۆمۈرلەر-



نى يۆتكەشنى بۇيرۇدى. ئۆي بۇلۇڭى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر دانە يەشىك ساندۇق چىقتى. ئاينىسا يەشىكنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، قەھرى بىلەن يەرگە ئۇردى. يەشىك ساندۇق پارە - پارە بولۇش بىلەن، كىتابلار چېچىلىپ تۆكۈلدى...

— مانا، — دېدى ئاينىسا تەنتەنە بىلەن كىتابلارنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى ئۇنداق ئاددىي كىشى ئەمەس، ئوقۇيدىغىنى، ئۆگىنىدىغىنىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلنىڭ... ھەتتا ئەكسىيەتچى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ رەسىملىرىنىمۇ ساقلىغان، — ئاينىسا ئۆي ئىچىدە يەنە قۇيۇندەك پىرقىرىغىلى تۇردى

دادامنىڭ پۈتۈن بايلىقى، ئەڭ ئېغىر يىللاردىكى دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلاردىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغان كىتابلىرى ئىككى ئاغارغا پۈرلاپ تېقىلدى، ئۇلار كىتابلار بىلەن دادامنى بىللە ئېلىپ كېتىشتى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئاينىسانىڭ ئالىقىنىدا قالغان مېنىڭ كىچىككىنە ھاياتىم، خۇددى ئەينەك ئۈستىدىكى تىترەۋاتقان سىماپتەك بولۇپ قالدى.

مەن دادامنى ئېلىپ كەتكەن كېچىسى مۆل - مۆل يىغلاپ چىقتىم. مەن نېمىشقا يىغلىماي... مەن ئۆزۈمنىڭ قارا بەختىمگە، يېتىملىكىمگە يىغلايمەن! خۇدايىم مېنى نە ئانىدىن، نە ئاتىدىن ئايرىماپتىكەن. مەن ئانىنىڭ مېھرىدىن، ئاتىنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم بولغان كۆڭلى سۇنۇق بىر بىچارە يېتىممەن.

ئەمدى مېنىڭ چىرايىمغا كۈلكە يات بولۇپ قالدى. دادام مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن كۆڭلۈم «ۋىل» قىلىپ ئېچىلىپ قالاتتى ۋە كېچىلىرى: «دادا دۇم ياتە، بېلىڭنى تۇتۇپ قوياي، پۇتۇڭ ئاغرىدىمۇ؟» دېگىنىمدە، دادام كۈلۈپ كېتىپ: «بېلىمگە دەسسەپ قوي، ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئۆتۈپ بېلىم تېلىپ كەتتى» دەيتتى. مانا ئەمدىچۇ؟ دادامنى يىراق بىر ئەمگەك مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى، دەپ ئاڭلايمەن. «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە

قانداق قارا كۈنلەر مېنى كۈتىدىغاندۇ» دېسەملا كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. دادام كېتىپ مېنىڭ ئېتىم «يېتىمەك» بولدى.

— هوي يېتىمەك، ماڭە، ئامبار ئۆيدە يات، بۈگۈن مېهمان كېلىدۇ. كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، — دەيتتى ئايىنسا پات - پاتلا. دەرۋەقە بۇ ئۆيدىن كېچىلىرى يات ئادەملەر ئۈزۈلمەيدىغان بولدى... مەن ئۆيدە ئوشۇقچە بىر نەرسە بولۇپ قالدىم.

— هەي شۇم، كېلە مەيەرگە، — دېدى ئايىنسا بىر كۈنى ئەتىگەندە، مەن قورقىنىمدىن ئارانلا ئالدىغا كەلدىم، — كېچىدىن ئامبارنىڭ ئىشىكىنى نېمىشقا ئاچتىڭ؟ ئېيتە!

— سىرتقا چىققان...

— خۇپسەنلىك قىلما، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن بىكار، ماربىدىڭمۇ، يوق؟

— ياق... مەن...

— ئېيتە، بولمىسا قويۇپ بەرمەيمەن، — ئۇ مېنىڭ مەڭزىمنى ئامبۇردەك چىمداپ تۇتۇۋالدى.

— ياق هېچ... هېچ...

— ۋۇ ئۆلۈمدىن ئاشقان شۇم... — ئۇ ئېگىز پاشنىلىق توپلەي بىلەن تېپىۋەتتى - دە، يەنە چېچىمدىن قامالاپ تۇرغۇزدى، — بۈنىڭدىن كېيىن مېهمان كەلگەندە سايەڭنى كۆرگۈچى بولاي قېنى...

ئۆي ئىچى مېهمان بىلەن تولغان، بەزمە - مەشرەپ تاڭ ئاتقۇچە سوزۇلغان قىش - زېمىستان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايىنسا مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. مانا بۇ — سەرسانە هاياتىمنىڭ باشلىنىشى، ئۇن ياشلىق يېتىمەنىڭ باشپاناهسىز كوچىدا قېلىشى ئىدى.

مەن شۇ كېچىسى، شۇۋۇرغان هۇۋلىغان كوچىلاردا قار



ئۇچقۇنلىرىغا هەمراھ بولدۇم. زەهەرلىك سوغۇق هەرىندەك چېقىۋالغاندا، تېنەپ - تەمتىرەپ، ئىس چىقىۋاتقان ئۆگزىلەرگە تەلمۈردۈم. ئۇيۇقسىزلا خالىدىن دادام كېلىپ، ئىسسىق باغرىغا باسامدىكىن، دەپ ئەتراپىمغا بىسەرەمجان قارىدىم.

شەهەر سىرتىدىكى يارلىقلارنىڭ سۇ كولىۋەتكەن كامارلىرىدا ئۆتكۈزگەن تۈنلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇلمايمەن. ئۆزۈم يىغىۋالغان شال پالىكى، غازاڭلارغا يۆگىنىپ، تىزىمنى قۇچاقلاپ، بىردە پۇتۇمنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ، بىردە جەينىكىمنى بېقىنىمغا يوشۇرۇپ، بارماقلىرىمنى هورداپ ئۆتكۈزگەن كېچىلەردە ئىسسىق يۆگىنىپ ئۇخلاۋاتقان، ئاتا - ئانىسى بار بالىلار، بالىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئوينىتىپ يۈرگەن ئاتا - ئانىلار، «قورساق ئېلىپ بەرگىن» دەپ يىغلايدىغان ئەركە قىزلار كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. لېكىن، چوڭلاردىن ئاڭلىۋالغان: «بۇ دۇنيادا رىيازەت چەككەنلەر، ئۇ دۇنيادا راهەت كۆرىدۇ، خۇدادىن نېمىنى تىلىسە شۇنى بېرىدۇ» دېگەن سەۋر - تاقەتكە ئۈندەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم. «مەن ئۇ چاغدا، — دەيتتىم قولاقلىرىمنى ئۇۋۇلاپ، — خۇدادىن پەقەت بىر يوتقان، بىر كۆرپە سورايمەن! هەر راست، خۇدا دېگەن مېهرىبان، ئۇ مېنىڭ پۇتۇمنىڭ ئوششۇپ قالغان بارماقلىرىنى كۆرەر...»

باش ئەتىياز كېلىشى بىلەن، سەرسان بولۇپ ياشقا بىر ناهىيە بازىرىغا بېرىپ قالدىم.

مەن ناهىيە بازىرى ئىچىدىكى هەيۋەتلىك بىر بىنا ئالدىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدىم. بىنانىڭ گۈللۈك دەرۋازىسىدىن توپ - توپ قىزىل گالستۇك تاقىغان بالىلار خۇشال - خۇرام ناخشا ئېيتىشىپ چىقىشماقتا ئىدى. ئۇلار پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، هەر خىل سومكىلارنى تۇتقان ۋە بوينىغا ئېسىشقان هالدا نېمىلەرنىدۇر يادلاپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ چوڭ كىشىلەرگە ئەدەپ - ئىكرام بىلەن سالام بېرىشى تولىمۇ زوقۇمنى قوزغىۋەتتى. مەن

ئەيمىنىپكىنە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ھويلىغا قارىدىم. خۇددى ماڭا ئوخشاش قىزلار كۆزلىرىنى تېڭىپ «مۈشۈك - چاشقان» ئويۇنى ئوينايتتى ۋە توپ ئېتىشىپ قوغلىشاتتى... «توۋا، — دېدىم مەن ئىچىمدە، — ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچمىدىمىكىنە.»

بىردىن - ئىككىدىن ئەتراپىمغا كېلىشكەن باشلىغان باللار بىردەمدىلا مېنى يۇمىلاق چەمبەر ئىچىگە ئېلىۋالدى. ئۇلار مېنىڭ سولغۇن چىرايىم، چىگىش ۋە چۇۋۇلغان چاچلىرىمغا قاراپ پىچىرلىشاتتى، بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى.

— چېچىڭىزنى تارىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى بىر قىز، قولىدىكى نېنىنى گويا يېگۈسى كەلمىگەندەك ئازراقلا چىشلەپ قويۇپ.

— تارغىقىم يوق...

— دادىڭىز تارغاق ئېلىپ بەرمىدىما؟ — دېدى ئوغۇل بالا ھەيران بولۇپ.

— دادام يوق تۇرسا...

— ئانىڭىزچۇ؟

مەن «يوق» دېگەندەك بېشىمنى ئىرغىتتىم... باللارنىڭ ئىچىدىكى قىزىل گالستۇكلۇق بىر قىز ماڭا سومكىسىدىن بىر توقاچنى ئېلىپ بېرىپ، بېشىدىكى تارغىقىنى چېچىمغا سانجىپ قويۇشى بىلەن باشقا باللارمۇ گۈلە - قاق، جىگدە - ياڭاق، كەمپۈت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېتىكىمگە تۇشقۇزۇۋەتتى.

— ۋاي بولدى... بولدى ئەمدى... — مەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىمدا كۆز ياشلىرىمنىڭ ئېتىكىمدىكى باللار بەرگەن ئاشۇ نەرسىلەرگە تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتىم.

— زەينۇرە خانىم، ماۋۇ قىزنىڭ ھېچنېمىسى يوقكەن، — دېدى بىر ئوغۇل بالا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن بىر ئايالغا. ئۇ ئايال مېنىڭ ئورۇق ھەم كىر، يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىمنى تۇتتى.

— مەكتەپتە ئوقۇمامسىز؟



— دەپتىرىم بولمىسا...

باللار «مانا دەپتەر، مانا قېرىنداش» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— خالىدىن!

— نېمە؟ خالىدىن... سىزنىڭچۇ؟

— خالىنۇر!

— خالىنۇر؟! سىز گۈلنۇرنىڭ قىزى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ بويۇنۇمدىكى خالىمنى سىلاپ.

زەينۇرە ئاچام مېنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە دادامنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، ئانامنىڭ يېقىن دوستى ئىكەن، زەينۇرە ئاچام ئانامنىڭ ھېلىھەم بۇرۇنقى كەسپى بىلەن يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىنى، لېكىن مېنى ھازىرغىچە سېغىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەتىسى ئۇ مېنىڭ باشلىرىمنى تاراپ، كىيىملىرىمنى بىر قۇر يېڭىلاپ ئانامنىڭ قېشىغا ئاپاردى.

مەن ئۆزۈمنى، ئۆز ئانامنىڭ ئىسسىق باغرىدا كۆرگىنىمدە، گويا ئۇنىڭ ئاق سۈتى تامغلىرىمدا قايتا لەززەت بەرگەندەك بىر شېرىن تۇيغۇغا چۆمدۈم... ئانىلىق مېھرىدىن ئۇستۇمگە يۈرىكىمگە ئۇنىڭ ياشلىرى، بەدەنلىرىمگە قۇۋۋەت، ھەسرەتلىك كۆلۈۋاتقان شېپا، يېتىملىك بالدامىسى بولغان جاراھەتلىرىمگە مەلھەم بولدى. «جېنىم ئانا» دەپ ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيگۈنۈمدە، ماڭا ئالەم تارلىق قىلغاندەك بىلىندى.

لېكىن، يەنىلا بىچارە دادامنىڭ خىجالەتچىلىك چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. «ئاھ، ئۆز ئاتا - ئانىسى قولىدا چوڭ بولۇۋاتقان باللار، مېنىڭدەك ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىگە يېتەرمۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

ھازىر مەن ئوقۇتقۇچۇم زەينۇرە، ئانام گۈلنۇرنىڭ باغرىدا شۇنچە بەختىيارمەن، بويۇنۇمدا ئانام «دادائىنىڭ يالدامىسى» دەپ

ئېسىپ قويغان قاشتېشى مېدالىيون . مەن ئۇنىڭدا ئوتلۇق مېھرىم بىلەن تويماي ـ تويماي قارايمەن . بۇ قاشتېشىغا مۇلايىم ، ساددا ، ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە بەرگەن مېھرى ئەقىدىگە ئايلانغان ھەسرەتلىك مەزلۇمەنىڭ ۋاپادارلىقى ، مېنىڭ ئانامنىڭ ۋاپادارلىقى سىڭگەن...»

...

خالىدىن ئەپەندىم قىزىنىڭ بۇ «ئەسىرى» نى ئوقۇپ بولغۇچە ئىستىھان قەغىزى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بوران لەۋلەردىن «شورروىدە» ئېقىپ چۈشكەن قان... سېمونت زاللاردا سوغۇق چىشلەپ ياتقان دارەسىدە ، يار كامارلىرىدا خۇداغا نالە قىلىپ ، ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش تۆكۈۋاتقان يىنىمە... چىرايى سولغۇن ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ، يات كىشىلەر ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن قىزى ئايان بولدى...

خالىدىن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى . ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىستىھان قەغىزىگە يۈزلىرىنى يېقىپ ، ئىسسىق ئەيلەپ ، تۈزەتكىلى بولمايدىغان پۇشايمان بىلەن ھۆر ـ ھۆر يىغلىدى .

— كەچۈر مېنى قىزىم ! ياق سېنىڭ كەچۈرگىنىڭ بىلەن مۇ مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن... مەن ئاناڭغا تاش بېغىرلىق قىلغان ، ۋاپاسىزلىق قىلغان ، سېنىڭ ئۆگەي ئانا توپەيلىدىن ئازاب ەچمىزىدا قىينالغان گۈدەك ھاياتىڭغا مەن جىنايەتكار...

※ ※

خالىدىن چىراغلار بىلەن ئاپئاق يورۇتۇلغان شەھەر كوچىسىدا ناھايىتى تېز كېتىپ باراتتى . خۇددى قامچىلانغان ئاتتەك ، ۋىجدان ئازابىغا قالغان ئۇنىڭ قەلبى ، ئۇنى ھەر بىر دەقىقە سەۋر قىلىشقا قويمىدى . ئۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ، زەينۇرەنى تاپماقچى . شۇنداق ! گۈلنۇر جاھاننىڭ ئەڭ چېتىدە



بولسىمۇ ئۇ ئىزدەپ تاپارسۇن . خالىدىن ئۆز ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن گۈلنۇردىن ئەپۇ سورايدۇ . «گۈلنۇر سەن مېنى تىللا ، قاتتىق تىللا ، جازالىغىن ، ۋاپاسىزلىقىمدىن دەردكە تولغان كۆكسى ـ قارنىڭنى بوشىتىۋال ، لېكىن مېنى كەچۈر» دەپ ئېيتىدۇ . ئۇ ئەمدى ئۆز ئائىلىسىنىڭ سادىق كىشىسى ـ ۋاپادار ئەر ، ۋاپادار ئاتا بولماقچى...

## يۇلغۇن

— پاھ، نېمىدېگەن كۆركەم — ھە؟ يېشىل قورغاننىڭ ئۆزىغۇ — بۇ!

— شۇنداق، بۇ «پەيزۇل بوزاق» ئورمانلىقى، — دېدى گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى، ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ، — بۇنىڭ كۆلىمى «پەيزۇل ئاۋات» ئورمانلىقىدىن كىچىكرەك.

— تېخى «پەيزۇل ئاۋات» دەيمۇ ئورمانلىق بار دەڭ. ئېيتىڭا شۇجى، نېمە ئۈچۈن بۇ ئورمانلىقلارنىڭ ھەممىسى «پەيزۇل» دەپ ئاتىلىدۇ؟

— بۇ ئورمانلىقنى ئوتتۇز يىلدىن بېرى گۇڭشېمىزنىڭ يېتەكچى ئورمانچىسى پەيزۇل ئاكام ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرگەن. ئۇ ھازىرمۇ ھايات. ئاۋات ئورمانلىقىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ.

ئاپتوبۇس ئەگرى — بۈگرى ئېدىرلىقلاردىن ھالقىپ «پەيزۇل بوزاق» ئورمانلىقىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن يول بويى پاراڭلىشىپ كەلگەن كادىرلار ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ئورمانلىققا ھەۋەس بىلەن تويماي قاراشتى ۋە پەيزۇل ئىسىملىك بىر كىشىنى غايىۋانە ماختاشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان «ئورمانچىلىق» يىغىنى ئاياغلىشىش بىلەن، ئورمان كادىرلىرى ۋە تېخنىكلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى «ئالتۇنيار» گۇڭشېسىنىڭ بوزاق ئورمانلىقىغا كەلگەندە چۈشتىن ھالقىغانىدى. مەن ئاپتوبۇسنى ئورمان پونكىتى ئالدىدا توختاتتىم.



كادىرلار ماتېرىيال پوپكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تەرەپ — تەرەپكە تارالغاندىن كېيىن، مەن ماشىنا كابىنكىسىدىن سومكامنى ئالدىم — دە، يول بويلاپ تاماشا قىلغاچ كەڭ ئوچۇقچىلىققا چىقتىم. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدىكى ئوتلاقتا ئولتۇرۇپ، چەكسىز يېيىلىپ ياتقان قۇم چۆللىرىگە، قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇرغان يۇلغۇنلارغا، ئاپئاق شورلۇقلارغا نەزەر تاشلىدىم. بىر چاغلاردا بۇ چەكسىز شورلۇق، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يىلانباغرى يول ۋە ئۇنىڭ تىنىمسىز بورانلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. مانا، بۇ قۇچاق يەتكۈسىز ئاسمانغا بوي تارتقان دەرەخلەر ئۇ چاغلاردا چوڭ بارمىقىمدەك يومران كۆچەتلەر ئىدى.

بۇنىڭدىن يىگىرمە ئالتە يىل ئىلگىرى كوپېراتسىيە مۇدىرى مېنى جاڭگالدىن ماياق توشۇشقا ئەۋەتتى. ئۈچ ئات قاتقان ھارۋىنى ھەيدەپ جاڭگالدا ھەپتە — ئون كۈن ئۇدا ماياق توشۇدۇم. ئاتلىرىم بوزاق شورلۇقىدىن چىقىپ بولغۇچە پۇشۇلداپ، خارتىلداپ ھەلەلكۈمىغا چۈشۈپ قالاتتى. بەزىدە ھارۋا چاقى شورلۇققا پېتىپ قالسا، ئاتلارنى بولۇشىچە قامچىلايتتىم. بىر قېتىم بوزاق شورلۇقىغا كەلگەندە، قامچام سۇنۇپ كەتتى. مەن ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتۈم — دە، قەلەمتىرىچىم بىلەن يول بويىدىكى بىر كۆچەتنى شارتلا كېسىپ ھارۋىغا چىقتىم. لېكىن، بىر چاغدا ئارقامدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بىر ئاتلىق ئادەم توپىلارنى توزۇتۇپ يېتىپ كەلدى — دە، ئالدىمدا توغرا تۇردى.

— توختا!

ياش قۇرامى ئەللىكتىن ئاشقان، چاڭگا ساقال، دىقماققىنا بۇ ئادەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ ھاسىراشتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتكەن ئالا بايتىلىغا قارىغىنىمچە سورىدىم:

— ھە، نېمە بولدى؟

— كۆچەتنى نېمىشقا كېسىسەن؟ مالىڭ، ئالدىمغا چۈش، جەرىمانە تۆلەيسەن.

— قايسى كۆچەتنى كېسىپتىمەن؟ پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل.

— نېمە؟ — چاڭگا ساقال قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ئەگەر ئەن بەرمىسەڭ، كۆچەتنى قايسى يول، نەچچىنچى قاتاردىن كەسكىنىڭنى هازىرلا كۆرسىتىمەن.

ئىككىمىز يول ئۈستىدە تاكاللىشىپ قالدۇق. توغرىسى، مەن «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك، يولسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا بوي بەرمىدىم. شۇ ئەسنادا ئۇ ئاتلىرىمنىڭ بېشىنى قايرىپ بولدى، مەن ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم.

— سەن مېنى «هايت» دېسە قورقۇپ قاچىدىغان توخۇ دەپ ئويلىما. «چويۇن هوررەك» دېگەن مانا مەن بولىمەن!

— ئۇكا، مېنى ئۇرساڭمۇ ئىللىساڭمۇ مەيلى، — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — لېكىن كۆپنىڭ هەققى يېتىم هەققىدىن يامان، كۆچەت پۇلىنى ئالماي قويمايمەن، بۇ بىر تۈزۈم.

— تۈزۈم... هىھ، — مەن قەهرىم بىلەن دىمىغىمنى قاقتىم.

مەن ئۇنىڭدىن بوشىنىش ئۈچۈن قولۇمنى سىلكىپ تارتىشىمغا كۆڭلىكىم مۈرەمدىن يۇسۇلۇپ جەينىكىمدە ساڭگىلاپ قالدى. ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئاتتىم. قەلەمتىراچنىڭ ئارقا تەرىپى ئۇنىڭ سول قېشىنىڭ ئۈستىنى يىرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ياخما قاشلىرى ئۈستىدىن تارام-تارام ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قاننى كۆرگىنىمدە، بىردىنلا پەيلىم بوشاپ قالدى.

— قېنى ئۇكا، بويۇنتاۋلىق قىلما، — دېدى ئۇ قانلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — يونكىتقا بارايلى.



مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم.

رەسمىيەت ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئوغرىلىقچە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ شاپاق دوپپىسىنى قاتلاپ، سول قېشىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ، ئۈستىدىن كونا لاتىدا باغلىۋالغانىدى.

— هىم ئۇكا، قېنى كۆڭلىكىڭنى سال، غاچچىدە ياماۋېتەي، — دېدى ئۇ هېچنېمە بولمىغاندەك، — مېنىڭ قوپاللىقىمىزە... هەي... خاپا بولما.

مەن كېچىلەپ كەنتكە كىرىپ كەلدىم. دادام مېنىڭ خامۇش هالىتىمگە ۋە يىرتىلغان كۆڭلىكىمگە قارا قايناپلا كەتتى.

— يەنە بىرەرسى بىلەن ياقىلىشىپسەن-ھە؟ هۇ چويۇن هوررەك، زادى سەن هارىسىنىڭ بۇرنى كۆپتى، قۇلىقىمنى تىنجىتىدىغان كۈنلىرىڭ بولامدۇ، يوق؟

دادام «بوزاق شورلۇقى» دىكى ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى.

— هوي بىخەرەز، پەيزۇل باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ يېڭى هۆكۈمەت كەلگەن يىلىلا كومپارتىيىنىڭ دەپتىرىگە پۈتۈلگەن، — دېدى.

— نېمە؟ — مەن ئىشەنمىگەندەك هېچىيىپ قويدۇم.

— چۈمپۈتمەمسەن؟ يۇقىرىقى شاڭدا ئۇنىڭ قىزىل ئەلەم ئالدىدا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قەسەم ئىچكىنىنى ئۇششاقۇ-چوڭ، پىششىقۇ-توڭنىڭ هەممىسى بىلىدىغۇ!

بۇ ۋەقە بولۇپ كۆپ ئۆتمەي جاڭگالدىن يەنە ماياق ئېلىپ قايتىشىمدا يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇسسىگە نەس باسقاندەك «بوزاق» شورلۇقىغا كېلىشىم بىلەن هارۋام شورلۇققا پېتىپ قالدى. ئات ۋە هارۋىنى چىقىرىمەن دەپ هەپىلىشىپ مىسقالچە ماغدۇرۇم قالمىدى. هارۋا مىدىرلاي دېمەيتتى. گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى، ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، ياش كۆچەتزارلىق ئىچى-

دىن يۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن ، بىر قوچقاق شاخ ـ شۇمبىسىنى بۇدۇۋالغان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭ تىڭىلغان چېكىسىنى كۆرۈپلا ، ھېلىقى پەيزۇل ئاكا ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ـ دە ، خىجالەتچىلىك ئىچىدە تۈگۈلۈپلا قالدىم .

— ھە يىگىت ، ھارۋاڭ زوڭ ئولتۇرۇپ قاپتۇغۇ ؟ — دېدى ئۇ بېشىنى ئىرغىتىپ ، — يامغۇر ياغقاندىن كېيىن شور ئوماچتەك شالاقلاپ كېتىدۇ . توختا ، بىردەم تەخىر قىل ، ھايىنى ھۇي ، مۇزابىنى ئۇي دەپ بولغۇچە كېلىمەن .

پەيزۇل ئاكا سۇ ساقىپ تۇرغان شاخ ـ شۇمبىلارنى تاشلاپ ، بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى . مەن سۇغا چۈشكەن ئاسلاندەك شۇمشەرەپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتىم . ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇ ئۇزۇن يۇلغۇن تاياق بىلەن بىللە كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ ، كورەك جوۋىدىن بىرنى قولتۇقلاپ يېتىپ كەلدى .

— قېنى ئۇكا ، ئەسكى جوۋا يامغۇردا ياخشى دەپتىكەن . بۇنى كىيىۋال ، بولمىسا تومۇ تېگىپ قالىدۇ .

پەيزۇل ئاكا شۇ گەپنى دەپ كورەك جوۋىنى ماڭا تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن يالىڭاچلىنىپ ، چاق ئالدىدىكى لايىنى كەتمەندە ئېتىشقا باشلىدى . ئىككى چاق ئالدىنى تۈزلەپ ، شاخلارنى بېسىپ بولغاندا ئۇنىڭ يۈزى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى لاي بولۇپ ، تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى .

— قېنى ، ئىچ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇت ، مەن ئارقىدىن ئىتتىرەي ، — دېدى ئۇ ئۆزۈم ياسىۋالغان كۆتمەك قامچامنى ماڭا سۇنۇپ .

ئاتلار ھېرىپ قالغان چېغى ، ھارۋىنى تارتالمىدى . پەيزۇل ئاكا چاڭگا ساقاللىرىنى تاتىلاپ قويۇپ ، ماياق قاپلانغان تاغارلاردىن بىر نەچچىنى يۇدۇپ يەرگە چۈشۈردى . ئاندىن ھارۋىنى چىقىرىشىپ تۈز يولغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ، تاغارلارنى



قايتىدىن بېسىپ باغلاپ بەردى . مەن بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا پېتىنىپ قارىيالمايتتىم .

— قامچاڭ بولماپتۇ ، كونىلار «ئاتلىنىپ سەپەرگە چىقساڭ ، قامچا دەستەڭ مەن بولاي» دەپ بىكار ئېيتمىغان . بىر ھارۋىكەشكە ياخشى قامچا ھەمراھ بولمىسا بولمىغىنى . مەن ساڭا يۇلغۇندىن قامچا دەستە تەييارلاپ قويغان . بۇ ئىنتايىن مەزمۇت نەرسە ، قارا ، — دېدى ئۇ قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇلغۇننى كۆرسىتىپ ، — قىشمۇ ياز ، جۇدۇن ـ چاپقۇن ، سۇسىزلىق ئۇنى ھەرگىز قورقۇتالمايدۇ . يەنىلا قىپقىزىل چېچەكلىگىنى چېچەكلىگەن .

ئۇ ، مېنىڭ دەسلەپتىلا كۆزۈم چۈشكەن ئۇزۇن ۋە ئەۋرىشىم يۇلغۇن دەستىگە تاسمىنى چىڭ باغلىدى ۋە قارسىلدىتىپ بېقىپ ، پاخماق قاشلىرىنى ھىمىردى ـ دە ، پىچىقى بىلەن تاسمىنىڭ ئۇچىنى تىلىپ ، ئۇنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ھاۋادا ئويناتتى . قامچىنىڭ قارسىلدىشى مېنى چۆچۈتۈپ ، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىۋەتتى . مەن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم .

— ھىم ، مانا ئەمدى كەتتىكە كىرىپ قامچاڭنى بىرلا قارسىلداتساڭ ، ھەرقانداق قىزنى ئويغىتالايسەن ، ھا... ھا... ھا... — ئۇ ساقاللىرىنى سىقىمدىغىنىچە كۈلۈپ كەتتى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۈرەمگە قولىنى قويدى ، — جوۋىنى كىيىپ كەت ، ئۆتۈشۈڭدە تاشلاپ كېتەرسەن ، مانا بۇ نانىنى ئېلىۋال ، يولدا ئېچىرقاپ قالما .

پەيزۇل ئاكا يوتىسىغا تۈگۈكلۈك نانىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى . مەن ھاياجاندىنمۇ ياكى نومۇستىنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم . چۈنكى ، ئۇنىڭ جوۋىسى بەدىنىمنى ئىللىتقىنىدەك ، ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى كۆڭلۈمنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتكەنىدى .

— ئاكا ، مەن... مەن...

— بولدى، ئۇ چاغدا مەنمۇ ساڭا تۇلۇمدىن توقماق چىققىدەك تاراڭ - تۇرۇڭ تېگىپ قويدۇم. لېكىن، مېنىڭ بىر تال چىشىمنى سۇغۇرىۋالسا، ۋاي دېمەيمەنكى، بىر تال كۆچەتكە چىدىمايمەن!

مەن ھارۋامنى ھەيدەپ بارخانلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكۈچە، يامغۇردىن كېيىنكى تۇمان پەردىسى ئىچىدە كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ، كۆچەت قاتارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن، پۈتۈن ئۆمرىنى يەككە - يېگانە چۆلدە ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ ئادەمگە ئۇزۇنغىچە قاراپ ماڭدىم...

— بۇ يەردە ئىكەنسىز - دە!

مەن چۆچۈپ كەتتىم ۋە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئالدىمدا تۇرغان گۇڭشې شۇجىسىنى كۆردۈم.

— ئېكسكۇرسىيىچىلەر «پەيزىۋل ئاۋات» ئورمانلىقىغا پىيادە بارىدىغان بولدى. ماشىنىدا چۆرگىلەپ قالىدىكەنمىز. ئۇلار پەيزىۋل ئاكىنى زىيارەت قىلماقچى، سىزمۇ بارامسىز؟

— باراي، — دېدىم مەن پەيزىۋل ئاكىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، چۈنكى مەندە بۇ قەيسەر چۆل پالۋىنىنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچەيگەنىدى.

بىز يولنى توغرا كېسىپلا بىرنەچچە قۇم بارخىنىدىن ئېشىپ، ئۈچ كىلومېتىردەك يول ماڭغاندىن كېيىن ئورمانغا يېتىپ كەلدۇق. «پەيزىۋل ئاۋات» ئورمانلىقى باشقا ئورمانلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، شاخمات تاختىسىدەك بۆلۈنگەن بەلۋاغلارغا يىل ئايرىمىسى، دەرەخ تۈرى بويىچە تاختىلار بېكىتىلگەنىدى. گۇڭشې شۇجىسى بىزنى كەڭ كەتكەن كۆچەتزارلىققا باشلاپ كەلدى. بىز يىراقتىنلا بىر كىشىنىڭ بىزگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ كۆچەتلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى پۇتاۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

— پەيزىۋلكا، مېھمان كەلدى، — دېدى شۇجى ئۇنىڭ



قىلىپ، — بۇلار ئورمانچىلىق كادىرلىرى، سىلىدىن تەجرىبە ئۆگەنمەكچى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، بىزدەك تومپايلاردىن ئۆگەنگۈدەك نېمە بار دەيلا شۇجى، — دېدى بوۋاي بېلىنى رۇسلاپ.

مەن بوۋايغا قاراپلا ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ خۇددى پاختا چاپلاپ قويغاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئاپئاق سول قېشىنىڭ ئۈستىدە يېرىم ئاي شەكىللىك تاتۇق تۇراتتى. ئۇچتەك ئاقارغان ساقاللىرى بولسا گىردە ناندەك قىزارغان يۈزىگە خويمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۆزى بولسا تېمەن ئىدى.

— پەيزىۋل ئاغا، — دېدى ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، — نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— بۇ يىل سەكسەننىڭ قارىسىنى ئالدىمغۇ دەيمەن. قېنى ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

— بولدى، مەشەدىلا ئولتۇرايلى، يېشىل مەخمەلدەك ئوتلاقكەنغۇ!

— پەيزىۋلكا، — مەن ھاياجان ۋە شادلىقتىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ سىقتىم، — مېنى تونۇدىلىمۇ؟

بوۋاي بىر ھازا ماڭا تىكىلىپ تېڭىرقاپ قالدى.

— بۇنى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تاتۇقىنى ئاستا سىلاپ، — ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟

— ھە! — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى پەكچەيتىپ ۋە مېنى قۇچاقلىۋالدى، — بۇ سەنمىدىڭ، قارا، بۇ مۇتەھەم ھارۋىكەشنى! ئۇ ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق! ھە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەۋاتىمەن.

— بەللى، بەللى، ھارۋىكەشلىكتىن كوتكا ھەيدەشكە ئۆسۈپسەن - دە؟ ھوي، باللىرىم، — دېدى بوۋاي كەپە ئالدىدا تۈرە تۇرغان ياشلارغا قاراپ، — قېنى داستىخانى سالغۇلۇق،

كۆكچى - پۆكچىلەردىن تىلغۇلۇق، مېھماننىڭ ئېتى ئۇلۇغ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىناس ئاغىنەم چويۇن ھوررەك كېلىپ قالدى.

ھاڭ - تاڭ قالغان كادىرلار مېنىڭ قىسقىغىنە ئىزاھاتىمدىن كېيىن، بوۋايغا زوقى كەلگەن ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. كېيىن ھەركىم بوۋايغا ھەرخىل سوئاللارنى بېرىشكە باشلىدى.

— پەيزۇل تاغا، ياشىنىپ قاپسىز، ئىش ئېغىر كەلمەمدۇ؟

— ماڭا بىر كىم ھاپاش بولۇۋالغىنى يوق، — دېدى بوۋاي مەشۇتتەك ساقاللىرىنى سىلاپ، — شۇجى ئوغلۇم بىر نەچچە ياش - يوپۇرماق بالىلارنى بەردى. ئۇلار ماڭا قول - قانات. شۇلار بىلەن مىدىرلاپ يۈرۈپ كۆنۈپ قاپتىمەن. بىكار تۇرغۇم كەلمەيدۇ. بولمىسا، رەھبەرلەر نەچچە يىل بولدى «دەم ئال» دەپ قۇلىقىمنى ئاغرىتقىلى تۇرغىلى.

— پەيزۇلكا، — دېدى ئۈمەك باشلىقى بالىلارنى كۆرسىتىپ، — بۇلاردىن ئەجرىلىرىڭگە چۈشلۇق ئۈمىد بارمۇ؟ بالىلارنىڭ ئەلپازىدىن ئويۇنغا ئامراق كۆرۈنىدىغۇ؟

— ئويۇنغىمۇ بېشىچە شۇڭغۇيدۇ دېسىلە، كەچ، نامازشام بولدىمۇ، داپ - تەمبۇر، غەزەل - پەزەللەر بىلەن چۆلدە قۇيۇن كۆتۈرۈشۈپىتىدۇ. لېكىن، ئوقۇغان بالىلار - دە! زېھنى ياخشى، ئورماننىڭ ئەلمى - تەلىمىنى ئىگىلەپ قالدى. مەنمۇ بۇ ئورمانلارغا باقمەندە ئەمەس، ئەنە قاراڭلار، — دېدى بوۋاي گۆژگىگا تاغلار باغرىغىچە تۇتاشقان چەكسىز چۆلنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ قۇملۇق، شورلۇقلارغىچە ئورمان بىنا قىلىش شۇلارنىڭ زىممىسىدە! شۇڭا ھەر ئىككى كۆچەتنى چىڭ تۇتماي بولمايدۇ! مانا، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئالتە مو يەردىن كېڭەيتىلگەن ئاۋات ئورمانلىقى بۈگۈنكى كۈندە بىر يۈز ئاتمىش مودىن ئېشىپ كەتتى.



— پەيزۇل بوۋام، — دېدى قوغۇن كۆتۈرۈپ چىققان بالىلاردىن بىرسى، — «مەن ئۆلسەم مۇشۇ ئورمانلىققا كۆمۈڭلار، سىلەرنىڭ بۇ چۆلنى يەپ تۈگەتكىنىڭلارنى كۆرۈپ ياتاي» دەيدۇ. دېمىسىمۇ بۇ يىل ئىچىدە قوغۇن، كۆكتات تېرىغان يېرىمىزگە كېلەر يىلى قەلەمچە سېلىپ يەنە باشقىدىن يەر ئاچىمىز، دەۋاتىمىز.

ھەممەيلەن شىرنىلىك قوغۇنغا تۇتۇش قىلدۇق. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممىمىز كۆچەتزارلىقنى ئارىلىدۇق.

— «ئاۋات» ئورمانلىقى، — دېدى بوۋاي بىزگە چۈشەندۈرۈپ، — قەلەمچىدىن ئاپىرىدە بولغان ئورمان. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ئېپى - چىپىنى ئوبدان بىلىۋالساڭ، خېلى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئالايلى، ھەر يىلى مۇشۇ كۆچەتلىكنىڭ ئۆزىدىنلا ئوتتۇز مىڭ كوي ئەتراپىدا كىرىم قىلىۋاتىمىز.

ئېكسكۇرسىيىچىلەر دەرەخنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۇنى قانداق باشقۇرۇش، زىيانداش ھاشاراتلاردىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق ئورمانچىلىق كەسپىگە ئائىت قىزغىن سۆھبەت بىلەن كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى.

بىز بوۋاي بىلەن كۆز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. مەن يول بويى ئۈنچىقماي كەلدىم. ھەتتا ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ يولغا چىققاندىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر ئوت قاپلىۋالغاندەك ھاياجان ئىلكىدە، بولۇپ ئۆتكەن كونا ئىشلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

پۈتۈن ئۆمرىنى چۆل - جەزىرىلەردە ئورمان بىنا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋىجىككىنە بۇ بوۋاي كوللېكتىپ ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن رىيازەت چېكىپ، ئوتتۇز يىللىق ئۆمرىنى بىر

كۈندەك ئۆتكۈزدىيۇ، لېكىن باشقىلار قاتارىدا ئۆزى يوقتەك،
ئۆزىنى ئويلىمىدى. شۇنداق! شۇ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە قانچە-
لىغان ئىسسىق - سوغۇق، ئاچ - توق، جۇدۇن - چاپقۇن،
تەشنالىقلار بۇ پېشقەدەم كوممۇنىستنىڭ قەددىنى ئېگەلمىدى!
ئۇ يەنىلا يۇلغۇندەك تاۋلىنىپ چېچەكلەپ تۇرۇپتۇ.



## جەرىمانە

— جەرىمانە!

مامۇتخان دۈيجاڭ تۈن نىسپى بىلەن جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قاتتىق تۈرۈلگەن مۇشتۇملىرى قۇلاق تۈۋىدىن شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تاختىۋېشىغا تېگىشى بىلەن، دەستىلەگىلىك چىنە ئۇنىڭ بېشىغا جاراڭلاپ چۈشۈپ چوققىسىنى ئېتىلدۇرۇۋەتتى. توۋا دېمەي ئىلاج يوق. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك يەنە بىر ئاياق قېتىقمۇ بېشىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ قاپقارا ساقاللىرىدىن ئۈستىۋاشلىرىغىچە بۇلغىۋەتتى.

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان جۇۋاينىمەك، جەرىمانە جىنى چاپلاشقان ساراڭ! — شۇ ئەسنادا بۇ ساراسىمىدىن مەڭدەپ كەتكەن خوتۇنى ئايخانمۇ ئورنىدىن تۇرغانچە چالۋاقاپ چىراغنى ياندۇردى ۋە يۈز - قولاقلىرىدىن قان - قېتىق ساقىۋاتقان ئېرىنى يۆلەشكە كىرىشتى.

— ئاۋۋال ماز كۆيدۈر، ماز... ئەستاغپۇرۇللا ما خوتۇننىڭ ياخپاق چاچلىرى قىلتىرىقتەك گېلىمدا نېمىش قىلىدىغاندۇ.

— هوي قايسىڭ باروي، — ئايخان مامۇتخاننىڭ بېشىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان قاندىن قورقتى بولغاي، هويلىغا قاراپ ۋارقىرىشىغا، دۈيجاڭ شارتلا قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنىدا ئېتىۋالدى.

— هوي ئالۋاستى ئەبگا، قوشنىلار ئالدىدا چاۋامنى چىتقا يايماقچىمۇ سەن؟ ئەقلىنى چېلىپ ئىچكەن دېۋەڭ!...

مامۇتخان گەرچە يارىلىنىپ يىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سويمىدەك ئۇچلۇق بېشى ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتاتتى.

بۇ يېرىم كېچىدە قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرسا ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشمەيدۇ. ئاغزىدا «يامان بوپتۇ» دەپ ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىشقىنى بىلەن، ئىچىدە «خوپ بوپتۇ» دەپ خۇش بولۇشار. «جەرىمانە» دېگەن لەنىتى لەقەمنىمۇ ئاشۇ يۈزسىزلەر قويۇشقان ئەمەسمۇ؟

«توقماقلار» كەنتىدە مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مامۇتخاننىڭ «دۇيجاڭ» دېگەن نامى «جەرىمانە» دېگەن لەقەم بىلەن ئالمىشىپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەردە يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئىككى يىل ئىچىدىلا كونا قەرزلىرىدىن قۇتۇلغانلىق تاشاپىندا خېلىلا ئەتلىنىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان دېھقانلار مامۇتخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ قەرز ئاش، قەرز پۇل دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرمايدىغان، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كىگىز ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك بەرسىلە دەپ چىرايى سارغايتمايدىغان بولۇپ قالدى. مامۇتخان بۇنىڭدىن ئىززەت ـ ئابرۇيى جەھەتتىن چوڭ يوقىتىش ھېس قىلدىمۇ ياكى ئۇلارغا ئۆزىنى بىر تونۇتماقچى بولدىمۇ ئىش قىلىپ ئۇ «مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش» پرىنسىپىغا يۆلەپ ھەر كۈنى يېڭىدىن يېڭى جەرىمانىلەرنى كەشىپ قىلغاچقا، دېھقانلار ئۇنى كۆرگەن ھامان «جەرىمانە»، «جەرىمانە كەلدى» دەپ پىچىرلاشقىنىچە يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا ھومىياتتى. مامۇتخانىنىڭمۇ بىرىنچى سۆزى جەرىمانىدىن باشلىناتتى:

— جەرىمانە! — دەيتتى ئۇ كۆرەڭلەپ، — نېمە ئۈچۈن بۇ قوناق ئۇتالمىدى، موسىغا بەش يۈەندىن جەمئىي...

دادۇي شۇجىسى سۇلتان ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەتكەن ئالتە ئايدىن بېرى مامۇتخاننىڭ جەرىمانىسى يامغۇردىن كېيىنكى شۇمبۇيىدەك تېخىمۇ كۆكلەپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە دادۇي بوغالتىرىنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ توقماقلىقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يەر تۈزلىمىگەن، ئوسا قىلمىغان،



بۇغداي كەنجىلىمىگەن، كۆزگى بۇغداي توپىلىمىغان، قىرنى تۈز سالمىغان ھەتتا سەن ـ يەن دېيىشىپ قالغان ئەر ـ خوتۇنلاردىنمۇ جەرىمانە ئېلىپ بوغالتىرغا تاپشۇراتتى. ئۇ ئەزالارنىڭ «جىمنىم دۇيجاڭ»، «ئۇز مامۇتخىنىكا» دېگەن يېلىنىشلىرىنى كۆرگەندە، دىقماققىنا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ساقال ياسقان ئېڭىكىنى ئۇچلاپ «مېنى تونۇدۇڭمۇ، مامۇتخاننى ئۇنتۇپ قېلىشما» دېگەندەك نەزەر بىلەن غەلىتىلا كۈلۈپ قوياتتى. شۇڭا، جەرىمانە ئۇنىڭ كۈندۈزى خىيالىدىن، كېچىسى چۈشىدىن چىقمىغاچقا، مۇشۇ كۈنلەردە پات ـ پاتلا جۆيلۈپ تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆلۈشكۈن كېچىمۇ ئۇ، تۇيۇقسىزلا «جەرىمانە» دېگىنىچە يېنىدا ياتقان خوتۇنى ئايخاننى بوغۇۋالدى. بىچارە ئايخان ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى تەستە ئاجراتتى ـ دە، بىر ئاتار تىللىدى:

— ۋىيەي... قويىمدا ياتقان خوتۇنىدىن جەرىمانە ئالىدىغان قانداق تېگى پەس گاداي بۇ... جەرىمانە ئالمىغان ئەمدى مەن قاپتىمەن ـ دە؟

مامۇتخان بۇ چاقىقچىمۇ «جەرىمانە» دەپ ھېڭگىدە ھېچىيىپ ياكى «جەرىمانە» دېگىنىچە شۇۋىرلاپ ئۇششاق بارماقلىرى نېمىلەرنىدۇر سانىغاندەك ۋە سىلىغاندەك قىلىپ بىر ئوبدان جۆيلۈگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقىدەك چوققىسىنى ئېتىلدۈرۈپ، خوتۇنىنى بوغۇۋالغان ئەمەس ئىدى! توغرا، ئۇ چۈشىدە كىمنىدۇر بىرسى چاقىرغاندەك قىلدى. ئۇ بولسا مامۇتخانغا جەرىمانە تۆلەش ئورنىغا نېمىدۇر دېگۈدەك، ھەتتا زاڭلىق قىلغۇدەك، خورىكى ئېشىپ ـ تېشىپ تىللىغۇدەك...

خوتۇنىنىڭ داكا ياغلىقىدا بېشىنى ئېڭىكى بىلەن قوشۇپ ئېڭىۋالغان مامۇتخان قوش تەكىيىگە يۆلىنىپ، ئۈزمەي كۆك تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۇرۇپلا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقاندا، ئېڭەك گۆشلىرى تارتىشىپ كېتەتتى.

— ھىم، ئەزىز تۇكۇاش، ئىلاھىم يۇلۇنۇڭ ئۈزۈلۈپ ئۆلەرسەن!

مامۇتخان، ئېخى تۈنۈگۈنلا «قۇمتوغ» سۇ قۇرۇلۇشىغا ماڭغان ئەزالارنى، «جەرىمانە» دەپ بوغما غىققىدەك، قوينۇڭدا ياتقان بوغماق سىكىلەك، دەپ قوشاق قېتىپ كۈلدۈرۈۋەتكەن ئەزىزنى قارغىۋەتتى. ئەزىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە مامۇتخان بىلەن يۈرچىقى پىشماي كېلىۋاتاتتى.

ئېخى مۇشۇ كۈزدە بىر ئەتىگىنى ئەزىز قوناقلىق بىلەن كېۋەزلىكنىڭ قىرىنى تۈزەپ سۇغىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، مامۇتخان يېتىپ كەلدى.

— ئەزىز بالا، — دېدى ئۇ مايلاشقان بۇرۇتلىرىنى ھىدىرىپ، — قوناق ۋە كېۋەزلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئەتە چۈشكىچە كۈزگى تېرىۋەت، بولمىسا ئالتە يۈەندىن جەرىمانە.

— مامۇتخىنىكا، قوناق ۋە كېۋەزلەرگە سۇ باشلىماقچىدىمەن. ئوسسى كېلىشىپ بولغۇچە خام قوناقلار پىشىپ كېۋەزمۇ يەنە بىر قېتىم ئېچىلىپ ئۈلگۈرىدۇ.

— ياق، بولمايدۇ، بۇ سىياسەت مەسىلىسى.

— گۇڭشېنىڭ قارارىدا ئونىنچى ئاينىڭ ئونبەش ـ يىگىرمىلىرىگىچە كۈزگى تېرىش، دەپ بەلگىلەنگەنغۇ؟

— ھەي ئىش بىلمىگەن خام بالا، سىياسەت دېگەننى جانلىق ئىشلەتكۈلۈك.

ئەزىز تاختىلارنى ئارىلاپ، قوناق باشلىرىنى يېرىپ كۆردى. كېۋەزلىكتە بولسا، كەنجى غوزىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ تەييار بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بىر قېتىم سۇ بېرىلگەندە غوزىلار ئېچىلىپ، خام قوناقلار قېتىشىپ يەنە بىر قېتىم مەھسۇلات ئېلىۋالغىلى بولاتتى.

ئەتىسى ئۆز مۆلچەرىدە يېتىپ كەلگەن مامۇتخان ئەزىز



بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ، ھەتتا ياقا سىقىشىپمۇ ئۆتكەندىن جەرىمانە ئالالمىدى.

— «پايدا ـ زىيانغا ئۆزۈڭ ئىگە» دېگەن گەپلىرىڭگە ئىگە بولۇشمامسەن؟ — دېدى ئەزىز كەتمىنىنى يىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، — نېمە يىڭناسقۇدەك دېھقاننىڭ كۆزىگە تىقىلىۋالدىسەن! دېھقاننىڭ دولىسى ئەمدىلا ئاپتاپ كۆرۈۋىدى، شۇنىڭغىمۇ كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟

— بەئەمدۇللا توغرا گەپ قىلدىڭ، — دېدى بىر ئاقساقال دېھقان، — ھۆكۈمەتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مەھسۇلات كۆتۈرۈلۈپ دېھقاننىڭ ئېغىلىدا مال، ساندۇقىدا ئاش، قولىدا پۇل بولدى. لېكىنزە بۇلارنىڭ جەرىمانىسى قارا ھۆكۈمەتنىڭ سەيسەھاشارلىرىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتىغۇ!

مامۇتخان شۇ كۈنى جەرىمانە ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر مۇنچە ئاھانەت ئىشىتىپ، سالپىيىپ يېنىپ كەلگەنىدى...

قونداقتىكى خورازنىڭ قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ قىچقىرىشى مامۇتخاننىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ، قاناتلىرى قېتىشىپ قالغان داكا ئۈستىگە قاراموي تەلپىكىنى ئاۋايلاپقىنا باسۇردى ـ دە، پەنجىرىدىن ئاقىرىپ كېلىۋاتقان ئاسمانغا قارىدى.

تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن مامۇتخاننىڭ كەيپى تېخىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قوشاققا قېتىپ مەسخىرىلىگەن ئەزىزغا ياكى مۇنۇ ئىچىدە چېكىتتەك گەپ ياتمايدىغان خوتۇنى ئايخانغا ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن، سۇلتان شۇجىنىڭ ئالتە ئايلىق كۇرسىنى تۈگىتىپ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇش بىلەنلا ئۆزىگە قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى.

— ھەي قوپۇڭلار دەيمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ ئۇخلاۋاتقان ئايالىنى پۇتىدا نوقۇپ، — كالىدەك يېتىۋېرىدىكىنا.

— ھە، جەرىمانە؟!
ئېرىنىڭ جۇيلۇشلىرىدىن يۇرەكئالدى بولۇپ قالغان ئايال چۆچۈپ ئويغاندى - دە، سوئال نەزەرىدە مامۇتخانغا قارىدى.
— ئېتىزغا چىقمامسەن، كاللا دېسە پاچاق دېگىنىنى، — مامۇتخان ئايالىنىڭ «جەرىمانە» دېگەن سۆزىدىن تېخىمۇ قاتتىق رەنجىگەندەك ئىدى.
— سىلىمۇ ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرسىلە بولاتتى، — دېدى ئايال ئۇيقۇلۇق غودۇشۇپ، — كادىر بولدۇم دەپ نەچچە يىلدىن بېرى قالدۇرۇق يەرنىمۇ ئەزالارغا تەرگۈزۈپ بەللىرى شۇنچىلا بوشاپ كېتىپتۇ. مانا ئەمدى...
— بولدى، تولا كارا - كارالڭ قىلماي چاي تەييارلاپ بەر، قومتۇغقا بارىمەن، — مامۇتخان كېچىدىكى ئىشتىن ئەنسىرىدى بولغاي، ھىلىگىدە ھىجايدى، — خوتۇن، مەن... مەن خۇش بولاي... كېچىدىكى كېلىشمەسلىكنى بىر كىمگە تىنما جۇمۇ، بىر كىيىملىك ناۋار ئېلىپ بېرىمەن.

* *

مامۇتخان قومتۇغقا بېرىپ ئىككى كۈن بولمايلا ئەزىز بىلەن يەنە تۇتىشىپ قالدى. شۇ كۈنى كەنتكە بېرىپ سايمان ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان مەمتاخۇن قوتاز ئەتىسى سەھەردىلا ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. مامۇتخان ئۇنىڭ قاپقارا ساقال باسقان يۈزىگە، تەمبەللىك بەستىگە، ئىككى مىيىقىدىن داۋاملىق مەسخىرە كەتمەيدىغان قېلىن قورۇقلىرىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا سەپرايى ئۆرلەپ قالدى.
— ئاداش، گۇسمەستەك غولۇڭ بولغان بىلەن ئىشقا ھەپسىلەڭ يوق نېمىكەنسەن، يېرىم كۈنلۈك جەرىمانە يېزىپ قويدۇم، تۆلىۋەت.



— ئا بۇ دادۇيجالڭ، ئۆزىنىڭ ئۆزى، ۋەزىپىنى ھەرقايسىلىرىدىن بۇرۇن پۈتتۈرسەم بولمىدىمۇ؟ ئىشقا بۇيرۇشسىلا كۆپىنىڭ ئىشىكەن دەپ، غىڭ - پىڭ قىلمىدىم، يەنە نېمە جەرىمانە - پەرىمانە، ئىمانىڭ بولمىسىمۇ ئىنسابىڭ بولسۇن دېگەن گەپ بار - دە!
— ئاداش، بۇ سىياسەت مەسىلىسى، سىياسەت دېگەن سىياسەت.
— مامۇتخىنىكا، ئۆزلىرى بىرەر قېتىم جەرىمانە تۆلەپ باقتىلىمۇ؟ باشقا كىشىدىن ھەر قانداق پەردە جەرىمانىنى يوق مۇقامغا كەلتۈرۈپ ئېلىۋېرىدىكەنلا، — ئەزىزنىڭ توساتتىن قىلغان چاقچاق ئارىلاش بۇ سۆزى باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
— سەن... سەن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلما، باشقىلارنى كۈشكۈرتمە، سىياسەت دېگەننىڭ مىڭبىر پۇتىقى بار.
— ئۇنداقتا ئۇ دادۇينىڭ ئالدىدىكى قېرى ياڭاققىلا ئوخشايدىكەن - دە، شۇنچىمۇ پۇتىقى كۆپىقۇ ئاغىنىلەر، ھا... ھا... ھا...
— ياقەي، — دېدى بىر يىگىت ئۇنىڭغا كۆز چىقىرىپ، — بۇ دۇيجاڭنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىكى ياڭاقتەكلا.
ئەزالار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. غەزىپىنى يېرىلغۇدەك بولغان مامۇتخان تەلپىكىنى ئېلىپ ئەزىزغا شىلتىدى.
— زادى دادۇيجاڭلىقنى سەن قىل، سەن تۈكۈۋاشنىڭ مەن بىلەن پۈت تېپىشكىنىڭ - تېپىشكەن. سەن كۆيدۈرگىنىڭ دەستىدە خىزمەت ئىشلىمەكمۇ بەسمۇشكۇل.
مامۇتخان ياماناپ كېتىپ قالدى. ئۇ يولدا توپىلارنى پۇرقىرىتىپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ھالدا كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىزلا ۋېلسىپىتىنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. سۇلتان شوجى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھە ، مامۇتخان ، قۇمتۇغدىن كېلىشىمىزمۇ؟ نېمانداق قارا بوراندەك تۇتۇلۇپ كەتتۇق.

— ھەي... — مامۇتخان بېشىنى تاتىلىدى ، — بۇ دېھقان خەق كىچىككىنە كۆڭۈلنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ، قولىغا تۆت تەڭگە كىرگەن كۈنى شىللەڭگە مىنىپ، بويىنۇڭغا تاراڭگۇ ئاسىدۇ.

— ھە ، يەنە ئەزالار بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدۇقمۇ؟

— شۇ ، بۇ خەققە چىشىڭنىڭ ئېقىنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ ، ئاغزىغا مەزمۇت يۈگەن سېلىش لازىم ، يۈگەن... مانا ئەزىز... ئۇ... ئۇ... — مامۇتخان جېدەلنىڭ سەۋەبىنى ئېيتالماي دۇدۇقلاپ كەتتى.

— ھازىر يۈگەن سېلىش ئەمەس ، بۇ چاققىچە سېلىنغان يۈگەنلەرنى ئېلىۋېتىش ، — دېدى سۇلتان تەمكىنلىك بىلەن ، — ئۇلارغا مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بەردۇق ، يەنە سىياسەتكە خىلاپ سېلىقلارنى سېلىۋەرسەك بولمايدۇ. ئىشخانىدا پۇت باسقۇدەك ئورۇن قالماپتۇ ، بوغالتىر ئامبار تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇغداي ، باڭاق ، يۇڭ ، كىگىز ھەممىسى بار ، ھەتتا دېھقانلارنىڭ ئاش قاچىلايدىغان ساندۇقلىرىغىچە ئەپكېلىۋاپتىمىزغۇ؟

— بۇ... بۇ... ھەي ، — مامۇتخان تېرىكىپ قالدى ، — ئۆزۈمنىڭ كۆمۈچىگە چوغ تارتقىنىم يوققۇ ، ئەگەر بىر تىيىن پۇل ، بىر قوشۇق ئاش كانىيىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېلىمغا ھونناق چىقسۇن.

— مامۇتخان يەپ كەتتى ، دېگەنلىك ئەمەس ، — دېدى سۇلتان ئۇنىڭغا كۈلۈپ ، — بۇ كۆرۈنۈشتە كوللېكتىپ ئۈچۈندەك ، خىزمەتنى چىڭ تۇتقاندەك كۆرۈنىسمۇ ، ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنىڭ قىزغىنلىقىنى بوغۇش.

— ئەمىسە مەن ئۆكتەملىك قىلىپ ئۇلارنىڭ كېكىرتىكىدىن بوغۇپتىمەن ، بىر ئاي روزى تۇتۇپ ، پوقتا ئېغىز ئاچتى دېگەن شۇ - دە!



سۇلتان شۇجى مامۇتخاننىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئاچچىقتا كۈلۈپ قويدى. چۈنكى ، سۇلتان ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنسىز جەرىمانىنىڭ دېھقانلارغا بېھۇدە سېلىنغان يۈگەن ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشكەن بولۇپ ، ھازىر مامۇتخاننىڭ «يۈگەن» مەسىلىسىنى قايتا ئېغىزغا ئېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا ، سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن قايتا سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

سۇلتان قۇمتۇغقا يېتىپ كەلگەندە كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرغان بولۇپ ، كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۈستى قىپقىزىل شەپەق ئىزنىلىرى بىلەن ئەتلەستەك تاۋلانغانىدى. ئۇ ، گەمە ئىشىكىگە كەلگەندە ئىچكىرىدىن كېلىۋاتقان پاراڭغا قۇلاق سالدى.

— سېنىڭمۇزە جېدەللىشى پۇلغا سېتىۋالىدىغان مىجەزىڭ بار ، قاراپ تۇرۇپ بېشىڭغا بىر سىقىم پىت سېلىۋالدىڭ ، ئۆزدىنىڭ ئۆزى...

— نېمە قورققۇلۇق ، ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىساقكەن جەرىمانىنى دوق قىلسا.

— بوغالتىرمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى ، دادۇيجاڭ «ھە» لا دېسە ، «ھۇ» دەپ ، دوپپىسىنى ئالىدىغان يەرگە بېشىنى ئېلىپ كېلىدىكەن.

— شۇ ، بۇ بالا راسا يۇمشاق باش ، گالدۇ - گۇلدۇڭ مۆرىمەسنىڭ بىرسى ، — دېدى كىمدۇر بىرسى ، — ئىقتىساد تۇتقان ئادەمنىڭ قولىدا مىزان بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈمدە يوق نەرسىلەرنى كىرىم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ، سامان خەقنىڭ بولغىنى بىلەن سامانلىق ئۆزۈمنىڭ دەپ ئېلىۋېرىدۇ.

— زادى مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بەلگىلەنگەن فاڭجېن - سىياسەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا ، — دېدى ئەزىز ۋارقىراپ ، — ئورمانلارغا

زىيان سالغان، سۇنى يار ئالدۇرۇپ زىرائەتلەرنى ئېقىتىۋەتكەن، مەھسۇلات كەملەتكەن، ئومۇم ئۈچۈن ئەللىك ئىككى كۈن ھەقسىز ئىشلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان قاتارلىق ئۆزىمىز بېكىتكەن بىر قانار تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىش تامامەن يوللۇق! لېكىن ھازىرچۇ؟

— شۇ، شۇ، يۆتەلىسەڭمۇ، ۋارقىراپ قويساڭمۇ جەرىمانە، كىشى قاتتىقراق كېكىرىنىشكىنىمۇ تەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

سۇلتان شۇجى دېھقانلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى-بۇ، لېكىن ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر ھەقىقەتنى سەزدى. راست، ئىككى يىلدىن بېرى دېھقانلار ھالال ئەمگىكىنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىدى! ئەمما بىر قىسىم سولچىللىق تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان كادىرلاردا مەنپەئەت توقۇنۇشى بولۇۋاتامدۇ، قانداق؟! ئۇلاردا يەنە قانداق ئەندىشىلەر باردۇ؟! دېھقانلارنىڭ يوقسۇزلۇقتىن زارلىنىشى، ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش تۆكۈشى ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتىمۇ؟ ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىشىدۇ؟ ياق، ئۇلارغا سەمىمىي ياردەم بېرىش كېرەك.

سۇلتان شۇجى شۇ خىياللار بىلەن گەمگە كىرىپ كەلگىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

※ ※

قومتۇغدىن يامانلاپ كېلىپ ئۆيدە ھەپتە ياتقان مامۇتخان ئەزالارنىڭ قومتۇغدىن قايتىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورساق كۆپۈكىنى بىر چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. كەڭ كەتكەن شاھمات تاختىسىدەك بىر ـ بىرىگە ياندىش ئېتىزلاردا ئالىيېشىل كېيىنىپ



ئىشلەۋاتقان ئەزالار خۇددى خىلمۇ خىل چېچەكتەك كۆرۈنەتتى، كۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپتىن نەم ھاۋانىڭ ھىدى كېلەتتى. ئېرىق بويىدىكى كۆكىرىپ قالغان كوكاتلار باھاردىن دېرەك بېرىپ، سۇندۇك ۋە قۇشقاچلار ئاغدۇرۇلغان يەردىن قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى تېرىپ يۈرەتتى. دېھقانلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئىشلەيتتى، چاقچاقلىشاتتى، ئېتىزنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتاتتى.

مامۇتخان يىراقتىنلا مەمتاخۇن قوتازنىڭ ئېتىزغا قىغ يۆتكەۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئېتىز ئوتتۇرىسى بىلەن ئۇدۇللاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادۇيجاڭ ئا بۇ... ئۆزىنىڭ ئۆزى، ئېڭەكلىرىنى چېتىۋاپلا، — دېدى مەمتاخۇن ھىڭگىدە ھىجىيىپ.

— ئۆتكەندە «چىشىم ئاغرىپ قالدى» دەپ ئېيتتىمغۇ، — دېدى مامۇتخان زەردە قىلىپ، لېكىن ئۇ گۇمانسىراپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — ھە، يازغى بۇغدايغا قىغ يۆتكەۋاتامدۇق؟

— خوش... ئۆزىنىڭ ئۆزى.

— موسىغا ئەللىك تاغار قىغ تۆكەمدۇق ـ يوق؟

— يوقسۇ، قىغىم كەملەيدىغاندەك تۇرىدۇ، ئوتتۇز تاغار ئۆپچۆرىسىدە تۆكىمەن.

— ئۇنداقتا ئون كىلودىن ئاق ئوغۇت قوشۇپ چاچىلى، بولمىسا تاغىرىغا بەش موچەندىن ھېسابلاپ جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

— ئا بۇ، دادۇيجاڭ ئۆزىنىڭ ئۆزى.

— بۇ سىياسەت، — ئۇ نېمىدۇ دېمەكچى بولىدىيۇ لېكىن قالغىنىنى يۇتۇۋەتتى، — ھە راست، ناھىيىلىك تەمىنلەش كوپىراتىپىغا بىلىنغا تاپشۇرىدىغان ئون سەككىز جىڭ گۆش ۋەزىپەڭنى ئورۇندىۋەت، بولمىسا جەرىمانە.

— دادۇيجاڭ، دۇيدىن بەرگەن قوي ئىككى يىلدىن بېرى

تۇغمىدى، سېتىپ باشقىسىغا ئالماشتۇرمىسام ئۆزىنىڭ ئۆزى...

— تۇغمىدى؟ ساغلىقىمۇ تۇغمامدىكەن، قوچقارغا تەگلە.

— ئا بۇ تەگلىدىم.

— قوشقارغا تەگلىسىمۇ تۇغمايدىغان ساغلىق بولامدۇ، سېتىشقا بولمايدۇ. ئۇنى سېتىپ نەدىكى دادىن قاچقان رەپرەپنى ئالماقچىمىدىڭ؟

غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن مەمتاخۇن ئاغزىغا كەلگەننى قايتۇرمىدى:

— ئا بۇ... ئۆزىنىڭ ئۆزى... ئۆزلىرىمۇ ئايخاننى ئالغىلى بىر كەم يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى، ئەجىبا ئۇمۇ تۇغمىدىبا... ئۆزلىرىمۇ...

— نېمە؟ سەن... سەن...

مامۇتخان غەزەپتىن ساقىلىنى يۇلۇپ كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ئەلەم قاپلىۋالغانىدى. ئۇ بۇرۇن ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك دېھقان ئىدى. توي ـ تۆكۈنلەردە ھەممىسى قول قوشتۇرۇپ ئۇنىڭغا تۆرنى بوشىتىپ تۇرسا، لېگەنىنىڭمۇ چوڭى ۋە گۆشلۈكى ئالدىدا بولاتتى. ئۇ لېگەنگە قول ئۇزاتمىغۇچە باشقىلارنىڭ قول ئۇزىتىشىغا ھەددى ئەمەس ئىدى. ھېلىمۇ ئەلگە دېھەتلىكلىرى ئىكەن، ھەتتا قېرى مويسپىتلەرمۇ قاش كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىيالمايتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن ئەزىزدەك باچكىلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتسا، ماۋۇ تېمىنى ئېتىپ، يېرىنى تېرىپ يۈندىكەشلىكىنى قىلمىغان قوتاز چېغىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتسا، يەنە كېلىپ ئەيمەنمەي «ئېگەكلىرىنى چېتىۋاپلا» دەپ ھىجايغىنىنى قارىمامدىغان، — مامۇتخان ئۇنى ئېيىدە تىللىۋەتتى، — مەن ئېگەكىمنى چېتىپ قويىدىغان ئۆلۈكمىدىم، خەپ، بىر چاغلار بولسا «كۆچۈش ئائىلىسى» قىلىپ ئۆزۈڭنى بوز يەردە كۆرسىتەتتىم ئانەھلى.



مامۇتخاننىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى بىر ئىش كېلىش بىلەن ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

مەمتاخۇن قوتازنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ كېتىپ ئىككى كۈنگىچە مامۇتخاننىڭ بوسۇغىسىدىن كېتەلمەي قالدى. ئۇ ھەتتا دادىۋېجاننىڭ قەرز ئاشلىققا ئىككىلىك خەت قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باغ تېمىنى ئېتىپ بەردى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا يۆگەلگەن بىر جۈپ ئەنجۈرنى كۆتۈرگەنچە مامۇتخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى:

— دادىۋېجاڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ۋە قورۇلۇپ، — بۇ ئەنجۈر تۇنجى پىششىقى، ئىككى كاچات ئۈزۈپ بىر يەۋالسىلا، قېنى ئاغزىلىرىغا كومىدا سالسىلا ھى... ھى... ھى...

مانا شۇ كۈنى مەمتاخۇن «يىگىرمە جىڭ قوناق قەرز بېرىلسۇن» دېگەن ئالىقاندەك قەغەزنى خۇددى سۇرەيپىسىندەك ئەتىۋارلاپ ۋە ئارقىچە مېڭىپ تا كوچا دەرۋازىسىغىچە سالام بەجا كەلتۈرۈپ سىرتقا چىققانىدى.

مامۇتخان ئۆز خىياللىرىدىن لەززەتلىنىپ ئەزىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئەزىزنىڭ ئانىسى نېۋىخان ئاچا ھويلا ئالدىدا بۇغداي نەمدەپ ئۇگۇت ئېتىۋاتاتتى. مامۇتخان تىكلەكلىك تاغار ۋە پالاسقا تۆكۈلگەن قىپقىزىل دانلىق بۇغداينى كۆرگىنىدە كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ بىر كۆلەڭگە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

— ئۆز دادىۋېجاڭ، قىزىم تۇغۇتلۇق ئىدى، ئون بەش جىڭ قوناقنى بۇغدايغا ئالماشتۇرۇشقا ئىلتىپات قىلدۇرۇپ بەرسىلە. مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار.

شۇنداق، قورۇق بېسىپ كەتكەن خۇنۇك كۆزلەردىن تارام ـ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

— نېۋىخان! — دېدى مامۇتخان ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — ئەزىزغا دەپ قويسىلا، چۈشتىن كېيىن دادىۋېدە مەجلىس بار،

تۇزۇمنى ئوبدان بىلمىمىز، مەجلىسكە بارمىسا ئۈچ يۈەن، كېچىكسە بىر يۈەن جەرىمانە...

نىۋىخان قايرىلىپ قاراپمۇ قويماي «ھە، بىلىمەن، توقماقلىقتا ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسا تورۇكلاپ جەرىمانە تۆكۈلىدۇ» دېگىنىچە ئۇگۇتنى ئېتىۋەردى. ماموتخان قاققان قوزۇقتەك بىردەم تۇرغاندىن كېيىن «ھىم» دەپ دىمىغىنى قاقتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلدى.

— ھەي، — دېدى ئۇ ئۆزىچە غوڭشىپ، — مۇشۇ مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بېرىش نەدىنمۇ پەيدا بولدى. دېھقان خەق بىر قېتىم نانغا تويۇپ كارتىدە كېكىرىپ قويغان كۈنى ئادەم تونۇمايدۇ، باشلىقنىڭ قەدرىگە ئەسلا يەتمەيدۇ.

نىۋىخاندىن دەشنام يېگەن ماموتخان پىرقىراپ ـ ئايلىنىپ ئېتىز ئۈستىگە كەلگەندە، گۇرۇپپا ئەزالىرى بىر يەرگە توپلىشىپ دەم ئالغاچ چاقچاقلىشىۋاتاتتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ماموتخان قىر ئۈستىگە چىقىپ، — ئۇرۇق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىرنى رۇس ئېلىپ، پاخپاق ئېتىش كېرەك، بولمىسا بىر توسمىغا بىر يۈەن جەرىمانە. ئاندىن سۆرەمنى سۈپەتلىك سېلىپ، ئېتىزنى ئەينەك يۈزىدەك تەكشىلىمىگەنگە موسىغا...

— دادۇيجاڭ، ھازىر ئېيتقانلىرى سىياسەتنىڭ مىڭبىر پۇتىقىدا بارمۇ؟ ياكى... — بۇرۇت قويۇۋالغان قارامۇتتۇق بۇ يىگىتنىڭ سۆزى پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئەمىسچۇ! سىياسەت بىلەن ئوينىشىقلى بولمايدۇ.

— دادۇيجاڭ، بىز قىر سالايلى ـ سالمايلى، پاخپاق ئېتەيلى ـ ئەتمەيلى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرساق مۇكاپات ئالىمىز، كەملەتسەك تۆلەيمىز، — دېدى ئەزىز مىختەك قادىلىپ، — ئۇنداقتا «مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش» ھېسابىمۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ جەرىمانىسىمۇ؟



— بۇ... بۇ... سىياسەت... سىياسەتنىڭ... سىياسەتكە... — ماموتخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم داجىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— «ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تا ئەھلى ـ ئىلىملىك كىشىلەر كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي دىدىلىغۇ دەيمەن، — قارامۇتتۇق يىگىتنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنلىغان ئېغىزلار ئاسمانىباقتى بولۇپ پاراقلاپ كۈلۈشتى. لېكىن، شۇ ئەسنادا ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن مەمتاخۇن قوتاز يەكتىكىنىڭ پەشلىرىدە يۈزىنى ئېرتقاچ تويىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:

— دادۇيجاڭ، ئا بۇ، بىزنىڭمۇ سىياسەتنىڭ سىڭا بۇرجەكىدىن بولسىمۇ خەۋىرىمىز بار، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە سىيالكىدا بىر مو يەرگە ئۇرۇق چېچىپ بېرىشكە ئالتە موچەن بەلگىلەنگەن. لېكىن، ھەزرەتلىرى بىر يۈەندىن ئېلىشتىن سىرت «تراكتورچى يەيدۇ» دەپ بىر موغا بىر جىڭدىن بۇغدايمۇ ئالدىلا. ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۆزى، تراكتورچى كۈنىگە نەچچە مو يەرگە ئۇرۇق چاچىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ئاشلىق پونكىتىدىن قىرىق بەش جىڭ نورما بېرىدۇ.

— تراكتورچىنىڭ ئاشقازىنى باشقا، نان قازىنى باشقا ئوخشايدۇ.

ئەزىزنىڭ چاقچىقى قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى. يەر ئاغدۇرۇپ ئەزالار بىلەن بىرگە دەم ئېلىۋاتقان تراكتورچى يىگىتنىڭ تاماكا تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى:

— دا... دادۇيجاڭ، بۇ... بۇ... قانداق گەپ، كىشىنىڭ ئۈچەيچۇرىسى ھەممىسى قورساق دەپ بۇنچىۋالا ئازناپلىق قىلماق.

— ھا... ھا... ھا... ھى... ھى... ھى.

— پېشانىڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلىش، ھەممىسى دادۇي-

گە كىرىم قىلىنغان، — دېدى كۆزلىرى جامدەك چەكچىيىپ قالغان مامۇتخان.

— پېشانىمىزنى سىلىساق سىلىدۇق، — دېدى مەمتاخۇن شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، — بىز جۆيلۈپ چوققىمىزنى ئېتىلدۇرۇۋالغىنىمىز يوق... ھا... ھا... ھا...

قامچىدەك تېگىۋاتقان كۈلكە سادالىرى ئىچىدە قالغان مامۇتخان خوتۇنى ئايخاننى: «ئىخ لەنىتى كاس - كاس خوتۇن، تۇفى تۇشۇك قاپاق» دەپ ئىچىدە تىللىغاچ توپ ئارىسىدىن قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلمەي ئارقىغا شۈخشىغانچە ئېرىققا يۇمىلاپ كەتتى. نەدىندۇر سافرىسىنى ئېلىۋالغان دەرەخ يىلتىزى «جارتلا» قىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىنى ئېچىپ قويدى.

مامۇتخان بىر قولىدا ئارقىسىنى تۇتقاچ قۇرۇق ئۆستەڭ ئىچى بىلەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەنتكە كىرىپ كەلدى - دە، قاشا تامغا يۆلەنگىنىچە ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ نومۇستىن ئۆلگۈدەك ھالسىزلانغان ھالدا ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان قۇرت - قوڭغۇزلار مىخچىۋاتقاندەك، گويا بىرەر قارا مۈشۈك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك تولغىناتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزى ئۈچۈن قىلغىنى يوقتۇ!... شۇنداق، ھەممىسى كوللېكتىپ ئۈچۈن بولدى. ئۆزى بولسا مىسقالچە بىر نەرسىگە تەگمىدى. پەقەت جەرىمانە، بىر ئاز بىپىلا ئىززەت - ھۆرمەتنى ئۇنتۇپ قالغان دېھقانلارنى ئۈچۈقداپ قويۇش ئۈچۈنلا قىلغان چارىسى ئىدىغۇ. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئابرويى بوراندىكى تالقاندەك توزۇپ ھەممىسىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كۈلكىسىگە قالدى.

مامۇتخاننىڭ كۆڭلىدىن بۇ خىياللار كەچكىنىدە ئىختىيارسىز سۇلتان شۇجىنىڭ «ئىززەت - ئابروي بېسىم، قورقۇتۇش، ئەدىبىنى بېرىش بىلەن كۆكلىمەيدۇ، پەقەت ئۇ ھالال مېھنەت بىلەن سىڭدۈرگەن ئەجرىڭدىن كېلىدۇ» دېگەن سۆزىنى



يادىغا ئالدى.

مامۇتخان ئېغىر خورسىنغان ھالدا سافرىسىنى سىلىدى. ئۇ كاساپەت يىلتىز ئىشتاننى خېلىلا بۆسۈۋېتىپتۇ. ئۆيگە قانداق يېتىۋېلىش كويىدا ئەتراپقا قاراپ يولدا بىر نەچچە كىشىنىڭ خۇشال ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى تامنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

— تېز مېڭىڭلار دەيمەن، — دېدى كىمدۇر بىرسى ۋار - قىراپ، — سۇلتان شۇجى جەرىمانىلەرنى قايتۇرغىلى تۇرۇپتۇ، چۈشتىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق مەجلىس ئاچىدىكەن.

— ئۇنداقتا جەرىمانىنىڭ قويرۇقى سۇغا چىلىشىپتۇ - دە.

— ھا... ھا... ھا... قويرۇقى ئەمەس، ئۆزى سۇغا پېشىچە شۇڭغۇدى دەڭلار!

بىردەمدىلا پۇت - قوللىرى گىر تېشىدەك ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مامۇتخان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى يىراقلىشىپ كېتىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ئۇ يەنە موكلا يېتىۋالدى. چۈنكى، يېزىنىڭ يىلانباغرى يوللىرىدىن بىر توپ مەكتەپ باللىرى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى:

ئۈچۈپ ئۆتكەن تورنىلار
يېزىمىزنى كۆرۈپ كەت.
قەلبى خۇشال دېھقاننىڭ
ناخشىسىنى ئاڭلاپ كەت.

— تۈگىمىدى، تۈگىمىدى، — دېدى مامۇتخان يىرتىلغان سافرىسىنى سىلاپ، — جەرىمانە راستىنلا سۇغا شۇڭغۇدى... ئۇ بۇرۇقتۇرۇم بولدى... تۈگىمىدى... تۈگىمىدى...

# چىنلىق ۋە ۋاپا

مۇئەللىپلەر : «دۇنيا تاسادىپىي ھادىسىلەر بىلەن تولغان ، ئۇنىڭسىزمۇ ھايات كۆڭۈلسىز بولغان بولار ئىدى» دەپ بىكار ئېيتمىغان . راست ئەمەسمۇ ، بەزى ھايات ھادىسىلىرى كىشىلەرگە بەخت ۋە شادلىق شارابىنى ئىچۈرسە ، بەزى ھاللاردا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرد - ئەلەم تاغلىرىنى ئارتىپ قويىدۇ . ھەتتا قايغۇ - ھەسرەت يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئادەم ئۆز ئەقلىدىن ئادىشىپ مەجنۇن ھالىتىگە چۈشىدۇ ، ئۆلۈمنىڭ سوغۇق قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ . لېكىن ، بەزى كىشىلەر باركى ، ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەھشەتلىك ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك باغرى پارە - پارە بولۇپ كەتسىمۇ قەلبىگە قىلچە چاڭ قونمايدۇ . مۇختار مانا شۇنداق گۈزەل قەلب ئېسىل خىسلەتلىك يىگىت .

خۇش چاقچاق ۋە ئاق كۆڭۈل مۇختار ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېمەك ماللار شىركىتىنىڭ گۆش ساتقۇچىسى بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۆز يۇرتىدىكى سۇمبۇل چاچ ، بويى گۈل بەرگىدەك ، يۈزى غۇنچىدەك يېزا قىزى نۇرنىسا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلدى . بۇ تويدىن ھەممە رازى بولۇشتى . «چىن مۇھەببەت كىشىلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ» دېگەننى راست ئوخشايدۇ . نۇرنىسانىڭ سىماسى تېخىمۇ بەرنالىشىپ ، مۇختارنىڭ بەستىدىن كۈچ يېغىپ تۇرىدىغان بولدى . قېرىلار ئۇلارنى كۆرگەندە ، «گۈلى گۈلگە كەلدى دېگەن شۇ - دە» دەپ زوقلانسا ، ياشلار «تىللا ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سالغاندەكلا بولدى» دەپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى . بۇ ماختاش-



لاردىن ئەنسىرىگەن ئانا ، بەزىدە : «كۆزى ياماننىڭ كۆزىدىن ، تىلى ياماننىڭ سۆزىدىن ساقلىغايسەن سۇف - سۇف» دەپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغىنىچە ئۇلارنى يول تەمچىدە ئىسرىقداپ قوياتتى .

مۇختار بىلەن نۇرنىسا ئەر - خوتۇن ئەمەس ، بەلكى توي ھارپىسىدا يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلاردەك بىر - بىرىگە تويماي - قانماي ئىناق ئۆتۈشتى . شېرىن ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ ئىلھامى بولسا كېرەك ، مۇختار تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ، كەچتە بىر نەچچە كىلومېتىر يول بېسىپ ئائىلىسىگە كەلگەندە ، نۇرنىسانى كۆرۈش بىلەن ھاردۇقى چىقىپ ، يېنىكلا بولۇپ قالاتتى .

— نۇرنىسا ، — دېدى بىر كۈنى مۇختار نۇرنىسانىڭ چېچىنى قولىغا يۆگەپ ئويناۋېتىپ ، — بۇرۇنلاردا سىزنىڭ مۇشۇ قۇندۇزدەك چاچلىرىڭىزنى ، چىرايلىق ھۆسنىڭىزنى ياخشى كۆرەتتىم ، ئەمدى ئويلىسام ئۇ چاغلاردا تولىمۇ نادانىكەنمەن !

— نېمە ؟ — نۇرنىسا چۆچۈپ قارىدى ، — ئەمدىچۇ... سىز... سىز...

— ھازىر مەن سىزنىڭ چوڭقۇر بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇدەك بىباھا كۆڭلىڭىزنى ، گۈزەل مىجەز خۇلقىڭىزنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايمەن...

— ئۇھ... خۇدايىم ئادەمنى شۇنداقمۇ... — نۇرنىسا ئۇيىلىپقىنا مۇختارنىڭ يۈزىگە تىكىلدى - دە ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى .

دەرۋەقە ، مۇختار نۇرنىسا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ ناۋات رەڭ سۈزۈك يۈزىگە خوپ ياراشقان قىياقتەك قاشلىرىغا ، جىنەستىندەك لەۋلىرىگە ، قويۇق كىرپىك قاپلىغان تارتىنچاق كۆزلىرىگە ، بولۇپمۇ يىلاندەك تولغىنىپ تۇر-

غان تۇم ئۆرۈمە قارا چاچلىرىغا ئىچى كۆيەتتى. نۇرنىسامۇ مۇختارنىڭ چاپلاپ قويغاندەك قېلىن قاشلىرىغا، ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنىغا، بېجىرىم چىرايىغا، تەمبەللىك بەستىگە پات ـ پاتلا بەر ئاستىدىن كۆز تاشلايتتى، كۆڭلىدىن بولسا: «نېمىدېگەن كېلىشكەن يىگىت» دېگەن ئوي ئۆتەتتى.

تۆت ـ بەش يىل خۇددى تۆت ـ بەش كۈندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسىمۇ بولدى. ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى نۇرنىسا كونا ماز ۋە كەنجە غوزا پاختىلىرىنى ئاتتۇرۇش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭدى. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، پاختا ئېتىش زاۋۇتىغا كىرىپ كەلدى.

نۆۋەت بويىچە نۇرنىسانىڭ پاختىسى چىگىت ئايرىش ماشىنىسىغا سېلىنىدى، ماشىنا ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىمەكتە ئىدى. نۇرنىسا ماشىنا يېنىغا چېچىلىپ كەتكەن پاختىلارنى تېرىۋېتىپ، ئالدىغا چۈشۈۋالغان چېچىنى ئەپچىللىك بىلەن ئارقىغا تاشلىشى بىلەن، چاچ ماشىنىنىڭ تاسمىسىغا ئېلىشىپ قالدى. ئۇ دەھشەتلىك بىر چىرقىراش بىلەن ھوشىدىن كەتتى. ئىشچىلار چاقماق تېزلىكىدە ماشىنىنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن نۇرنىسانىڭ باش تېرىسى، بىر قۇلىقى بىلەن بىللە سويۇلۇپ ماشىنا ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. قانغا مىلىنىپ ياتقان نۇرنىسانى دوختۇرغا ئېلىپ كەلدى.

مۇختار باش ـ كۆزى داكا بىلەن ئورالغان، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئايالىنى كۆرگەندە، يۈرىكى زىخچىكى جىگەردەك قورۇلۇپ كەتتى. قايغۇ ئەلەم ئىسكەنجىدە قىسىلدى. ئۇ ئايالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تېببىي خادىملارغا پائال ماسلىشىپ، نۇرنىسانى ئىخلاسمەنلىك بىلەن كۈتتى. ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتتى. مۇختار ئۇنىڭ قېشىدىن بىردەممۇ قوزغالمىدى. نۇرنىسا ھامان جۆيلۈپ ياتاتتى. پات ـ پاتلا نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلايتتى.



— مۇختار... تاماق... كېچىكىپ قالماڭ، بالىلار... — نۇرنىسانىڭ ئۇششاق بارماقلىرى كىمنىدۇر ئىزدەيتتى.

— نۇرنىسا... — مۇختار يىغلامسىراپ ئۇنىڭغا ئېگىشتى. لېكىن ئۇ، نۇرنىسانىڭ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى ۋە كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

بىر كۈنى مۇختار بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ دوختۇرخانىغا كەلگەندە، ئىشىكتىن كىرىپلا بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى. سېستىرالار نۇرنىسانىڭ بېشىنى شامالدىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، داكىلارنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇنى ياستۇققا يۆلەپ قويغانىدى. مۇختار ئۆز ۋۇنغىچە ئۆزىنىڭ نۇرنىساسىنى تونۇيالمىدى! ھەتتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قورقۇنچ قاماللىۋالدى.

ئاھ... قىياقتەك قاشلار، قويۇق كىرپىكلەر، تارتىنچاق كۆزلەر، ھەتتا قولىغا يۆگەپ ئوينىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇنىڭ ئىپار ھىدلىق سۇمبۇل چاچلىرى قېنى؟ قولىقىچۇ؟! بىر كۆزى جايىدىن سۇرۇلگەندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بۇ كۆز قانداقتۇر ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋە يات نەزەر بىلەن باقىدۇ، بېشى بولسا سويغان پىيازدەك پارقىرايدۇ... مۇختارنىڭ كۆز ئالدى گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ، قەلبىدە ئەنسىز خىياللار قارا قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا ۋە يۈرىكىگە چاڭگال سالماقتا ئىدى. ئاھ... شۇنىڭ بىلەن يورۇق كۈنلەر تۈنلەر بىلەن ئالمىشارمۇ؟ خۇشال ـ شادىمان خاتىرىلەر ئەبەدىي كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ؟ ياش ھاياتى بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە ئۆتەرمۇ؟ دوستلىرى، قېرىنداش تۇغقانلىرى نېمىلەرنى دەر، بالىلارچۇ؟ بالىلار قورقۇپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە، بالىلار ئاق سۈت ئەمگۈزگەن ئاپىسىنى تونۇيالايدۇ!... ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ...

مۇختارغا مىڭلىغان كۆزلەر تىكىلىپ، مىليونلىغان ئاۋازلار بىردەكلا ۋارقىرىغاندەك بولدى: «ھەي يىگىت! دۇنيادا كۆز

بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ نازۇك بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ كۆڭۈل... ۋاپادارلىقنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ھەممە ـ ھەممىنى قۇربان قىل، شۇنداق مىنۇتلار ئۈچۈن ياشا، شۇ چاغدىلا چىن ئىنسان بولالايسەن!»

مۇختار ئۆز جورىسى، ئۆمۈردىشى، سەپدىشى نۇرنىسانى تونۇيالماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، مانا شۇ تاپتا ئۇ مۇلايىم، يۇمشاق كۆڭۈللۈك، قىسقىغىنە مۇھەببەتلىك ھاياتىدا دىلىنى رەنجىتمىگەن ساپ بىر قەلبىنى، ناتىۋان پاك يۈرەكنى، كۆيۈمچان نۇرنىساسىنى كۆردى ۋە تونۇدى! مۇختار ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنتۇپ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە نۇرنىسانى قۇچاقلىۋالدى ۋە «نۇرنىسا، مېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇم، سىزنى تونۇيالماي قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ سىز مېنىڭ قەلبىمگە ئۆچمەس گۈل ـ چېچەكلەرنى چەككەن...» دېگەن سۆزلەرنى ئىچىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى.

— مۇختار... سىز... — نۇرنىسا بەكمۇ زەئىپ ئاۋازدا شىۋىرلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بالا ـ قازاغا دۇچار بولغانلىقىنى بىلەلمىسە كېرەك.

— مەن سىزنىڭ ھايات قالغانلىقىڭىزغا خۇشالمەن. بۇ خۇشاللىق يېشى.

مۇختار شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرنىسانىڭ ئۆز چىرايىنىڭ قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چېكىلمەسلىكى، روھىنىڭ سۇنماسلىقى ئۈچۈن بارلىق چارە ـ ئاماللارنى قوللاندى. بېشى داكا بىلەن ئورالغان ئايالىنى يېتىلەپ سىرتلارغا ئېلىپ چىققاندا دېرىزە كۆزنەكلىرى ئالدىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېتەتتى.

مۇختار پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خوتۇنىنىڭ چىراي ـ شەكلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن شاڭخەيگە ئېلىپ ماڭدى، ئۇ يەردە نۇرنىساغا يالغان چاچ كىيگۈزۈپ، سۈنئىي



قولاق سېلىپ تۈزەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزى تاتۇق بولۇپ ساقايدى. دوختۇرلار نۇرنىسانىڭ قېشىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرمەكچى بولغاندا، مۇختار ئايالىنىڭ يەنە ئازاب تارتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ يۈزلىرىگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن بىلەك ۋە يوتىسىدىن شىلىۋېلىنغان تېرە ئاز ئەمەس ئىدى.

مۇختار ئايالىنى شاڭخەيدە ئۇزۇن مۇددەت داۋالىتىش جەريانىدا قانچىلىك رىيازەتلەرنى چەكمىدى دەيسىز! تەشكىلنىڭ يول كىراسىغا بەرگەن ۋە ئۆزى ئىقتىساد قىلىپ يىغقان پۇلىدىن باشقا، يەنە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ خەجلەپ خېلىلا چىقىمدار بولدى. ئۇ نۇرنىساغا قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يېگۈزەتتى، ئۆزى بولسا تولا ھاللاردا تاماقسىز قالاتتى ياكى ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالاتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭدىن تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكىنى سورىغاندا، ئاشخانىدا يەۋالدىم، قېنى، سىزگە بۇنى ئىسسىق يېگۈزۈپ قوياي دەيتتى ـ دە، ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزەتتى، چاي ئىچۈرەتتى.

— كالپۇكلىرىڭىزغا نېمە بولدى؟ — دېدى نۇرنىسا بىر كۈنى مۇختارنىڭ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا قاراپ.

— بۇ...بۇ ... ھە، ھاۋا، سۇ ئالماشقاندىن كېيىن ئادەمنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ قالىدىكەن.

مۇختار ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ، نۇرنىسانىڭ تۇرۇشىغا ياردەملەشتى. لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى سۈرتتى، ناشتا قىلدۇردى، ئارقىدىن دورىسىنى ئىچۈرۈپ، ئورنىغا قايتا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە: مەن سىزگە ئوخشىتىپ لەڭمەن ئەتتۈرۈپ كېلەي، دېدى ـ دە، مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا كەتتى. مۇختار كېتىپ، دوختۇرلار نۇرنىسانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ماڭلاي چاچلىرىنى ئوڭلاش ئۈچۈن ئەينەك ئال-

دىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەسلى قىيپىتىنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان نۇرنىسا ئەينەكتىكى يات، قورقۇنچلۇق بىر چىرايىنى كۆرگەندە كۆزلىرى چەكچەيدى، نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى.

— بۇ مەن ئەمەس!... — نۇرنىسا ئايلىنىپ يىقىلدى.

نۇرنىسا كارىۋىتىدا ياتاتتى. ئۇ ئازابلىق خىياللار پاتقىقىغا پېتىپ بىر - بىرىدىن سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى...

ئەينەك يالغان ئېيتمىدى، ئۇ دەھشەتلىك ھەقىقەتنى ئەينەن كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ تاتۇق قاپلىغان يۈزىنى ئەمدى ھېچكىم ئۆزگەرتىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇ ئۆمۈرۋايەت شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. نۇرنىسا ئۆزىنىڭ ھۆسىن - جامالىنىڭ ئەبەدىي دەپنە قىلىنغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ چىرايى بىلەن مۇختارنىڭ ئالدىدا قانداق يۈرەلەيدۇ؟... بەلكىم ئۇ ھازىر ئۇنى ئاياپ كۆڭلىدىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي قىينىلىۋاتقاندۇ؟ كېيىنچۇ؟ كېيىن... ئەلۋەتتە ئېنىق. ئۇ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېيتىشى كېرەكمۇ؟ ياق. ۋاي ياق، ئەمىسە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ مېيىپ چىرايىغا، چۈشكۈن روھىغا، دەردلىك ئۆمرىگە باغلاپ قويسۇنمۇ؟!

نۇرنىسانىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدە تاقەتسىز بىر سوئال قېتىپ تۇراتتى، «ئايرىلىپ كېتىش كېرەك» دېيەتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە. لېكىن، مۇختارنىڭ خىيانەت ۋە ۋاپاسىزلىقنى بىلمەيدىغان كۆزلىرى يات بىراۋلارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك ۋە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چېچىنى قولىغا يۆگەپ ئويناۋاتقاندەك مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كەلگەندە، نۇرنىسانىڭ يۈرىكى سىقىلىپ ئاغرىيتتى ۋە ياق، ياق، دېگەندەك نالە بىلەن دۈپۈلدەيتتى...

مۇختار بىر قاچا لەگمەننى كۆتۈرۈپ بالىنىتسىغا كىرىپ



كەلگەندە، نۇرنىسا لۆڭگە بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى. مۇختار چاقچاق قىلىپ:

— نۇرنىسا، مەن بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتامسىز؟ مانا مەن سىزنى تېپىۋالدىم، — دېدى - دە، لۆڭگىنى ئېلىۋەتتى، نۇرنىسانىڭ تورۇسقا تىكىلگەن كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پالتىراپ تۇراتتى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلىدىڭىز؟

— بولدى، ماڭا قارىماڭ، مېنىڭ يۈزۈمگە قارىماڭ! — نۇرنىسا لۆڭگىنى يۈزىگە قايتا ياپتى - دە، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — سىزگە، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، چىرايىمغا سىزنىڭ توي قىلغان ۋاقتىمىزدىكىدەك زوق - شوق بىلەن قارىشىڭىز مېنى بىخۇدلاشتۇرغانىكەن، ھېلىمۇ بىر يىلدىن بېرى كۆپ ئازاب چەكتىڭىز، بىز... بىز ئەمدى ئاجرىشىپ كېتەيلى. سىزگە ھەرقانداق قىز...

ياق! مۇختار بۇنداق قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك زىل پەيتتە ئىككىلىنىپ تۇرمىدى! ئۇ تا ھازىرغىچە: نۇرنىسانىڭ گۈزەل چىرايىدىن، نۇرلۇق جامالىدىن جۇدا بولدۇمغۇ دەپ زارلانمىغان! بىرىنچى قېتىم بالىنىتسىدا ئۇنى قورقۇنچلۇق قىياپەتتە كۆرگەندىمۇ، ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى شامالدا تارقالغان بۇلۇتلارغا ئوخشاش تۇمانلىق ۋە بەلگىسىز بولۇپ قالمىغان! ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، نۇرنىسانىڭ يۈزى مېيىپ ئەمەس، ئۆزىنىڭ قەلبى مېيىپ ھېسابلانغان بولمامدۇ؟

— نۇرنىسا، — مۇختار ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ساقال باسقان يۈزلىرىنى نۇرنىسانىڭ مېيىپ يۈزلىرىگە ياقتى، — بۇنداق شۇم خىياللار نەدىن كەلدى، سىز مەن ئۈچۈن ھېلىھەم قەدىرلىكسىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز مەن ئۈچۈن بىباھا گۆھەر. سىز مېنى شۇنچە ۋىجدانسىز چاغلامسىز؟

ۋاپا ۋە مۇھەببەت رىشتىسى قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن

بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. دەرۋەقە مۇختار ئەزەلدىنلا چىن ئىنسان بولۇشقا ئەمەل قىلغان يىگىت ئىدى. ئۇ، ئەر خوتۇننى ئۇرىدىغان، خوتۇن ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدىغان ئىشلاردىن تولىمۇ يىرگىنەتتى ۋە نەپرەتلىنەتتى.

مۇختار نۇرنىسانى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، يېڭىدىن - يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلدى.

دۇنيادا ئادەملەر ھەرخىل بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە بولغان كۆزقارىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مۇختارنىڭ بەزى تۇغقانلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم نۇرنىسادىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئېيتتى. مۇختار ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇلارغا رەددىيە بەردى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىر تونۇشى خۇددى ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە: مۇختار، سەن ئايالىڭ ئالدىدا ئىنسانىي بۇرچۇڭنى ئادا قىلدىڭ، باشقا كىشى بولسا، ئۆز ۋاقتىدىلا بوپىسنى قولتۇقلىتىپ قوياتتى. سەن تېخى ياش، ئەمدىلا يىگىرمە ئالتىگە كىردىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىشچىسىسەن، چىرايلىق قىزلارنى تاپالماسلىقتىن قورقامسەن؟ ساڭا كىملا بولسا تېگىدۇ دېگەندە، مۇختار: مەن ئۆز كۆڭلىنى دەپ ئايالىنى تاشلىۋېتىدىغان ئىنساپسىزلاردىن ئەمەس، ئەگەر سەن بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىغاندا ئايالىڭ تاشلىۋەتسە، قانداق قىلار ئىدىڭ؟ بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغىن، ئەگەر بۇ گەپ نۇرنىسانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۇنىڭسىزمۇ جاراھەتلەنگەن قەلبى مۇنداق ئازابنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ ئۆز دوستىنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويدى. بىر كۈنى مۇختار دۇكاندا گۆش سېتىۋاتقاندا، بىر قىز ئىككىلىك قەغەزنى گۆش بىلىتىگە يۆگەپ مۇختارغا سۇندى. مۇختار خەتنى ئوقۇپ، سىيىقىدا ئاچچىقىنە كۈلۈپ قويدى - دە، قىزنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ: سىڭلىم بۇ خەتنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ دەپلا



دۇكانغا كىرىپ كەتتى.

نۇرنىسانىڭ سالامەتلىكى بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، نېرۋىسى قاتتىق زەخىملەنگەنلىكتىن، ئۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى خالىمايدىغان ۋە تېرىككەك بولۇپ قالدى. شۇڭا، مۇختار بالىلىرىغا دائىم: ئاپاڭلارغا پەس ئاۋازدا سۆز قىلىڭلار، دەپ تاپىلاپ تۇردى. ئۆزى تېخىمۇ سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە ئاۋايلايدىغان بولدى. ئېرىنىڭ تەسەللى بېرىشى، كۆيۈنۈپ بېقىشى ئارقىسىدا نۇرنىسانىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. مۇختارنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبانلىقى نۇرنىسانىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى سۆز بىلەن ئەمەس، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، ئېرىنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشىغا مەدەت بېرىش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىمەكتە. شۇڭا، كىشىلەر: «مۇختارنىڭ ئائىلىسى ئىناق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشمايدۇ، تەرتىپلىك، ئۇستازلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

مۇختار ھازىر بەختىيار ئىناق ئائىلىدە غەم - ئەندىشىسىز، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ ھەر يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە. يېقىندا شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى ماقۇللاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا يوللىدى.

مۇختار 1982 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇدى! مەسئۇل يولداشلار ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى قايتا - قايتا ماختىغاندا، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن شۇنداق دېدى: بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ تەربىيىسى، غەمخورلۇقى، يولداشلارنىڭ ياردىمىنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭدا يەنە نۇرنىسانىڭمۇ بىر كىشىلىك ئەجرى بار...

## تويدا

تىنچ كۆتۈرۈلگەن قوياش پايانسىز چۆلنى ئۆتكۈر نۇرى بىلەن قىزىتماقتا ئىدى. گويا چۆكتۈرۈپ قويغان تۆگە لوكىلىرىدەك قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىر جىپ ماشىنا تەستە ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە.

جىپ ماشىنا «قۇم كۆچتى» داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، شوپۇر ھاردۇقى چىققاندەك يېنىك تىنىدى ـــ دە، يېنىدىكى كىشىگە بۇرۇلدى.

ـــ كاتىپ، ـــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ـــ قاسىم ھاكىم دادىسىنى بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئەكەلدۈرەي، نېمە ئۈچۈن نىكاھقا ئۈلگۈرتۈپلا ئاچىقىدۇ؟

ـــ تىنچ... ـــ كاتىپ ئارقىدا ئۇخلاپ كېلىۋاتقان ئاقساقال بوۋايغا بىر قاراپ قويۇپ، شوپۇرغا ئاستا شىۋىرلاشقا باشلىدى، ـــ ھاكىمنىڭ مەيلىچە بولسا، دادىسىنى تويغا قاتناشتۇرمايتتى. لېكىن، يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈنىمىسىمۇ ئەل ـ مەلە ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۈزىگە سەتتە.

ـــ ھاكىم ھەرقانچە ئەرلىك ـ ئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ، يەنە شۇ بوۋاينىڭ پۇشتىغۇ؟ ئاتىسىدىن چاندى دېگەن قانداق گەپ بۇ؟

ـــ سەن بوۋاينىڭ تەرسالىقىنى بىلمەيسەن، ـــ دېدى كاتىپ شوپۇرغا ئېگىشىپ، ـــ قاسىمكام مۇئاۋىن ھاكىملىققا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئىككى يىل ئىچىدە بوۋاي ئۇنى ئۇرغۇن قېتىم يۈز تۇرانە تىللىدى، ھەتتا ھاسىسى بىلەن چېكىسىنى ئىششىندۇرۇۋەتتى.



ـــ پاھ، مۇنداقمۇ ئىش بولىدۇ دەڭا! شۇڭا ھاكىم ئۇ ئىشلارنى كۆڭلى ـ كۆكسىدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ ـ دە؟

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى كاتىپ ئېغىر تىنىپ، ـــ ناھىيەلىك پارتكوم قاسىمكامنىڭ بەزى ئىشلىرىغا بىر نەچچە قېتىم تەنقىد ـ تەربىيە بەردى. بوۋاينىڭمۇ سەپرايى ئۆرلەيدىغان يېرى نەق شۇ دە. بوۋاي يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، بولۇپمۇ قاسىمكام كونا ئايالىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، بوۋايغا بەكمۇ دىل ئازار بولدى. ئۇ كېلىنىنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە كۆرەتتى.

كاتىپ بىلەن شوپۇر گېپىنى قىلىۋاتقان مۇددەت بوۋاي گەرچە ئارقىسىغا يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ قۇلاق ياقتى شىۋىرلاشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. شۇنداق، بوۋاي ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالسىلا ئوغلىغا ئاچچىقى كېلەتتى.

قاسىمنىڭ داۋىي پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقىدىن قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆسۈپ، ناھىيەلىك تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر جەريان بوۋايغا بەكمۇ سۆيۈندۈرەتتى. لېكىن، ئۇ مۇئاۋىن ھاكىملىققا ئۆستۈرۈلۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئادەملەر ئۈزۈلمەيدىغان، نەرسە ـ كېرەكلەرمۇ ئۆكسۈمەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزى ئىشلارنى چېلىقتۇرۇپ قالغان بوۋاي بىر كۈنى قاسىمغا نەسىھەت قىلدى:

ـــ بالام، ئاشلىق، ئوغۇت، سايمان، چارۋا، يايلاق قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە، ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەنلەرگە تارازىڭنىڭ كەلگەن يېرىدە ھەل قىلىپ بەرگىن، لېكىن چوتا ئالمىغىن، ـــ دېدى،

ـــ مەن بۇ بىغەرەزلەرگە قانچە قېتىملاپ ئېيتتىم، ئالمىساڭ خاپا بولۇشىدۇ. لېكىن، ئارقىدىنلا سوغۇق زەللىدەك بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ، خەپ، ـــ دېدى قاسىم راستىنلا ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ.

قاسىمنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق خۇپىيانە ئىشلىرى ھىتمەتنى خېلىلا خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئوغلىنىڭ شەھەر كۆكتاتچىلىق دادۇيىدىن بىر يېرىم مو يەر ئاجرىتىپ شەخسىي ئۆي سېلىش تەرەددۇتىغا چۈشۈپ كېتىشى بوۋاينىڭ قۇيقى چېچىنى تىك قىلىۋەتتى.

— قاسىم، — دېدى بوۋاي ئورۇق قوللىرىنى شىلتىپ، — ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن تۆت ئېغىز ئۆيى، ئاشخانا، ھويلا - ئاراملىرى ساڭا تارلىق قىلىپ قالدىمۇ، نېمە، جىن تەپكەندەك ئۆي سېلىش كويىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

— دادا، — دېدى قاسىم يېلىنغاندەك قىلىپ، — ھاكىملىقمۇ، بۇ ئۆيلەرمۇ ماڭا ئۆمۈرۋايەت بەخشەندە ئەمەس، ئەلۋەتتە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم بولىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ روزىغارى بولغانغا يەتمەيدۇ - دە.

— ھىم، ماقۇل، مۇنداق دېگىن، ھاكىملىق دەسمايەڭنىڭ باردا ئوقەت قىلىۋالاي دەپسەن - دە، سەن ئىت ئۈۋىسىدا ياتقان كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما.

— دادا، بۇ ئەسلىدە...

— بولدى، بولدى، ماڭا ئېزىپ ئىچۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ. سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئەمچەكنى «مەممە» دەيدىغان. ھىتمەت قانچە كايىپمۇ، ئاچچىقلاپمۇ قاسىمنى ئۆي سېلىش نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ تەقدىر - ئىقبالىدىن ئەنسىرىگەنسېرى، يىراق - يېقىن گۇڭشېلاردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ: «خىل ياغاچلاردىن بىر تراكتور...»، «تاشقا ئون ھارۋا ئاجراتتىم...»، «يارام ھۈنەرۋەندىن كىرگۈزەي...» دەپ كۇسۇرلاشقانلىرى، ھەتتا بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى تاغلىق رايون باشلىقلىرىنىڭمۇ: «ئۆي سالماقچى دەپ ئاڭلىدۇق، قارىشىدىغان ئىش - كۈشلەر بارمىكىن؟» دەپ ئالاھىدە سوراپ كېلىشلىرى بوۋاينىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتتى. ئۇ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئۆي سېلىۋاتقان كۆكتاتچىلىق دادۇيىگە يېتىپ كەلدى.



يالىڭاچلانغان ئون نەچچە ئەزا ھاسىراپ - ھۆمۈدىشىپ تام سېلىۋاتاتتى. ئەمدىلا چېچەك تۆكۈپ، چاچرىشىپ كەلگەن پەمىدۇر، لازىلار يۇلۇنۇپ بىر چەتكە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ھىتمەت بوۋاي ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ۋاي ئىسىت، — دېدى چارساقاللىق كىشى، — ئاز دېگەندە ئىككى مىڭ تىزىنىڭ كۆزىگە توپا قۇيۇلدى - دە، يەرنىڭ مېغىزى ئىدى، مېغىزى، بىرىنچى دۇينىڭ يەرلىرى ئۆي ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئەزالىرى باشقا دۇيلەرگە تارقىتىۋېتىلدى. مانا ئەمدى بەسىمىللا دېمەي ئىككىنچى دۇيگە نۆۋەت كەلدى.

— يەرلىرىمىزگە ئۆي سېلىۋاتقانلار، — دېدى يەنە بىر كىشى، — ھەممىسى ئەمەلى بارلار. ھۆكۈمەتنىڭ سېلىپ بەرگەن جانان چىننىدەك ئۆيلىرىدە ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ، بۇ ئۆيلەرگە ئاتا - ئانىسىنى ياكى بالىسىنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ قويۇشىدۇ.

ھىتمەت شۇ كۈنى قاسىم بىلەن بىر كېچە ئۇرۇشۇپ - تۆپە بولۇشۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىنى سائادەتنىڭ: «جېنىم دادىكا، ئوبدان دادىكا، كەتمىسىلە» دەپ يېلىنغىنىغا قارىماي «مەخمەل دۆڭ» كەنتىگە يول ئالدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئۆز غەمخانىسىدا تىنچ ۋە تەشۋىشسىز ياشاۋاتقان بوۋاي كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قاسىمنىڭ ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرغان - قوپقىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ سالپاڭ تۇلاق ئېشەككە مىندى - دە، قۇم - جەزىرىلەردىن ئېشىپ، ھەتتا «پاشىلىق لەڭگەر» دېمۇ

قونماي شەھەرگە يېتىپ كەلدى. بوۋاي ھەيۋەتلىك يېشىل دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا يۈرىكى ئېغىپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ تورلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ گۈللۈك تۈۋرۈكلىرىگە، نۇبىيە شەكىللىك دېرىزە ئويۇقلىرىغا، رەڭدار نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن لىم ياغاچلارغا، كۆزۈك چىشى چىقىرىلغان ئايۋان قىرلىرىغا قارىغىنىدا ئۆزىنى ئوغلىنىڭ قورۇسىدا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى سايىم ئامبالنىڭ قوراسىدا تۇرغان چاغدىكىدەك ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىنى سوغۇق تىترەك قاپلىدى.

— بوۋا! — ھىممەت چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق ئامراق نەۋرىسى سالامەت بوۋايغا ئۆزىنى ئېتىپ بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— بوۋا، جېنىم بوۋا، ئاپامنى كۆرگۈم كەلدى.

— يىغلىما بالام، يىغلىما، — بوۋاي گەرچە نەۋرىسىنى بەرلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا، كىرىلىپ ۋە ئەستەپ ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن قاسىم دادىسىنى كۆردى - دە، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇي، دادام كېلىپ قاپتىغۇ.

— ھە، پادىشاھ سارىيىغا كەلگىلى بولمامدىكەن؟

— ئۆيگە كىرەيلى، دادا، ئۆيگە.

— سائادەتخان بالام قېنى؟ — قىلچە سۆلكەت قىلىشنى بىلمەيدىغان بوۋاي ئەزىيەتتىن ۋارقىرىۋەتتى. — ھەشەمەتلىك سارىيىڭغا سائادەتخان ياراشماي قالدىمۇ؟ ئاسماندىكى ئاينى ئالماقچىمۇ سەن؟

— دادا... ئۇ... ئۆزى.

— خۇپسەنلىك قىلما، ئۇ سېنىڭدىن خېتىنى تەلەپ قىل-



دىغان بالا ئەمەس. سەن ھوقۇقىڭنى پەش قىلىپ ئۇنى مەجبۇرلىغانسەن. تۆت بالىنى يېتىم قىلىپ ئالتۇن مۈڭگۈز چىقتىمۇ؟

ئاتا - بالىنىڭ سەن - پەن دېيىشىپ ۋارقىراشلىرىدىن ھەيران بولغان قولۇم - قوشنىلار دېرىزە يوچۇقلىرىدىن، تام ئۈستىلىرىدىن مارىشاقتا ئىدى. بوۋاينىڭ: «قوتۇر كالىغا يوغان مۈڭگۈز ياراشمىغاندەك، بۇ ئەمەل ساڭىمۇ ياراشمىغۇدەك» دېگەن سۆزىدىن ئۆلگۈدەك نومۇس كەلگەن قاسىم ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمانچە ئەزۋەيلەيسەن، خوتۇن ئېلىش - خوتۇن قويۇش مەندىن قالغان ئىشمىدى؟ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادەت، قانۇندىمۇ چەكلەنگەن ئەمەس!

— ۋۇي نومۇسسىز، قانۇننى ئۆزۈڭ ياماپسەن، يەنە ئۆزۈڭ دەپسەندە قىلىسەن، سېنىڭدەك ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن مايمۇن بالام ئەمەس، ئەمدى ئاتام بار دېگۈچى بولما! — بوۋاي قاسىمغا ھاسىسىنى كۆچەپ ئاتتى - دە، سېمونت پەلەمپەي ئۈستىگىلا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ، چىشلىرى كىرىشىپ، پۇت - قوللىرى تارتىشىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ بوۋاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. قاسىم يوقلاپ كەلگەندە ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچمىدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە قاسىم دوختۇرخانىغا يېنىشلاپ قەدەم باسمىدى. چۈنكى، بوۋاي ھەدېسىلا «سايىم ئامبال كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر بوۋايغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ئۆلەكچىلا خۇشامەت، ئىلتىپاتلار كۆرسىتەتتى. ھىممەت ئۇلارغا نە رەھمەت، نە ھۆزۈرخاھلىق ئېيتمايتتى. لېكىن، ئۇ «مەخمەل دۆڭ» نىڭ ياش شوپۇرى سەمەن يوقلاپ كەلگەندە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

— سەمەن بالام، مېنى ئېلىپ كەت، مەن بىر شامالدا

قالغان چىراغ، مېنى ئۈچمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ — ھىممەتنىڭ كۆڭلى ئەلەمزىدە بولدىمۇ، نېمە، ئاۋازى تىترەپ، گۈنسىز كۆزلىرىدىن ئاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — مەن... مەن ئەمدى خاپىلىق كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

سەمەن بوۋاينى ئېلىپ كېتىپ ئۆز ئۆيىگە چۈشۈردى. بىر قىش ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بوۋاي باھار كېلىشى بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ تالا - تۈزلەرگە چىقىدىغان، يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويلىرىنى ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەرلەرنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مۇزات چوققىلىرىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال بوۋاينىڭ ئۇزۇن ساقاللىرىنى تاراپ، سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولاتتى. ھىممەت ئوغلىغا بولغان مېھرىنىمۇ بۇ يەرلەرگە قوشۇۋەتكەندەك ھەربىر تۈپ يۇلغۇن، توغراقلارغا، كۆز قاماشتۇرغۇدەك يالتىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرىغا تويماي قارايتتى. ئۆزى دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ يۇمشاق توپىلىق يەر ئۇنىڭ يۈرەك دەردلىرىنى يېنىكلەتكەندەك قىلاتتى.

ھىممەت بوۋاي ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. يەر ئىسلاھاتى مېۋىسىنى تەقسىم قىلغان كۈنى ھىممەتكە كىگىز - كېچەك، ئۆي - سەرەمجانلىرىدىن باشقا بەش مو يەر، بىر تورپاق، بۇقۇسا چىشى، ئون چارەك بۇغداي تەقسىم قىلىنغاندا، ئۇ تىترىگەن چولاق بارمىقىنى قىزىل سۇرۇققا چۆكۈرۈپ جەدۋەلگە باستى ۋە قولىغا تۇتقۇزغان ئالىقاندەك يەر خېتىنى چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنىڭ ئاستىغا ئالمان - تالمان باستۇرۇۋالدى.

— ھۆكۈمەتلەر، — دېدى ئۇ ئىسلاھات كادىرلىرىغا قاراپ، — بۇ يەرنى تېرىسام يېڭى پادىشاھقا نەچچە ئۆلۈشنى ئىلتىپات قىلىمەنكىن، سايىم ئامبالدەك ئۆسۈم - پۆسۈمغۇ دەپ يۈرمەس؟

جامائەت ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھىممەت ئوغلى قاسىمنى يېتىلەپ توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.



شۇ يىلى ھىممەتنىڭ بەخت - تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئاشلىقى بەكمۇ ئوخشىدى. يېرىگە ياندىشتۇرۇپ ئۆي سېلىۋالدى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا مېۋە كۆچەتلىرىنى تىكىۋەتتى. خۇددى ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ تۆت چارەك بۇغدايغا ئالغان ساغلىقى ئىككىنى قوزىلاپ بەردى. شۇ كۈنلەردە ھىممەتنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن خۇشاللىق يېشى قۇرۇمىدى.

ھىممەت ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلى قاسىمنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئۆتكۈزگەن ئاچ - زېرىن كۈنلىرىنى، توخۇ چۈجىسىنى باسۇرغاندەك ئوغلىنى باغرىغا تېڭىپ مال ئېغىللىرىدا، سامانخانىلاردا ئۆتكەن زېمىستان قىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ھۆكۈمەتتىن سۆيۈنمەي قالمايتتى. ھەتتا ئۇ ھەر نامىزىدا: «ئاللا يار، بەندىلەر مەدەتكار بولسۇن» دەپ ھۆكۈمەتكە دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى.

— ئوغلۇم، — دېدى بىر كۈنى ھىممەت قاسىمغا، — ئېغىلغا ياندىشتۇرۇپ يەنە بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ قويساق، سەنمۇ چوڭ بولۇۋاتىسەن.

— ياق، — دېدى قاسىم كېسىپلا، — ئېغىلدىمۇ كۈنىمىز ئۆتكەنغۇ، يەرنى تىرناقتا تاتىلىغاندەك ئېچىۋاتسام، قاراپ تۇرۇپ ئاشلىق تېرىيدىغان يەرگە...

ھىممەت ئوغلىنىڭ گېپىگە قارىتا ئېغىز يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. چۈنكى، قاسىم پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يەر ئاچتى. كەلكۈن كەلگەندە دەريا تاشقىنلىرى لاي تاشلاپ كەتكەن بوزلۇقىنىمۇ تېرىلغۇ يېرىگە ئايلاندۇرغانىدى. مانا بۇ ئىشلار بوۋاينىڭ يۈرىكىدە ئۈچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

قۇياش مۇزات چوققىلىرىغا باش قويدى. ئاسمان قىزىل شەپەق بىلەن ئورالدى. ھىممەت بوۋاي يۇمشاق يەرگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ دەريا بويىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن قويلارغا ئوت ئېلىش ئۈچۈن ئېتىزغا

مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىدا، بىر جىپ ماشىنا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

بوۋاينى تويغا چىللاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان دېھقانلار، بىر دەمدىلا ماشىنىنى ئورىۋېلىشتى. «توي» گېپىنى ئاڭلاپ ھىتمەتنىڭ جەھلى قاتتىق بولغاي، بېرىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. قولۇم ـ قوشنىلار ئۇنىڭغا ئاچچىقىغا ھاي بېرىشتى، توي بېشىدا تۇرۇپ بېرىشىنى قانچە ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ پەرۋايىغىمۇ ئالمىدى.

— ھىتمەتكا، — دېدى بىر دېھقان يالۋۇرغاندەك قىلىپ، — ھاكىمدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ بەربىر سىلىنىڭ بالىدە. ھاكىم يەرگە قاراپ قالمىسۇن.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى يەنە بىرسى سۆز قىستۇرۇپ، — سىلى بارمىسىلا سۆز ـ چۆچەكنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ.

— چىقسا چىقار، — دېدى ھىتمەت زەردە بىلەن، — غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى تارتىپ نېمە قىلاتتىم.

ھىتمەت قانچە تىرەجەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، سەمەتنىڭ گېپىنى يېرىۋېتەلمىدى. سەمەت ئۇنى يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى.

ھىتمەت بوۋاي ئېغىر خىياللار ئىلكىدە شەھەرگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. جىپ ماشىنا ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ شىپپىدە توختىدى. بىرنەچچە كىشى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بوۋاينى ماشىنىدىن چۈشۈرۈشتى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ چوغدەك گىلەملەر بىلەن بېزەتىلگەن مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى.

ھىتمەت بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسىنىمۇ تونۇمىدى. ئۇ ئۆزى بەش قولدەك بىلىدىغان، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە يازلىق يىغىم ـ تېرىمنىڭ قاتلاڭ پەيتلىرىدە قولىغا ئورغاق ئېلىپ دېھقانلار بىلەن بىللە يەڭ تۇرۇپ ئىشلىگىلى بارىدىغان ناھىيە



باشلىقلىرىنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ھىتمەت بوۋاي بۇ يەردە ئۆزىنى يېتىم سېزىپ قالغاندەك ھېس قىلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى، ھويلىغا ئىككى داشقازان ئېسىلغان بولۇپ، بىرىگە پولو دەملەنگەن، يەنە بىرىدە قورداق قايناۋاتاتتى.

شۇ چاغدا بورا بىلەن توساغان ئاشخانىدىن ئىككى كىشىنىڭ پاراڭى ئاڭلاندى:

— قېيۇمكا، مېھمان ئىنتىنىڭ قۇرتىدەك مىغىلداپ كەتتى، پولو يېتەرمۇ؟

— ئۇنىڭدىن غەم يېمە، ياندىكى ھويلىغا يەنە بىر قازان ئاسقۇق. ئۇنىمۇ بەتتىمسە گۆشى، دادۇيلەردىن كىرگۈزگەن گۈرۈچ، گۆش، ياغلارنىڭ تېخى يېرىمى بۇزۇلمىدى.

— پاھ، پاھ، مەن بۇنداق چوڭ توينى كۆرمىگەن. ھاكىم خېلىلا چىقىم تارتتىغۇ دەيمەن؟

— چۈشەنمەيسەن، سوۋغا ـ سالامغا كەلگەن گىلەم بىلەن گۈلدار كىگىزلەرنىڭ ئۆزىلا بىر ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقاشتى، «ئاز بولساڭمۇ مەرتىۋەڭ بولسۇن» دېگىنى راست ـ دە.

ھىتمەت بوۋايغا ئوغلىنىڭ تويى ئەمەس، گويا سايىم ئامبالنىڭ تويى بولۇۋاتقاندەك، سەككىز قات ئۆرۈلگەن تاسما قامچا ئۆزىنىڭ تېنىگە تېگىۋاتقاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى.

1948 ـ يىللىرى ئىدى. مېڭبېشى سايىم بىردىنلا ناھىيەنىڭ ئامباللىقىغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزا ئاقساقاللىرى ئارقىلىق ئۇرغۇن سېلىق يىغىۋالدى ـ دە، ھەيۋەتلىك قورۇ ـ جاي سالدى. ئارقىدىنلا ئۆت بالىسىنى قاڭغىر قاقشىتىپ، خوتۇنىنى تالاق قىلىپ، شەھەردىن قىز ئالدى. توي ھەشەمەتلىك بولۇپ، مېھمانلار مەرتىۋىسى ۋە بايلىقى بويىچە تېگىشلىك ئۆيلەرگە باشلاندى.

هىتمەت بىر كۈن كەچكىچە ئوتتۇن يېرىپ، ئوچاققا ئوت قالاپ، بېلى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەندى. ئۇن ئىككى ياشلىق قاسىم بولسا، ياغاچ تۇڭلاردا سۇ توشۇيتتى. ئۇ ھەر قېتىم سۇ ئەكەلگەندە، پورۇقلاپ قايناۋاتقان قورداققا ۋە تاۋاقلاردىكى ئاشلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى.

— دادا، — دېدى قاسىم كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

— غەيرەت قىل بالام، كەچتە مېھمانلار تارقىغاندا مەن ساڭا ئاش ئېلىپ بېرەي، — ھىتمەت ئېشىپ چىققان تاۋاقتىن چالا غاجىلانغان بىر سۆڭەكنى ئالدى-دە، قاسىمغا بەردى، — سەن ئوچاققا قارىغاچ تۇرغىن، مەن بىر يول سۇ ئەكىلىۋېتەي.

قاسىم سۆڭەكنى غاجىلىغاچ ئوچاققا ئوتۇن تاشلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتتى.

— ۋۇي لەنتى پاسكىنا، قاسماق قوللىرىڭنى قازانغا ئۇزاتقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — سايىم بالىنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ يول قويماي، قامچا بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن ھىتمەت سايىمنىڭ قولىغا ئېسىلدى. سايىم ھىتمەتنى ئىتتىرىۋېتىپ يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى، ھىتمەت قاسىمنى باغرىغا بېسىپ دۈم يېتىۋالدى.

پەلەكنىڭ چاقى ئۇلۇغ چۆرگىلەپ، ھەممە دەردمەنلەر قاتارىدا ھىتمەتمۇ كۈننىڭ يورۇقىغا ئېرىشتى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ئوغلى سايىم ئامبالنىڭ ئورنىنى باسماقچىمۇ؟

بوۋاي بۇ ئەلەملىك سوئالغا جاۋاب تاپالماي تۇرغاندا، نېرىدا ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. قاسىم كاتىپقا كايىۋاتاتتى:

— ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ دادامنى ئۇدۇل باشلىقلار ئولتۇرغان ئۆيگە باشلاپ ئەكىرگىنىڭ نېمىسى؟

— مەن... مەن مېھمانلارنىڭ تام - نىشانى بويىچە ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.



— خوش، كىرسەم نېمە بوپتۇ؟ — بوۋاي ئۇدۇل قاسىمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ سايىم ئامبالنىڭ قامچىسىدىنمۇ يەكرەك تەگدى.

ھودۇقۇپ كەتكەن قاسىم ئارقىغا ماڭغىنىچە دەرھال بىر نېمە دېيەلمىدى.

— دادا... مەن... بۇ...

— زورۇقمايلا قوي، سايىم بايۋەچچە! سېنىڭ مەندىنلا ئەمەس، ساڭا نان تېپىپ بېرىۋاتقان دېھقانلاردىنمۇ نومۇسلىك كېلىدىغۇ دەيمەن؟ ۋۇي يۈزسىز!

— دادا... بۇ... توي... تويدا...

جېدەلدىن خەۋەر تاپقان مېھمانلار بىردىن - ئىككىدىن يىغىلىشقا باشلىدى.

— بىلىمەن، بۇ توي! قوي، كالىلار سويۇلۇپتۇ، داش قازانلار ئېسىلىپتۇ. — بوۋاي زەردىسى قايناشقان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى، — بىراق، يېتىم بولغان تۆت بالاڭ بىلەن ياۋاش - يۇمشاق سائادەتكىمۇ تويما؟... قېنى ئېيتىپ باققىنە، ساڭا ئەمەلنى كىم بەرگەن؟ سەن سايىم ئامبالدەك خەقنىڭ گەجگەسىگە مىنىپ تۇرۇپ شەھەر سورامسەن؟ بۈگۈنكى كۈندە قىلىۋاتقانلىرىڭنىڭ سايىم ئامبالنىڭكىدىن نەرى كەم؟

بوۋاي سايىم ئامبالنىڭ تويىنى ۋە تويدىكى پاجىئەنى سۆزلەپ بولۇپ، يەكتىكىنى يەشتى - دە، دولىسىدىكى چوڭقۇر تاتۇقلارنى كۆرسەتتى.

— مەن ئىت بىلەن تالاشقىنىم يوق. بۇ ئاشۇ تويىنىڭ يالدامىسى.

ھىتمەتنىڭ ھاسا تۇتقان قوللىرى تىترەپ تۇراتتى، چىرايى قارىداپ، ئۇزۇن ساقاللىرى بولسا تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— چوڭ دادا، — دېدى بىر كادىر ھىتمەتنىڭ قولىدىن

ئۆتۈپ، — كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا، ھەر بىرلىرى ئاتا - بالا بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ چىرايلىق پاراڭلىشايلى.

— بولدى قوي، بۇ بىغەرەز گەپنى ئىلىك ئالامدۇ، — دېدى ھىتمەت ھاسىمنى قاسىمغا تەڭلەپ، — سەن ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ شۇجى، ۋالىيلىرىدىنمۇ كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتىڭما؟ شۇلارمۇ باشلىققۇ! دېھقانلار ئۇلارنى كۆرسە خۇددى ئالتۇن توشقان تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ ئۇلار دېھقانلارنىڭ ھالىغا - ھال، مۇڭىغا - مۇڭ بولۇپ كېلەۋاتىدۇ. سەن بولساڭ سايىم ئامبالنىڭ ئېرىقىنى ياقىلاۋاتىسەن.

چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن قاسىم نومۇستىن ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك ھالغا كەلگەنىدى.

— دادا، — دېدى ئۇ ئاخىر دۇدۇقلاپ، — مەن... مەن... ھەر قانچە گەپ بولسىمۇ تويدىن كېيىن...

— بولدى، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى تىتما، مەن كېتىمەن!

بوۋاي توپ ئارىسىدىن يېرىپ مېڭىشىغا «بوۋا!...» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئۇنىڭ بەقۇۋۋەت تېنىنى تىترىتىپ ئۆتتى. سالامەت يىغلىغانچە ئۆزىنى بوۋايغا ئاتتى.

— بوۋا، مېنى بىللە ئېلىپ كېتىڭ، قەنت بوۋا، ئاپئاق بوۋا، مەن سىز بىلەن بىللە كېتەي.

— مەن ساڭا، — دېدى بوۋاي قاسىمغا مىختەك قادىلىپ، — پەند - نەسىھەت قىلىشقا، سېنى توسۇشقا ناقابىل. بىلىپ قويكى، سېنى ئۆستۈرگەن ھۆكۈمەت مۇنداق كېتىۋېرىشىڭگە يول قويۇۋەرمەس، ئاندىن قالسا، تۆت بالىنىڭ ئانىسى سائادەتنىڭ ئاھ - زارى، مۇشۇ نارەسىدىلەرنىڭ تۇمۇر تىرنىقى سېنىڭ بويىنۇڭدا! مەن تاڭلا قىيامەتكىچە گۆرۈمدە تىك ئولتۇرىمەن!



بوۋاينى ھېچكىممۇ توسۇپ قالالمىدى. ئۇ نەۋرىسىنى يېتىلىگىنىچە دەرۋازىدىن چىقتى - دە، يېنىككىنە نەپەس ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل ئىلگىرىمۇ سايىمنىڭ قورۇسىدىن قانغا مىلىنىپ سىرتقا چىققاندا ئەنە شۇنداق يېنىك تىنغانىدى.

تۇتۇپ، — كۆكتۆلىرىنى چاچمىسىلا، ھەر بىرلىرى ئاتا-بالا بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ چىرايلىق پاراڭلىشايلى.

— بولدى قوي، بۇ بىغەرەز گەپنى تىلىڭ ئالامدۇ، — دېدى ھىممەت ھاجىسىنى قاسىمغا تەڭلەپ، — مەن ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ شۇجى، ۋالىيلىرىدىنمۇ كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتىمغا؟ شۇلارمۇ باشلىققۇ! دېھقانلار ئۇلارنى كۆرسە خۇددى ئالتۇن تۇشقان تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ ئۇلار دېھقانلارنىڭ ھالىغا-ھال، مۇڭىغا-مۇڭ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ سايىم ئامبالنىڭ ئىزىقىنى ياقىلاۋاتىسەن.

چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن قاسىم نومۇستىن ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك ھالغا كەلگەنىدى.

— دادا، — دېدى ئۇ ئاخىر دۇدۇقلاپ، — مەن... مەن... ھەر قانچە گەپ بولسىمۇ تويدىن كېيىن...

— بولدى، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى تىتما، مەن كېتىمەن!

بوۋاي توپ ئارىسىدىن يېرىپ مېڭىشىغا «بوۋا!...» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئۇنىڭ بەقۇۋۋەت تېنىنى تىترىتىپ ئۆتتى. سالامەت يىغلىغانچە ئۆزىنى بوۋايغا ئاتتى.

— بوۋا، مېنى بىللە ئېلىپ كېتىڭ، قەنت بوۋا، ئاپپاق بوۋا، مەن سىز بىلەن بىللە كېتەي.

— مەن سائا، — دېدى بوۋاي قاسىمغا مىختەك قادىلىپ، — پەند-نەسىھەت قىلىشقا، سېنى توسۇشقا ناقابىل. بىلىپ قويغىن، سېنى ئۆستۈرگەن ھۆكۈمەت مۇنداق كېتىۋېرىشىڭگە يول قويۇۋەرمەس، ئاندىن قالسا، تۆت بالىنىڭ ئانىسى سائادەتنىڭ ئاھ-زارى، مۇشۇ نارەسىدىلەرنىڭ تۈمۈر تىرنىقى سېنىڭ بوينۇڭدا! مەن ئاڭلا قىيامەتكىچە گۆرۈمدە تىنىك ئولتۇرىمەن!



بوۋاينى ھېچكىممۇ توسۇپ قالالمىدى. ئۇ نەۋرىسىنى يېتىلىگىنىچە ئەرۋازىدىن چىقتى-دە، يېنىككىنە نەپەس ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل ئىلگىرىمۇ سايىمنىڭ قورۇسىدىن قانغا مىلىنىپ سىرتقا چىققاندا ئەنە شۇنداق يېنىك تىنغانىدى.

## ئايگۈزەل

— ئاھ ، سەن مېنى ئۇر ، تىللا ، خالىغىنىڭنى قىل ،
لېكىن ، مەن ۋاپاسىزنى كەچۈر ، — شارقىراپ يېغىۋاتقان يامـ
غۇردا ئۈستۈبېشى سىزمە ھۆل بولغان ئابلىز ئايگۈزەلنىڭ ئالدىـ
نى توسۇۋالدى — ئە ، تۇيۇقسىزلا قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز
كاچىتىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى .

— ئۇنداق قىلماڭ مەن… مەن… سىزدىن ئۆتۈنىمەن، —
ئايگۈزەلنىڭ يۇمشاق ئالىقانلىرى ئېچىشتى بولغاي ، قوللىرىنى
ئاستا ئاجراتتى — ئە ، ئابلىزنىڭ كاچات تەگكەن يۈزلىرىگە ،
قېلىن قوڭۇر چاچلىرىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۇلىرىغا
قارىدى .

كەچكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئېگىز بـ
ىنالاردىن چېلەكلەپ تۆكۈلۈپ ئاسفالىت يول قىرغاقلىرىنى بويـ
لاپ كۆۋۈجەپ ئاقماقتا ئىدى . ئابلىزنىڭ تۈت كوچا ئاغزىغا
توختىتىپ قويغان «زىل» ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىمۇ كۆڭگا
چىراغ نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى .

— ئاھ ، ئايگۈزەل ، ماڭا نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب ؟ ساڭا
قىلغان ۋاپاسىزلىقىمنى يۇيۇش ئۈچۈن كۆز يېشىم كەملىك
قىلىدۇ .

— ئابلىز… مەن… مەن… سىزنى ياخشى كۆرەتتىم ،
پەقەت سىز… سىز ئۈچۈنلا ھەممىنى قىلىشقا قادىر ئىدىم .
شۇڭا ، سىزنىڭ بەختىڭىز ، رايىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قېلىشـ
قا ئۆزۈمنى مەجبۇرلىغانمەن…

ئايگۈزەل بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە يامغۇر سۇلىرىنى كېچىپ



يۈرۈپ كەتتى . قىزنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياش ، يامغۇر
سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سۇلياۋ پىلاشىنىڭ مەيدىسىگە ئاقماقتا
ئىدى ، يامغۇرنىڭ بىر خىلدا شارىلداپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا ، كوچا تىمتاس بولۇپ ، پەقەت پىلاشلىرىغا
يۆگىنىۋالغان بىرەر يېرىم يولۇچىلار ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ تۇرـ
شاتتى .

ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇتقۇچىسى ئايگۈـ
زەل ئىمتىھان ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۈتلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ كېتىپ
باراتتى . ئۇ مەكتەپتىكى بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن كېيىن ، شەـ
ھەر بويىچە ئېچىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىـ
نىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا قوشۇمچە دەرس بېرىپ خېلىلا
ھارغانىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلىز بىلەن ئۇچرىشىش ئۇنى
روھىي جەھەتتىنمۇ ئازابلاپ قويدى .

تۇيۇقسىزلا ياندىن ئۆتكەن ماشىنا ئۇنىڭ خىياللىرىنى يامـ
غۇر تامچىلىرىدەك چېچىۋەتتى . ماشىنا قاتتىق تورمۇزلىشىدىن
چىرقىراپ توختىدى ، كابىنكىدىن ئابلىز چۈشۈپ كەلدى .

— سىز… سىز قاچانغىچە دۆلەت ماشىنىسىنى شەخسىي
ۋېلىسىپىتىڭىزدەك ئىشلىتىسىز ، ئەمدى ماشىنىدا ئادەم قوغـ
لاش قالىتىكەن — دە !

— ئايگۈزەل ، ئېيتقىنا ، زادى مېنى كەچۈرمەمسەن ؟ بىر
كۈنلۈك ئەر — خوتۇندىمۇ يۈز كۈنلۈك مېھىر — مۇھەببەت
ساقلىنىدىغۇ ، سەن مېنى راستىنلا كۆزۈڭدىن ئۈچۈرۈپ ،
كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتتىڭمۇ ، ئەبەدىلئەبەت ئۇنتۇدۇڭمۇ ؟ !
ياق… ياق… مەن… مەن سەنسىز…

— ئابلىز ، ئارىمىزدىكى ھەممە ئىشلار تۈگىدى ! گۈل —
چېچەكلەرگە تولغان كۆڭۈللۈك ھايات خاتىرىلىرىگە ئۆچمەس
داغ ، ساقايماس جاراھەت ئىز سالدى… ئاھ ، ئۇ گۈل — چېچەكـ
لەر قۇرۇپ قاقشال بولدى… ئۇنىڭدا نە پۇراق ، نە رەڭ بولـ

سۇن ، — ئايگۈزەل تۇتۇلۇپ كەتكەن قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىغاچە ئاستا سۆزلەۋاتاتتى ، — ئەمەلىيەتتە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئارانلا ئىلىنىپ قالغان كىچىككىنە دوستلۇقلا قالدى !... ئۇنىمۇ بەربات قىلىشنى خالىسىڭىز ، مېنىڭ ئالدىمنى توسۇشىڭىز ، ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇلارنى تەلەپ قىلىشىڭىز ، ھەتتا زورلۇق قىلىشىڭىز مۇمكىن .

يول ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان ئابلىز ، ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن يامغۇر سۈيىنىڭ سوغۇقىنى ، ئايگۈزەلنىڭ قاچانلاردا كۆزىدىن غايىب بولغانلىقىنى سەزمەي ، بىر ھازادىن كېيىن ئارانلا ئۆزىگە كەلدى . پۈتۈن بەدىنى چويۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئابلىز سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ كابىنكا قاپقىقىغا يۆلىنىپ قالدى . توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان باھار يامغۇرى ئۇنىڭ پۇشايمان ئوقلىرى غەلۋىردەك ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتكەن قەلبىنى سەگىتەلمىدى...

※ ※

ئابلىز شوپۇرلۇق كۇرسىنى تۈگىتىپ ، رەسمىي كىنىشكا ئالغان يىلى ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش بولدى . ئەتىرەت باشلىقى ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ ، دولىسىغا ئۇرغاچە چاقچاق قىلدى :

— ئابلىز ئۇكا ، ساڭا خۇش خەۋەر ، يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئائىلىسىگە قايتمىغان ئوقۇغۇچىلارنى ساياھەتكە ئېلىپ چىقماقچىكەن ، بىز بىلەن ئالاقىلەشتى . سېنىڭ ماشىناڭنى بەلگىلەپ قويدۇق ، قانداق ؟

— ئۇنىڭ نەرىنى خۇش خەۋەر دېگىلى بولسۇن ، — دېدى ئابلىز كەيپىسىنى باسۇرۇپ كىلىپ .

— ھەي ، شۇنىڭمۇ تەكىنگە يېتەلمىدىڭمۇ ؟ ئالىي مەكتەپ-



تە بارغۇ قارا ، نى - نى قىزلار بار . شۇلاردىن بىرەرسىگە كۆز قىرىڭنى سېلىپ قويساڭ ، مانا مەن ئۆزۈم ئاتىدارچىلىق قىلىمەن .

— ۋاي ئۇنداق گەپنى قىلماڭا ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىزدەك ماي چاپاننى ياراتامتى ؟

ئابلىز گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ ، ئەتىسى سەھەردىلا ماشىنىسىنى مەكتەپكە قارىتىپ قويۇۋەتتى . ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ، بىر سىنىپ ئوغۇل - قىزلار نەرسە - كېرەكلىرىنى تەق قىلىپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى .

ئوقۇغۇچىلار چۇرقىرىشىپ ماشىنىغا ياماشتى - دە ، قازان - قومۇچ ، تاغاردىكى كۆكتاتلارنى بېسىشقا باشلىدى . دەرۋەقە ، ئابلىز قىزلارغا كۆز قىرىنى سالماقتا ئىدى . ئۇ ماشىنا ئۈستىدە كابىنكىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئۇرغان قىزلارنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىگە قارىتاتتى .

— ھەي قىز ، كابىنكا ئۈستىگە بىر نەرسە قويماڭ .

— سىز كوزۇپقا نېماندىق كەپتەردەك قونۇۋالدىڭىز ، ماشىنىنى ئوقتەك قويۇۋەتسەم ئۇچۇپ كېتىسىز .

ئابلىز شۇ چاغدا بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ماشىنا ئۈستىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئىچىدە : «تونۇشلا چىرايغۇ» دېدى - دە ، دەرھال يەرگە قارىۋالدى . لېكىن ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇراتتى .

— ھەي يىگىت ، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئابلىزغا قاراپ ، — مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ ، توغرا ، سىز ھاشىمكامنىڭ ئوغلى ئابلىز ئەمەسمۇ ؟

— ۋۇي... سىز ؟ ھە ، ھە ، مەنمۇ تونۇغاندەكلا قىلىمەن .

— بەللى ، بىر يۇرتلۇق ، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن تۇرۇقلۇقمۇ تونۇيالماسسىز ؟ مەن تار ئىيازنىڭ قىزى ئايشەم ئەمەسمۇ ! ئاشۇ بىر يىلى ئائىلىگە بارسام ، سىز ئەترەتنىڭ

بوغالتىرى ئىكەنسىز .
— توغرا ، توغرا ، قېنى ئايشەمدە كابىنكىغا ئولتۇرۇۋېلىڭ .
— رەھمەت ئۇكام ، مەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۈستىدە ئولتۇراي ، بىر ئوقۇغۇچى ئاشخانىغا مايغا كەتكەن ، شۇنى كابىنكىغا ئېلىۋېلىڭ ، ھە ئەنە ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى .
— چاتاق يوق ، ئېلىۋالىمەن .
— ئايگۈزەل ، سەن باكىنىڭ ئاغزىنى ئوبدان ئېتىپ كابىنكىغا كىرىۋال ، — دېدى ئايشەم باكتا ماي كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزغا قاراپ .
ئابلىز قىزنىڭ قويۇق كىرپىك قاپلىغان چوڭ كۆزلىرىگە بىرلا قاراپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى . ئايگۈزەل خۇددى ئۇنى سەزگەندەك ، ئابلىزنىڭ رول تۇتۇشىغا ، تورمۇز بېسىشىغا ، خوت يۆتكىشىگە كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى .
— ۋۇي ، ۋۇي تۈز ھەيدەڭ ، مەسمۇسىز ؟ — ئايگۈزەل قورققىنىدىن ئابلىزنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتتى . چۆچۈپ كەتكەن ئابلىز ماشىنىنىڭ قانداق قىلىپ يول چېتىگە چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالغانىدى .
ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ئۈچ ئايدىن كېيىن بولدى . ئابلىز ئاق ئوغۇت يۆتكەپ يىراق سەپەردىن قايتىشىدا يۇرتىغا چۈشۈپ ئايشەم مۇئەللىمنىڭ ئاپىسىنى ئالغاچ كەلدى . ئايشەم مۇئەللىم بەكمۇ خۇشال بولۇپ ، ئابلىزنى ئاغىنىلىرى بىلەن يەكشەنبىگە چاقىرىپ قويدى .
ئابلىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەترەت باشلىقىنى باشلاپ باردى . ئايشەم ئالدىنقى كۈنى ئايگۈزەلگە : «مېھمىنىم بار ، ئاش — تاماققا ياردەملەشكىن» دەپ قويغانىدى .
مېھمانخانىدا باشقا بىر كىشىنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئابلىز پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايگۈزەلنى كۆرۈش بىلەن نېمە



دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ كەتتى . ئايگۈزەل ئولتۇرغانلارغا ئەدەپ بىلەن چاي سۇندى ۋە ئابلىزغا ئاتلىقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى .
بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئابلىز بۇ چاققىچە كۆرۈلمىگەن كالامپايلىق بىلەن پىيالىنى ئۆرۈۋەتتى . ئەترەت باشلىقى ئابلىزنىڭ قۇلىقىغا : «بۇرادەر ، ھوشۇڭ بىلەن ئولتۇر ، مەن سېنى كالۇنغا يۇدۇپ ئاپىرالمايمەن» دەپ پىچىرلىدى .
ھەر ھالدا بىر كۆرگەن تونۇش ، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دېگەندەك ، ئابلىز ئايگۈزەل بىلەن يېقىنلىشىپ كەتتى . بىر نەچچە قېتىم باغچىلاردا بىللە بولدى . بۈك ئاكاتسىيە تۈۋىدىكى شادا ئورۇندۇقلاردا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇن مۇڭداشتى .
ئابلىز بەزى ئىشلاردا ئايگۈزەلدىن ئېھتىيات قىلاتتى . لېكىن جان بىلەن كىرگەن مىجەز جان بىلەن چىقىدۇ ، دېگەندەك ، بەزى چاغلاردا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا : «تورمۇزنى گاچ باسمىسىز ، ۋاچ توختايدۇ ، چۆلگە چىقىۋالساق بىزدىن پاشا ئادەم يوق ، ئالتە پاي - چاق ئايلىنىپ تۇرسىلا پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيمىز» دەپ سالغاندا ، ئايگۈزەلنىڭ قاغا پېيىدەك قارا قاشلىرى تۈرۈلۈپ ، «بۇ سۆزلىرىڭىزدىن قارامىلىق پۇراپ تۇرىدۇ . بىرەر قېتىم مۇدۇرۇلۇپ چۈشمەي ، بۇرنىڭىزغا سۇ كىرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەيتتى .
ئابلىز بىر قېتىم ئەتىگەندىلا ماشىنىسىنى مەكتەپ ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى . ئۇلار يەكشەنبىنى باغچىدا ئۆتكۈزمەكچىدى . ئايگۈزەل كابىنكىغا كىردى - دە ، زەردە بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئالىيىۋالدى .
— قاراڭ ، بىر ئاپپارات ئېلىۋالدىم ، رەسىمگە چۈشىمىز ، — دېدى ئابلىز خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، چۈنكى ئۇ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشقا سالغانلىقىغا ئايگۈزەلنىڭ ئاچچىقلايدىغانلىقىنى بىلەتتى .

— سىززە... بولدى، گەپ قىلىپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى ئۆپراپ كەتتى.

— ۋېلسىپىتتە كېلەي دېسەم يېلى يوق، كوچا ئاپتوبۇسى ياس - باس، — ئابلىز غودۇڭشىپ قويدى.

بۇنداق چەكلەشلەر داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئايگۈزەل ئوقۇشتىن يېنىپ ئابلىزغا ماشىنا زاپچاسلىرىنى بۇيۇشقا ياردەملەشتى.

— ئايگۈزەل، — دېدى ئابلىز، — ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى بىزنىڭ ئاغىنىلەر بىر ئويناپ كېلەيلى، دەيدۇ، سىزمۇ بارامسىز؟ مەن ماشىنىنى مەكتەپ ئالدىدا توختىتاي.

— ياق، — دېدى ئايگۈزەل زەردە بىلەن، — ماشىنا كەلسە - كەلمەس ئويۇن - تاماشىغا سالىدىغان سىزنىڭ شەخسىي مۈلكىڭىز ئەمەس. ئەگەر ماشىنىنى ئىشلىتىش توغرا كەلسە تەشكىلدىن سوراڭ.

— ماشىنىنى بىرەر قېتىم تەشكىلگە سالماي ئىشلەتكەنگە نېمە بوپتۇ؟

— نېمە؟ سىز... — ئايگۈزەل ئورنىدىن دەرس تۇرغانچە قوللىرىنىمۇ سۇرتمەي سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئابلىز ئالمان - تالمان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئاغىنىلەرگە كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ قويسام بولىدىغاندۇ؟ ۋاي - ۋۇي، يەنە شۇ پەيلىڭىزگە ئالدىڭىز.

— سىز زادى گەپ ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاق، بەز قۇلاق، هامبا قۇلاق!

— هامبا قۇلاق؟ — ئابلىز چۈشەنمەي كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— هە، قاسقان قۇلاق، داۋزر قۇلاق، — ئايگۈزەل ئابلىز بىلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.



ئابلىز ئايگۈزەل بىلەن ئىچكى سىرداش ۋە دوست بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۆز بەختىگە ئىشىنەلمىگەندەك: «خۇدايىم، راستىنلا بۇ تۇتى قۇشنى قولۇمغا قوندۇرۇۋالدىممىكىنە» دەپ ئويلاتتى. شۇڭا، ئايگۈزەلنىڭ ئاچچىقلىنىشى، زەردە قىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ لەززەتلىك ئىدى. ئابلىزمۇ ئۇنىڭ بۇنداق توسۇشلىرىنىڭ تەكتىگە يېتەتتى، راست ئەمەسمۇ، بەزى شوپۇرلار مۇشۇنداق يارىماس ئادەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ۋە دۆلەتكە قانچىلىك زىيانلارنى ئۇردى! ئابلىز گەرچە بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مايماق دەسسەپ قوياتتى - دە، ئايگۈزەلگە ئېيتمايتتى.

※ ※

ئەتىل كۈنلىرى ئىدى. ئايگۈزەل ئابلىزنى ياتىقىدىن تاپالماي كالون رېمونتخانىسىغا ئىزدەپ كەلدى. ئابلىز ئورەككە چۈشۈۋېلىپ ماشىنا تېگىنى ئوڭلاۋاتاتتى.

— ئابلىز، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ئايگۈزەل چاق ئاستىغا ئېڭىشىپ.

— ئەتە ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقىمەن، ماشىنىنىڭ ماي تەڭنىسى ئېقىپ قالغاندى، شۇنى بوشتىۋاتىمەن.

— مەنمۇ چۈشىمەن، — قىز لىككلا سەكرەپ ئورىغا چۈشتى.

— هەي، هەي بولمايدۇ، كىيىملىرىڭىزنى رەسۋا قىلىسىز. ئەستاغپۇرۇللا ما قىزنى. ئەمىسە مېنىڭ ئىش كىيىملىرىمنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى ئابلىز قىزنىڭ كەلگەنچە ماي كۆلۈچنى قولىغا ئېلىۋالغانلىقىغا قاراپ.

ئابلىز بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قىلچە كىبىر قىلماي، پات - پاتلا ئۆزىگە ياردەملەشكەنلىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى.

— ئابلىز قارىڭا، يارىشىپتىمۇ؟ — دېدى ئايگۈزەل ئابلىزنىڭ ئىش چاپىنىنى ۋە كونا مايلاشقان كەپكىسىنى يانتۇ كىيىپ.

— پاھ، خۇددى ئوتتۇز يىللىق رېمونتچى ئۇستامنىڭ ئۆزى بولدىڭىز.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇ كىيىملىرىڭىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن... — قىز ئۇيالغىنىدىن ھوپپىدە قىزىرىپ يۈزلىرىنى ئالىقانلىرىدا توسۇپ، بارماق ئارىلىقىدىن يىگىتكە قىيا باقتى.

ئۇلار ماي تەڭنىسىنى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى. ئابلىز كونىراپ پارچىلىنىپ كەتكەن قىستۇرما قەغەزنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى ۋە چوتكا بىلەن ماي تەڭنىسىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— ئەگەر مەن بولمىغان بولسام ماي تەڭنىسىنى يالغۇز قانداق ئالالايتتىڭىز، — دېدى ئايگۈزەل يېڭى قىستۇرما قەغەزگە تۇشۇك ئېچىۋېتىپ.

— بالىلاردىن بىرىنى چاقىرىۋالاتتىم. ماڭا قاراڭ، ئاي، — مەيدىڭىزدىكى يانچۇقتا تاماكا بار، بىر تال تۇتاشتۇرۇپ بەرسىڭىز.

ئايگۈزەل تاماكىنى ئېلىپ بىر نەچچە قېتىم سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇرالمىدى.

— ئاز - ئازدىن شوراپ بەرمىسىڭىز تۇتاشمايدۇ، — دېدى ئابلىز ئايگۈزەلنىڭ سەرەڭگىنى يېقىپ بولۇپ تاماكا ئۇچىغا تۇتقۇزالمىغىنىغا كۈلۈپ.

ئايگۈزەل تاماكىنى ئاغزىدىن ئېلىپ ئابلىزغا چىشلىتىپ قويدى. ئابلىز قاتتىق بىر شورىدى - دە، ئايگۈزەلگە چاقچاق قىلدى:

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن شېرىن، نېمىدېگەن تاتلىق ناۋات قوشقانمۇ؟ پۈتۈن لەززەت مانا مۇشۇ يەردىكەن، — دېدى ئابلىز ئايگۈزەل چىشلىگەن يەرنى ئىما قىلىپ.



— قىلىن، — ئايگۈزەلنىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئالدى - دە، دەرھال ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توستى، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىگە ئون بارمىقىنىڭ ئىزى خۇددى تامغىدەك چۈشكەنىدى.

ئابلىز قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆزىنى توختىتالمىدى. يۈزىنىڭ بويىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ئايگۈزەل مايلىق پەلەينى ئابلىزنىڭ يۈزىگە سۈۋۈۋەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ قانغۇچە كۈلۈشتى.

ئايگۈزەل كېتىدىغان ۋاقتىدا ئەتە سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئابلىزغا ئۇزۇنغىچە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— دادام رەھمەتلىك، — دېدى ئايگۈزەل ئابلىزنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىۋېتىپ، — شوپۇرلار تولا ھاللاردا ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن خاتاغا يول قويىدۇ، دەيدىغان. ئەگەر سىز مېنى خۇشال قىلىمەن دېسىڭىز، ھەرگىز مەمەدانلىق قىلماڭ، تەمكىن بولۇڭ.

ئايگۈزەل بۇ سۆزنى بىرىنچى قېتىم دەۋاتقىنى يوق. ئۇ ئابلىز ھەر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەشكە چىققاندا، ئاخىرقى ئاپتوبۇس بېكەتلىرىگىچە ئۇزىتىپ چىقاتتى ۋە ئابلىزغا: «يوللاردا ماشىنىنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەڭ، داۋانلاردىن چىقىشتا - چۈشۈشتە ھوشيار بولۇڭ، يوللاردا ئاجىز - مېيىپلارنى كۆرسىڭىز كابىنىكىڭىزغا ئېلىۋېلىڭ» دەيتتى - دە، بىر دەستە گۈلنى كابىنكىغا قىستۇرۇپ قوياتتى. بۇ گۈل قانمۇ قات تاغلارنى، چەكسىز چۆل - جەزىرىلەرنى، يىراق شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كەلگۈچە قۇرۇپ قالاتتى. لېكىن، ئايگۈزەل ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىۋېتىپ قايتا بىر دەستە گۈلنى ئورنىغا قويمىغۇچە ئابلىز ئۇچۇن بۇ گۈل يەنىلا قەدىرلىك بولۇپ ساقلىناتتى.

ئايگۈزەل ئۇچىنچى يىللىقنى پۈتتۈرۈپ تۆتىنچى يىللىققا قەدەم قويغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گويا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقىغاندەك يېتىپ كەلگەن بىر خەۋەر ئۇنىڭ چوققىسىدىن كىرىپ

ئاپتىدىن چىقىپ كەتتى. چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك ئاقىرىپ
كەتكەن ئايگۈزەل يۇگۇرە - يۇگۇرە چىلىق - چىلىق تەرگە
چۆمۈلگەن ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يېتىپ كەل-
دى. نېمە ئىش بىلەندۇر مەشغۇل بولۇۋاتقان باشلىق قىزغا
ھەيران بولۇپ قارىدى.
— ئولتۇرۇڭ، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟
— كەچۈرۈڭ، سىلەر ئابلىزنى...
— سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولىسىز؟
— مەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى.
ئەسلىدە ئابلىز دوستلىرىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئاخشام
كەچ ماشىنىنى توي يۈتكەشكە ئېلىپ بارغانىدى. قايتىشتا خېلى-
لا تەڭشىلىپ قالغان ئابلىز ماشىنىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.
ئۇنىڭ قېنى قىزىغانسېرى كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي سۈرئەتنى
تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۇنىڭ هاراقتىن خومارلاشقان كۆزلىرىگە
ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ
تۇرغان توپا - چاڭ ۋە يولنىڭ ئىككى قاسنىقى غىل - پاللا
كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ ئالدىدىكى خىرە - شىرە قارا بىر نەرسىنى
كۆرگەندەك قىلدىيۇ، لېكىن «ئا...» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز
ۋە ماشىنا ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ «ئادەم، ئادەم باستى...»
دېگەن چۇرقىراشلىرىدىن كېيىنلا ھودۇقىنىدىن ماشىنىنى
شىددەت بىلەن ئارقىغا ياندۇردى. ئىنتايىن تېز ئارقىغا داجىغان
ماشىنا يولنىڭ چېتىدە نەۋرىسىنى ھاپاش قىلىپ كېلىۋاتقان بىر
موماينى سوقىۋەتتى.
— ھازىر، — دېدى باشلىق شالاڭ چاچلىرىنى بارماقلى-
رىدا تاراپ، — ئالدىدىن كەلگەن ئەر ۋە كەينىدىن سوقۇلغان
موماي ئۆلدى. بالا دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇپ قېلىندى.
ئايگۈزەل ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى
سۈرتكىنىچە يۈرىكى پۇچىلانغان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەت-



تى. ئۇ، ئۇچۇق سوت بولغانغا قەدەر ئەينى مەيداندا بىللە بولغان
قىز - يىگىتلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ باشلىق بىلەن سۆزلەشتى:
— مەن سىلەردىن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى كۆز-
دە تۇتۇپ، مەسىلىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم-
لىشىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. ئابلىزنىڭ هاراق ئىچىپ ماشىنا
ھەيدىشى خاتا. لېكىن، ئۆلگۈچىمۇ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ
ھالدا يول ئوتتۇرىسىدا ماڭغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئابلىز
كالوتىنىڭ رۇخسەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئال-
دىرىغان، مومايىنىڭ سوقۇلۇپ كېتىش مەسىلىسىدە بولسا، بىر
خاتالىقتىن ساقلىنىمەن دەپ ئىككىنچى بىر خاتالىققا دۇچ
كەلگەن.
ئابلىزغا يەتتە يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى
ئېلان قىلىندى. ئۇنى ئوچۇق سوت بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى. ئايگۈزەل
تا ئوقۇش پۈتتۈرگەنگە قەدەر تەتىل ۋە ھېيت - بايراملاردا ئۇنى
يوقلاپ باردى. ئۇ، ھەر قېتىم بارغاندا ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلەش
ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى.
— ئاي، — دېدى ئابلىز بىر ھېيتتا يوقلاپ كەلگەن
ئايگۈزەلگە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قاراپ، — سىزنىڭ ھەرقې-
تىم كەلگەندە قىلغان سۆزىڭىز، نەسىھەتلىرىڭىزنى مېنىڭ ھا-
ياتقا، تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمگە قانات بەردى.
— بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — ئايگۈزەل ئابلىز-
نىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا يىغلىۋەتتى. ئۇ
ئابلىزنىڭ ساقال قاپلاپ كەتكەن يۈزلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈۋات-
قان بىر تامچە ياشنى قول ياغلىقىدا سۈرتۈپ قويدى.
— سىزنىڭ چىن ۋاپادارلىقىڭىز...
ئابلىز دەرۋەقە ئايگۈزەلنىڭ بۇنچىلىك قانات بېرىپ تۇرۇ-
شىدىن ئۇنىڭ دىل رىشتىنى مەڭگۈ ئۆزىگە باغلىغانلىقىنى چۈ-

شىنەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئابلىزغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىدۇ. شۇنداق، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن ئاق، دىلى نېمىدېگەن يۇمشاق؟!

ئايگۈزەل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغاندىن ئۈچىنچى يىلى ئابلىزغا بەش يىل توشقان ئىدى. ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنىپ قويۇپ بېرەمەكچى بولدى. ئەسلىدە ئابلىزنىڭ بۇرۇنقى تەشكىلى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ بىر مەزگىل رېمونتچىلىقتا ئىشلىتىپ، ئاندىن كېيىن ماشىنا بېرىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئايگۈزەلنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن سۆزلىشىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈردى.

ئابلىز ئالىي مەكتەپ كۆكتاتچىلىق مەيدانىغا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئورۇنلىشىپ يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئايگۈزەل بىلەن توي قىلدى. ئايگۈزەلنىڭ ھارماي - تالماي يول مېڭىشى بىلەن بىر يىل ئۆتكەندە ئابلىز ئالىي مەكتەپنىڭ «ئاق قۇ» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى بولۇپ قالدى. ئۇ، پروفېسسور، دوتسېنتلارنى ئىلمىي لېكسىيە ۋە يىغىنلارغا ئاپىراتتى، ئەكېلەتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن زەڭگەر رەڭلىك كىچىك ماشىنىنى ھەيدەپ كىرگىنىدە دەرۋازىۋەن: «ھە، ئابلىز ئاق قۇ، كەلدىڭمۇ؟» دەپ قوياتتى. قىسقىسى، ھەرقانداق كىشى ئابلىزنىڭ ئىسمىغا «ئاق قۇ» نى قوشماي ئاتىمايتتى.

ئابلىز ئۇزۇن ئۆتمەي قاتات - قۇيرۇقىنى راسلاپ تەرەپ - تەرەپكە ئۇچىدىغان بولدى. ئۇ جەمئىيەتتىمۇ نۇرغۇنلىغان دوستلارنى تېپىۋالدى ۋە پات - پاتلا ئولتۇرۇش، كېچىلىك ئېچىشلارغا «ئاق قۇ» بىلەن كېتەتتى.

— ئابلىزجان، — دەيتتى ئۇنىڭ ئالىچىپار ياسىنىۋالغان دوستلىرى، — «ئاق قۇ» بىلەن بارمىساق بولامدۇ؟ «جان كەتسە كەتسۇن، شۆھرەت كەتمىسۇن» دەپتىكەن.



ئابلىز بارا - بارا دەرۋازىۋەننى ئالداپ «مۇدىرنىڭ بالىسى كېسەللىكەن، تېلېفون كەلدى»، «پالانى پروفېسسورنى پوكزىنى بېرگە ئاپارماقچىدىم» دەپ «ئاق قۇ» نى ئېلىپ چىقاتتى. ئۇ، رەڭلىك چىراغلار يېقىلغان ھەشەمەتلىك ئولتۇرۇشلارغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئاجايىپ - غارايىپ ياسانغان قىزلار ئۇنىڭغا تىكىلەتتى، ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. يەنە بەزىلەر دولقۇنسىمان پارقىراپ تۇرغان قىلىن قوڭۇر چاچلىرىغا، ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنىغا قاراپ: «ئابلىز ئاق قۇ» دېگەن شۇمۇ؟ خېلى كېلىشكەن ئىسكەتلىك يىگىتكەن، — دېيىشەتتى.

ئابلىزنى بۇنداق چەت ئەل مۇزىكىلىرى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئولتۇرۇشلار سېھىرلەپ، خۇشبۇي ئەتىرلەر گۈپۈلدەپ تۇرغان قىزلار ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ قويدى. ئۇ، بىر نەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا زىننەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. زىننەت ئىسمى - جىسمىغا لايىق تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاتمۇ قات پوكىنى چىقىرىپ باغلانغان چېچى ۋە ئالتۇن رەڭ زەنجىرلىرى، ساڭگىلاپ تۇرغان خىلمۇخىل چاۋىلىرى ئۇنى ئۇستا رەسسام سىزغان پەرىزات رەسىملىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئاڭلىشىمچە، — دېدى زىننەت ئابلىز بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ، — سىزنىڭ ئاپىلىڭىز مۇئاۋىن پروفېسسورمىش. ھى... ھى... ھى... كاتتىكەن... كاتتا...

ئابلىز زىننەت بىلەن تونۇشۇپ، كۆرمىسە تۇرالماس ھالغا كېلىپ، ئايگۈزەلدىن يوشۇرۇن سوكۇلداشقا باشلىغان كۈنلەردە، خىزمەتتىكى بۇرۇنقى قىزغىنلىقىدىن قالدى. ھەربىر مىنۇتنى ساناپ ئىشلىتىدىغان ئىلمىي خادىملارنى لېكسىيە ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ ئەكېلەلمىدى ياكى ۋاقتىدا بارمىدى. شۇڭا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار پىيادە ياكى كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن كېلەتتى. كافېدرا مۇدىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتكەندە ئۇ يوق ياكى

ئۆلگۈدەك مەست ھالدا ياتقان بولاتتى .

ئايگۈزەل دەسلەپتە ئابلىزنىڭ قالايمىقان يوللاردا مېڭىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى . لېكىن ، كېيىن سىرتتا بولىۋاتقان سۆز - چۆچەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قاتتىق ئازابلاندى . ئۇ نەچچە قېتىم بۇ توغرۇلۇق گەپ نەسىھەتچى بولدىيۇ . ئەمما ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىغا ئاشكارا داغ چۈشۈپ قالسا ، ئائىلىدىن مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ ئىككى ئوتتۇرىدا سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى . ھەتتا ئابلىزدىن : «تەشكىل سىز بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشتى» دەپمۇ سورىمىدى . لېكىن ، ئەھۋالنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئايگۈزەل ئاردا ئىككى نۆۋەت ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشتى . لېكىن ، ئابلىز زۇۋان سۈرمىدى . ئارىدىن ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئايگۈزەل كىر يۇيۇۋېتىپ ئۇنىڭ يانچۇقىدىن زىننەتنىڭ خېتىنى تېپىۋالدى . بۇ خەت ئۇنىڭ يۈرىكىدە چىدىغۇسىز ئاچچىق ئاغرىق پەيدا قىلدى ، كۆزلىرى ياشقا تولدى .

— ئابلىز ، — دېدى سەۋر قاچىسى تولغان ئايگۈزەل ، — مەن سىزگە ئۆزۈن يىل ئەقىدە باغلىغانىدىم . ئەپسۇس ، مېنىڭ بۇ ئەقىدەم ئۆزۈمدىنى ئالداپ قويىدى . كۆڭلىڭىزدە قانداق ئوي - خىيال بولسا ئېيتىڭ . مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى ، ھەتتا مۇھەببىتىمنىمۇ قۇربان قىلالايمەن !...

ئابلىز «يالت» قىلىپ بىر قارىدى - دە ! جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە زىننەتنىڭ : «مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزمىسىڭىز ، كەشىڭىزنى توغرىلاڭ» دېگەن سۆزى تەكرارلانغاندەك بولدى . لېكىن ، ئابلىز ئۇنىڭ يېقىن بارسا مەيدىسىدىن ئىتتىرىدىغان ، يىراق كەتسە قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ ، بەللىرىنى تولغاپ مەھلىيا قىلىدىغان قىلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، ئاددىي - ساددا ئايگۈزەل ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدەكلا كۆرۈندى .



— ماقۇل ، — دېدى ئايگۈزەل ئابلىزنىڭ چىرايىغا قاراپ ، — ئۈندىمەي ئولتۇرۇشىڭىزغا قارىغاندا كۆڭلىڭىزدىكىنى چىقىرىشقا قورۇنىڭىز يەتمىسە كېرەك ، مەن سىزگە ياردەم قىلاي ، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى .

ئايگۈزەل دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ ، كەڭ شەھەر مەنزىرىسىگە ، تۆمۈر رېشاتكىلىق گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا ، كوچا بويلاپ ئېقىۋاتقان كىشىلەر توپىغا ھارغىن كۆزلىرى بىلەن قارىغىنىچە : «ئادەملەر نېمىدېگەن تۈرلۈك - تۈرلۈك - ھە ؟» دەپ ئويلىدى . لېكىن ، ئابلىز بېشىنى چۆكۈرگىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى...

كابىنكا قاپقىقىغا يۆلىنىپ قالغان ئابلىز ئاستا بېشىنى كۆتۈردى . خۇددى سۇدىن سۈزۈۋالغاندەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سۇ تامچىلايتتى . جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن ئابلىز گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىدى . يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ «شۇنداق ، پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس !» دەپ پىچىرلىغىنىچە ماغدۇر قالمىغان پۇتلىرىنى ئاران كۆتۈرۈپ كابىنكىغا چىقتى .

ماشىنا گويا «ئىگەم مېنى نەگە باشلايدىكىن» دېگەندەك ئادەمسىز كەڭ كوچىدا بىر ئۇياققا ، بىر بۇياققا ئىرغاڭلاپ كېتىپ باراتتى . ئابلىز ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۆمۈر رېشاتكىلىق گۈللۈك يېنىدا ماشىنىسىنى توختاتتى . ئۇ ئېلېكتر ئىستولبىسىغا يۆلىنىپ ئۈچ قەۋەتلىك ھاۋا رەڭ بىناغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قالدى . دۇرۇس ئۇ بۇ ھاۋا رەڭ بىناغا ھەرگىز ئېتىبارسىز قارالمايدۇ . ئەنە ئاشۇ تەكچىسىگە قاتار گۈللەر تىزىۋېتىلگەن چەتتىكى دېرىزە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى ساقلانغان ئۆز ئۆيى . بۇ ئۆيدە ھېلىھەم ئاق كۆڭۈل ، دىلى يۇمشاق ، چىن ۋاپادار ئايگۈزەل ياشاۋاتىدۇ .

ئابلىز ، ئېغىر كۈنلەردە بېشىغا سايىۋەن بولغان ، گۈردەك

قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ھاياتقا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇغدۇرغان ئاشۇ ساپ يۈرەككە ۋاپاسىزلىق قىلغىنىنى ئويلىغىنىدا ئىستولبىغا يۆلىنىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىستولبا تۈۋىدە ئايگۈزەل بىلەن ئاجراشقان كۈنىمۇ تاڭ ئاتقۇچە يىغلىغانىدى.

ئابلىز ئاجرىشىش خېتىنى ئېلىپ سوتتىن چىققاندا گويا قويېنىدىكى گۆھەرنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، كىمدۇر بىرسى تاشقا ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتكەندەك كوچا ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈنچە تېڭىرقاپ تۇردى. لېكىن، ئۇ نازلىق يېقىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە گويا ئېپار كېپىكنى تاشلاپ ياۋا توڭگۇزنىڭ ئارقىسىدىن ئوغلاپ كەتكەن ئوۋچىدەك زىننەتنىڭ ئۆيىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يول ئالدى. ئەمما ئۇ، دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە بىركىم گەجگىسىدىن تارتقاندەك ئۇزاققىچە ھويلا ئىچىگە قەدەم ئالالمىدى.

بىر ھېسىپ، ئىككى يېسىپ ئۆي ئالدىغا كېلىپ قالغان ئابلىز «كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ» دەپ ئارسالدى بولۇپ تۇرغان ئەسنادا ئۆي ئىچىدىن كېلىۋاتقان ھاياسىز ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— ۋىيەي، ئۇنداق قىلماڭا، غىدىقىم كېلىدۇ...

— ھى... ھى... ھى... — خىرقىرىدى چېكە چېچىنى ئېگىلىرىگىچە قويغان ئېگىز، قارامتۇتۇق يىگىت زىننەتنى قۇچىقىدا ئەركىلىتىپ، — ھېلىقىنىڭ بىلەن ھازىرمۇ مۇناسىۋەت قىلىۋاتامسەن؟

— كىم ئۇ؟ ھە ئابلىزمۇ، ھا... ھا... ھا... — قىز يىگىتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ۋاي توۋا، ئۇ ماي چاپان، قاسماق گەدەننى نېمە قىلارمەن!

— ئەمىسە بىر چاغلاردا...

— ئۆزۈڭ بىلىپ تۇرۇپ خۇيسەنلىك قىلىسەن، بۇ دوستلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان ئىش تۇرسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ



«ئاق قۇ» سى، ئولتۇرۇشۇڭلاردا شاراقلاپ خەجلىگەن پۇلى ھەرقايسىڭلارغا ئەسقاتقاندۇ؟

ئابلىز بۇ تور پەردە تارتىلغان دېرىزىگە قايتا قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ شۇ كېچىسى ئەل ئايىغى جىمىققان كوچىلارنى مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈردى. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى بىلەلمىدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ مۇشۇ ئىستولبا تۈۋىدە بىر كېچە كىرپىك نەمدەپ چىققانىدى.

ئابلىز ئايگۈزەلدىن ئاجرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى بۇرۇنقى كالونىغا يۆتكەپ بەردى. ئىككى يىل ئۆتتى، لېكىن گۈللۈكتىكى ئېلېكتىر ئىستولبىسى يالغۇزسىراپ قالمىدى! ھەر كېچە بىر يىگىت ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى! ئوت خۇمار ھاشاراتلار چىراغ تۈۋىدىن ئايلىنىپ كېتەلمىگىنىدەك، بۇ يىگىتمۇ ئىستولبىغا يۆلىنىپ باش توخۇ چىللىغىچە تالاي كېچىلەرنى ئۆتكۈزدى! ھەتتا ئىستولبا غولى پارقىراپ، ئۇنىڭ تۈۋىدىكى خىشلارمۇ دېڭىزدەك ئۇپراپ كەتتى.

* *

ئايگۈزەل خىزمەتتىن كەچ يېنىپ چارچىغان ھالدا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن تاماق ئېتىشكىمۇ رايى بارماي ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىۋەتتى.

— ئۇھ... قانداق قىلسام بولار، توغرا ۋە ئادالەتلىك يول قايسى؟!

ئايگۈزەل ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. ھېلىمۇ ئىككى يىلدىن بېرى دوستلىرىنىڭ جىملەش، مەسلىھەتلىرىگە ئۇ قۇلاق يۇپۇرۇپلا كەلدى. مانا، بىر ئاي بولدى، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىنژېنېرنى مايە قىلىۋاتىدۇ.

— ھەي ئەخمەق، بۇنىڭغا ماقۇل دېمىسەڭ كېيىن بارمى-

قىغىنى چىشلەپ قالسەن. مەن ـ مەن دېگەن قىزلارمۇ ئۇنىڭغا بولىشالمىغان ياكى ھېلىقى ۋاپاسىزدىن رىشتىڭنى ئۈزەلمەي تۇرامسەن؟

— ياق، ئۆزۈم چۈشەنمىگەن، ياخشى كۆرمىگەن كىشىگە قانداقمۇ ئۆزۈمنى مەجبۇرلايمەن. مەن ئۆي مۈلكى ئەمەس.

ئايگۈزەل ئۆزۈنچە خىيال يىپلىرى بىلەن چىرمىلىپ قالدى. ئۇ يەنىلا ئاشۇ ۋاپاسىزنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى، شۇنداق، قىزلىق ساپ قانلىرى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئۆركەشلەپ، يۈرىكىنى ئويىنىتىپ، تۈرلۈك ـ تۈمەن ھېس ـ تۇيغۇلارغا غەرق بولغان ئاجايىپ جۇشقۇن يىللاردا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئاددىيلا بىر ھەۋەس ياكى ئىنتىلىش ئەمەس ئىدى. ئايگۈزەل ئۆتكەن كېچە ئۇنى چۈشىدە كۆردى... ئۇ بىر تۇرۇپ بۆك ئاكاتسىيىلىك خەلق باغچىسى دېگۈدەك، بىر تۇرۇپ كۆككۆلمەيدانلىق ئورمان دېگۈدەك. ئاشۇ ئاتىبېغىر ئۇنىڭ رومىلىنى ئەپقېچىپ يۈرگۈدەك. ئايگۈزەل ئۇنى قوغلىغۇدەك، مانا يەتتىم دېگەندە، تېيىلىپ كېتىپ شاۋقۇنلۇق دەرياغا چۈشۈپ كەتكۈدەك... ئۇ بىرۋەقتتۇرۇم بولۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ۋاپاسىز تاغلارنى چاك كەلتۈرۈپ: «سۆيۈملۈك ئاي... سېنىڭسىز ھايات ماڭا ئۆلۈم» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ ئايگۈزەلنى قولىدىن تارتىۋاتقۇدەك...

ئايگۈزەل ئويغانغاندا، ئاچچىق ھەسرەت ئارىلاش، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان بىرخىل تۇيغۇ خۇددى غۇر ـ غۇر شامالدەك يۈرىكىنى كېزىپ ئۆتكەنىدى.

ئايگۈزەل ئېغىر خورسىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىھۇدە خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تېلېۋىزور كۇنۇپكىسىنى باستى. ئېكراندا دىكتورنىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

«... شوپۇر ئابلىز بىر يىلدا ئىككى يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى. ئۇ بۇلتۇر پرىنسىپلىق ماي ماشىنىسىنى ھەيدەپ تۆت



يۈز يەتمىش ئىككى مىڭ سەككىز يۈز توقسان ئالتە كىلومېتىر يولنى بىخەتەر مېڭىپ، يىللىق ۋەزىپىنى ئىككى يۈز بەش پىرسەنت ئورۇنداپ ئۈچ مىڭ بەش يۈز توقسان يەتتە كىلوگرام ماي تېجەپ قالدى. يۇقىرىغا ئوتتۇز سەككىز مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا تاپشۇرۇپ، بىر يىل جەريانىدا كاشىلا چىقارماي رەھبەرلىك ۋە ئامما تەرىپىدىن قىزىل بايراقدار بولۇپ باھالاندى...»

ئېكراندا ئۇنىڭ ماشىنىسى كۆرۈندى. ئابلىز ماشىنا ئېگىزىدىن چىقتى ـ دە، كۆلۈچ تۇتقان قولىنىڭ ئارقىسىدا پېشانىسىنى سۈرتتى.

— ئۇ جۇدەپ كېتىپتۇ، دېيەرلىك جۇدەپتۇ، — دېدى ئايگۈزەل تېلېۋىزور ئېكرانىدىن كۆزىنى ئۈزمەي...

چەكسىز كەتكەن چۆل، قاتمۇقات تاغلار، شۇۋىرغانلىق جىلغىلار، ئەنە شوپۇر ئابلىز ئېھتىيات ۋە پەم بىلەن داۋانلاردىن ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ كابىنكىسىدا بىر دەستە گۈل. گۈل ئىچىدە ئايگۈزەلنىڭ چىرائىتىلغان سۈرىتى. ئابلىز پات ـ پاتلا رەسىمگە كۆز تاشلايدۇ، قولياغلىقى بىلەن رەسىم يۈزىنى سۈرتۈپ قويىدۇ.

ئايگۈزەل تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سوغۇق ۋە نەم دېرىزە كۆزنەكلىرىگە يۈزىنى ياقتى. ئاھ... نېمىدېگەن راھەت!... ئۇ قاراڭغۇ كوچىغا نەزەر تاشلىدى. پەستە ـ گۈللۈك يېنىدا كۆكۈچ چىراغ نۇرىدا بىر يىگىت ئىستولبىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئايگۈزەل ئىككىنچى قېتىم قارىغاندا ئۇنى كۆرەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىسسىق ياش قاپلىۋالغانىدى...

# بەش يۈز يۈەنلىك چاقچاق

قىڭغىر بوغالتىر مەكتەپ مەيلىكىگە يۆتكىۋېتىلگەن بۇ يەتتە ئاي ئىچىدە ئىككى بوغالتىر كېلىپ - كېتىپ بولدى. مانا مەن ئۈچىنچىسى...

مەن گەرچە بوغالتىر بولۇۋېلىپلا خوتۇننى قورچاقتەك ياساپ قويغان سالىم، سۆيگىنىگە ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرگەن قۇربانلاردەك قىلمىغان بولسامۇ، يەنىلا خوجىلىقتىكىلەر ماڭا خۇددى ئوغرىغا قارىغاندەك كۆزلىرىنى ئالايتىدىغان بولۇپ قالدى. بولمىسا مەن ئالتۇننى كۆرسەممۇ نەزەر كۆزۈمنى سالمىدىم. پەقەت سەي، يەل - يېمىش ساتقان كىرىم ھۆججەتلىرىدىن ئايدا بىرەر - ئىككىسىنى يىرتىۋېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان ئولتۇرۇش، باغ سەيلىسىنىڭ ھارىقى بىلەن گۆشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان مەردلىكىم بار.

قىسقىسى، تاپا - تەنىسى تولا بۇنداق بوغالتىرلىقتىن بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويدۇم. يىگىرمە يىلدىن بېرى بۇ خىزمەتنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئىگىلەپ، ئۆز يولى بىلەن باشقۇرۇپ كەلگەن قىڭغىر بوغالتىرغا قايىل بولدۇم. قويىنى قاسساپ سويسۇن دېگەندەك، بوغالتىرلىق خىزمىتىمۇ قىڭغىر بوغالتىر دەپ ئاتالغان مەمتىمىندەك تېرىكمەيدىغان، زېرىكمەيدىغان، ئەستايىدىل ئادەملەرگە ياراشسا كېرەك.

مەكتەپتىكىلەر: «بوغالتىر مەمتىمىننىڭ ئۆزى قىڭغىر بولغىنى بىلەن قىلغان ئىشى ئېلىپتەك تۈز» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق!

بوغالتىر مەمتىمىننىڭ ھېسابى خۇددى چېۋەر قىزنىڭ



كەشتىسىدەك رەتلىك بولسا، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھەرقانچە بىخەرەزنىڭ كاجلىقىنى پەس كارىغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. مەمتىمىننىڭ داۋاملىق سول مۈرىسىگە سىڭايان ئېگىلىپ تۇرغان بېشى بولۇپمۇ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىكى باش قىياپىتى، ئۇنىڭ ساددا، كەمتەر، كۆڭۈل ئايايدىغان كىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە، قايماقتىن لەزىز ۋە يۇمشاق سۆزلىرىنىڭ ئۇرامىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا، يەتتە ئويلاپ، بىر كېسىدىغان مىجەزىنى بىلگىلى بولاتتى.

— يامان بوپتۇ، ئاھايىتى يامان بوپتۇ، — دەيتتى ئۇ ھال ئېيتىپ، قەرز سوراپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا بېشىنى سىڭايان قىلىپ، — ئوقۇتقۇچى تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولمىسا، دەرستە «ئا» نى «ب» دەپ ئۆتۈپ سالىدۇ. لېكىن، ھازىر خوجىلىقتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق. خەير، بىزنىڭ ئۆيدىكى بوغالتىردىن تېپىلىپ قالار، — دەيتتى - دە، ئايالىدىن پۇل ئېلىپ بېرەتتى.

قىڭغىر بوغالتىر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى.

— مەمتىمىن، — دەيتتى مۇدىر نارازى بولۇپ، — كىنو دېگەننى ئوقۇغۇچىلارغا ئايدا ياكى ئىككى ئايدا بىر قويۇپ بەرگۈلۈكتى. بۇ... بۇ... پەيشەنبىسى يوق موللامدەك ھەر ھەپتىدە...

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەھرى ئېچىلىدۇ، ئەقلى روشەنلىشىدۇ. قاتتىق ئورۇندۇقتا دەرس غاجاپ مېڭىلىرى چاراسلاپ كەتكەندۇ؟

— مۇھىمى ئىقتىساد مەسىلىسى!...

— خاتىرجەم بولسىلا، قۇرۇلۇش، مۇلۇك، كەسىپى

راسخوت، خەلق ئوقۇتۇش ياردەم پۇلى ھەممىسى ئۆز يولى
بىلەن. لېكىن، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى، سەي
پۇلى... — دەيتتى بوغالتىر بېشىنى سىڭايان قىلىپ.

— شۇنداقتىمۇ... ھەي... — مۇدىر كۆزلىرىنى چىمچىق-
لىتىپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى.

— كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى. ئۇلارنىڭ بۇ ئائىلىدىن كۆڭلى
سۇ ئىچسە ھەممە ئىشلار يورغىلاپ كېتىۋېرىدۇ.

مۇدىر ئوشۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، مۇلايىم
بوغالتىرنىڭ ئېيتقانلىرى تارازا باسقۇدەك گەپلەر ئىدى. ما-
ئىشخانىنىڭ تۆت تېمىغا ئېسىلىپ كەتكەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم-
دىن تارتىپ، داۋۇي پارتىيە ياچېيكىلىرىغىچە تەقدىم قىلغان
لەۋھەلەر بۇنىڭغا ئىسپات، يىللىق سېلىشتۇرۇپ باھالاش چوڭ
يىغىنلىرىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «كېلىش نىسبىتى،
سۈپىتى، كۆچۈشى يۈز پىرسەنت» دەپ جاراڭلىق ئېلان قىلغى-
نىدا، ئۆزىنىڭ يوق بۇرۇتىنى تاراپ، سالاپەت بىلەن يۆتىلىپ
قويۇپ، كۆكسىنى كېرىپ چىقىپ لەۋھەنى تاپشۇرۇۋالغىنىنى
ئەسلىگەندە، مۇدىرنىڭ كۆز ئالدىدىن مەكتەپ بويىچە ھۆرمەت
ۋە ئېتىبارغا سازاۋەر بۇ كۆرۈمسىز بوغالتىرنىڭ ئاددىي، ئەمما
ئالتۇن بىلەن ئالاسىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئىشلىرى بىر -
بىرلەپ ئۆتەتتى...

— مانا بۇ قەلەم ۋە دەپتەرنى سېتىپ مۇدىرلىرىغا تارقى-
تىپ بەرسىلە، ئۇلار ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار-
غا بەرسۇن، — دەيتتى بوغالتىر ئىلمىي مۇدىرغا مۇلايىملىق
بىلەن.

— پۇتۇڭ مۇزلىمىدىمۇ؟ قېنى بۇ يەرگە قول قويۇۋەت، —
دەيتتى بوغالتىر دېھقان بالىسىنىڭ پۇتىغا ئاياغ كىيگۈزۈۋېتىپ.

ئەلۋەتتە، مەكتەپ مۇدىرىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق ئىش-



لارنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى، قىڭغىر بوغال-
تىرنىڭ بويىنىنى سىڭايان قىلىپ، دەپتىرىنى ئېچىپ: «بۇنىسى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇرۇقلۇق ياڭاق خىللاپ سودا سارىيىدىن كى-
رىم قىلغان پۇلى، بۇ بولسا يۇقىرىنىڭ رېمونت ئۈچۈن بەرگەن
پۇلى، ئەمما رېمونتقا سىرتتىن ئەمگەك كۈچى ياللىمىدۇق،
ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۈگىتىشتى...» دېيىشى ئېنىق ئىدى.

مەكتىپىمىزدىكى پىشقەدەم ناۋاي ئەمەت ئاكىنىڭ سۆزى
بويىچە ئېيتقاندا، بوغالتىر مەمتىمىننىڭ بېشى ئۇنىڭغا قاچىلان-
غان پىلانلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن سىڭايان بولۇپ قالغان... ئۇ
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىشلىق ئوتۇن - كۆمۈرىدىن، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگىچە، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك دەم
ئېلىش، ياخشى ئۆگىنىشىگە قەدەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللى-
نىپ شارائىت يارىتاتتى. مانا مەكتەپ مەيدانىدىكى ئۇزۇنغا
سەكرەش ئورەكلىرى، ئېگىزگە يامىشىش، قوش تۇرنىك، يالاڭ
تۇرنىك، گۈلەنگۈچ، ھەتتا تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ يادىغا
كەلمىگەن نۇرغۇن تەنتەربىيە تۈرلىرىنى نەلەردىن كۆرۈپ كەل-
دى، مەكتەپتە ھەپتە ئېچىدىلا تەييار قىلىپ بەردى. مەكتەپ
خۇددى ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدەك باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى.
ئوقۇغۇچىلار كەچكى مەيدان پائالىيەتلىرى، ئوقۇتقۇچىلار كۆ-
ڭۈل ئېچىشلىرى پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق شادلىققا
تولغان كېچىلەردە، قىڭغىر بوغالتىر بەكمۇ شوخلىشىپ، قىزىق-
چىلىقمۇ قىلاتتى. باشقىلارنىڭ «ھە قېنى؟» دېيىشى بىلەن ئۇ
كىشىلەرگە غىل - پال قارىغىنىچە قىزارماي - تاتارماي ناخشا
ئېيتىپ بېرەتتى. لېكىن، ئۇ پەقەت ئۈچلا ناخشا بىلەتتى.
شۇڭا، ئۇنىڭ ئېيتىدىغىنى «شېشىلىشىپ ئويناڭ ئازادە»،
«كوزا خۇمدانىدىن چىقۇر»، «توخۇ چىللىدى» دېگەنلەر ئىدى.
قىڭغىر بوغالتىر ئۇسسۇلمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى سى-
لىق ۋە تېز، شۇنداقلا كۈلكىلىك ئىدى. ئۇ بىر تىزىنى يەرگە

قويۇپ، بىر تىزىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قوۋۇزلىرىنى مۇزدۇزنىڭ چەمگە سۇ پۈركىگىنىدەك كۆپتۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ خۇددى ئەپچىل مايلامچىدەك ھەرىكەت قىلىپ ئۆسسۇل ئوينىسا، كۈلمەيدىغان بىرمۇ ئادەم قالمايتتى.

مانا ئەمدى بوغالتىر جارالانغان بۇ يەتتە ئاي ئىچىدە مەكتەپ خۇددى ئەما ئادەمدەك، ھەممە ئىشتا تىمىسقىلاپ قالدى.

ئۈنۈگۈن ئاشخانىدا ئوقۇغۇچىلار خوۋغا كۆتۈرۈپ، چېلەكنىڭ ئاشنى قازانغا ياندۇرۇپ قويۇۋەتتى. مۇدىر: «بۇ نېمە قىلىق، ئۆتمۈشتە مۇشۇنداق ئاش ئىچەلىگەنمۇ؟» دېۋىدى، بىر ئوقۇغۇچى: «بولدى مۇدىر خاپا بولمىسىلا، سۇنى كۆلدىن ئېچۈالايلى، قازانغا پۇشقاق تۇرۇپ چۆشىسىلىمۇ دەرىلىققا بىر تال چۆپ تاپالمايلا» دەپ بىھۆرمەتلىك قىلدى. بۇنى مەيلى دېسەكمۇ، مەكتەپتىكى سۇنغان سۇنغان پەردە، يۈزۈلگەن يۈزۈلگەن پەردە ئىدى. كارلار قىڭغايغان، مەيدانلار ئويمان - چوڭقۇر، ئۇزۇنغا سەكرەش ئورەكلىرى تىنىپ، گۈلەڭگۈچلەرنىڭ ئارغامچىلىرى كىملەرنىڭدۇر كالىسىنىڭ بوينىدا ئىدى. خوجىلىقنىڭ ھېساباتىنىمۇ گويا چىگىچىنى ئالغىلى بولمايدىغان ھۆرۈن خوتۇننىڭ چىچىدەك باش - ئايغىنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇدىرنىڭمۇ قاپىقى ئېچىلمايتتى، ئۇ تولىمۇ تىرىككەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك، يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ئۇنىڭ سەپرايىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى:

ئىشتان پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۇرۇۋالغان، پۇتلىرى لاي تىڭغىر بوغالتىر، خوجىلىققا كىرگىنىچە كەتمىنىنى جاققىدە تويۇپ، ئوت يۇلۇپ كۆكىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— سەن... سەن... خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان ئىشىڭنى تاشلامسەن - يوق؟ ئاخشامقى ئولتۇرۇشقا دۆلەتنىڭ پۇلىنى خەجلەپ مەردلىك قىلىشىڭغا نېمە ھەققىڭ بار؟ ئېيتە قېنى!



خۇددى «ئېشەك ئۆسسىدى» دېسە، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا كۈلگەندەك «تىڭغىر بوغالتىر ئاچچىقلاپ قاپتۇ» دېسە، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ ئىشەنمەيتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەلپازىغا قاراپلا خۇددى تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك دۇدۇقلاپ كەتتىم.

— مەتىمىنىكا بۇ... بۇ... ئاخشامقى ئولتۇرۇشقا ئۇ... ئوقۇتقۇچىلار ئۇ... ئۆزلىرى... — مەن ھودۇققىنىمدىن يالت قىلىپ مۇدىرغا قارىدىم. ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىنقى ھەپتە مائارىپ ئىدارىسىگە ئەكىرىپ سېتىپ چىققان يەل - يېمىش بىلەن پىيازنىڭ ھۆججىتىنى چىقار؟...

— بۇ... بۇ... بۇ...

— نېمە، بوغۇزىڭغا «بۇ» كەپلىشىپ قالدىمۇ؟ ھەممىڭگال قىمارۋازلىرى!...

ئەزەلدىن ناھەق ئىشلارنى كۆرسە چىچىلماي، چالۋاقىماي يۈزتۈرا ئېچىپ تاشلاپ، «قېنى، دوپپاڭلارنى ئالدىڭلارغا ئېلىپ سوراپ بېقىڭلار. يۈزىڭلار قىزىرامدۇ، يوق» دەپ قويىدىغان بوغالتىر خۇددى قوۋاستىكى قوماچتەك پاراسلاپ مۇدىر بىلەن ئىككىمىزنى قىلچە كۆزىگە ئىلماي تىللاشقا باشلىدى:

— بوغالتىر بولۇپلا بىرلىك ئۆيۈڭگە توشۇغاق، بىرلىك خوتۇنىڭنى ياسىغاق، يەنە بىرلىك ئىشچىلارنى تىللىغاق چىقىشتىڭ. ئەمدى سېنى، — دېدى ئۇ ماڭا قولىنى شىلتىپ، — يۈزىدە قېنى بار يىگەن - ئىچكەندەك، سوقا - سەندەلدەك دەپ بوغالتىرلىققا بېكىتسە قويسا ھۆججەت يېرتىپ، ھۆكۈمەت پۇلىدا باشقىلارنى سىلغاق چىقتىڭ... ھېلىمۇ ئالتە - يەتتە ئايدىن بېرى، بۇ مەكتەپ ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرىڭنىڭ بىر تال ياغاچ قوشۇقۇڭ سۇنۇپ كەتسە كېچىسى ئۇيقۇڭ كەلمەيدۇ.

لېكىن، مەكتەپ مۈلكىنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىلىشىغا كۆڭلۈڭ چىدىدى.

چىرايى تاتىرىپ، غەزەپتىن غال ـ غال تىترەۋاتقان بوغالتىر لاي چاپلىشىپ كەتكەن پۇللىرىنى كۆرسىلدىتىپ، مۇدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، كۆزىنى ئۇنىڭغا مىختەك قادىدى.

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە، ئېيتە قېنى؟ سەن ئوقۇپ مۇدىر بولغان مۇشۇ مەكتەپنىڭ ھەربىر خىشىنى ئۆز قوللىرىم بىلەن قويغان. يىگىرمە سەككىز يىلدىن بېرى ئىقتىساد تۇتقان مەتىمىن قىڭغىرنىڭ ھېسابىدىن بىر تىيىن كەم چىققىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟

مەن قىڭغىر بوغالتىرنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا تىكىلگىنىمدە، ئەمەت ناۋاينىڭ ئېيتقانلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلانغاندا، قۇرۇلۇش مەسئۇلى مەتىمىن قومۇش، ياغاچ، ھاك، تاش قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئالاتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە ھېلى خۇمدانغا، ھېلى ھارۋىكەشلەرگە يۈگۈرۈپ تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى، ھەتتا بىر تال خىش، بىر چېلەك ھاك سېتىۋېلىشتا بىر ـ ئىككى تىيىن ئەرزانراق ئېلىش ئۈچۈن يول مېڭىشتىن ئېرىنمەيتتى. كېچىلىرى بولسا ماتېرىيال ساقلاپ كۆزەتچىلىك قىلاتتى. مانا شۇ چاغدا لىم ياغاچ ئۆرۈلۈپ بويىنى زەخىملەنگەن مەتىمىن مېيىپ ساقىيىپ قالغانىدى.

پۈتۈن ئۆمرىنى ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچى، مەكتەپكە بېغىشلىغان ئاق كۆڭۈل بوغالتىرنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا مۇنۇ بېشىنى چاڭگاللاپ، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان مۇدىرغا ئاچچىقىم كېلىشكە باشلىدى. ھېلىقى «ھېساب تەكشۈرگۈچى»، «بۇ تالون كونا ئىكەن، بۇنىڭ نومۇرى ئېنىق بېسىلماپتۇ» دەپ بىرىنى سىيگەك، بىرىنى



چېچىقاقلا چىقىرىۋېتىپ، بىرمۇنچە تالونلارنى ئىلىك ئالمىسا، مۇدىر بولغان ئادەم «ھە...» دەپ ئولتۇرماي ئىككى ئېغىز لەۋزى قىلسا، باشلىق كاللىسىنى ئېلىۋەتمەس ئىدى.

بىر ئادەمنىڭ ناھەق جازالىنىپ كېتىشىگە چىداپ، ئۆزىنىڭ چىۋىننىڭ قانىتىدەك مەنسىپىدىن ئەنسىرىگەن بۇ ئىنساپسىز مۇدىر ئاخىرىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى:

— مەتىمىنكا، بۇ... بۇ... باشلىق... ياق... بۇ ھېساب، ھېسابتىكى... — مۇدىرنىڭ ئورا كۆزلىرى پىلدىرلاپ، كىچىككىنە جۇغى تۈگۈلۈپلا قالدى.

— بۇرۇنقۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەپتىرىگە يازدۇق. ئەمدى كىمنىڭ دەپتىرىگە يازىمىز؟ مەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز يازەم.

— ھوي... ھوي... — مۇدىر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، — ئەرز يازەم... ھەي... بۇ... بۇ... باشلىقنىڭ ئۈستىدىن... ئوت بىلەن ئويناشما دېگەن گەپ بار.

— شۇنداق. قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما، دېگەن گەپمۇ بار... مەن ئۆزۈمگە ئاق ئىكەنمەن يېزىۋېرىمەن، پارتىيىنىڭ چوقۇم توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىشىنىمەن.

توغرا، قىڭغىر بوغالتىرنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئەسلىدىمىغۇ شۇ چاغدا بوغالتىر ئىشخانىغا كىرمىسە بوپتىكەن، قايسى شەيتان ئازدۇردى، ئۇ ئىشخانىغا پوسۇقتىدە كىرىپ قالدى. ئۇ كۈنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېۋىر كېپەك ئىشخانىدا «گەپ قىلايمۇ، قىلمايمۇ» دېگەندەك سالاپەت بىلەن مۇدىرنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ سېمىزلىكتىن بولسا كېرەك، تىنماي ھاسىرايتتى. دەرۋەق، ئۇنىڭغا مەنسەپ ياراشقاندەك، باشلىقلىقلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سەمرىپ كەتتى. ئۇنىڭ دوستلىـ

رى : «كېچۈر ، ئەگەر مۇئاۋىن ئەمەس ، رەسمىي باشلىقلىققا كۆتۈرۈلگەن بولساڭ ، سېمىزلىكتىن يېرىلىپ كېتەتتىڭمۇ ؟» دەپ چاقچاق قىلاتتى .

قىڭغىر بوغالتىر بۇ باشلىق بىلەن بىر مەھەللىدە ئويناپ ـ كۈلۈپ ، بالىلىقى چېگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن ئاغىنىلەردىن ئىدى . ئۇ باشلىققا سىنائايان قاراپ ، گەپ قىلغىنىچە قولىنى سوزۇپ كەلدى :

— ۋۇي ، ماۋۇ كېپەكقۇ . قاچان كېلىپ قالدىڭ ؟ تۇۋا ، تۇۋا ، ئۇزۇن زامانلار بوپتۇ سېنى كۆرمىگىلى ، خۇددى 6 ـ ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتىڭ... ھى... ھى... ھى...

— ھىم... م... — باشلىق بېشىنى سۈرلۈك ئىرغىتقىنىچە خالا ـ خالىماي قولىنىڭ ئۇچىنىلا بېرىپ تەتۈر قارىۋالدى .

— ئېسىڭدىدۇ ، بىز چېغلىقتا كالا باقاتتۇق ، ياللا ، بىر كۈن كەچكىچە چېلىشىپ ھارمايتتۇق... مەن...

— بولدى... بولدى... — باشلىق قولىنى خۇشياقمىغاندەك شىلتىدى ، لېكىن ، ئۇ «بولدى» نى ئاغزىغا لىقمۇلىق تولدۇرۇپ سۆزلىگەندە ، مۇدىر بىر نەرسىدىن ئەنسىرىدى بولغاي كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى .

— ھە راست ، بىز كۆندە ئەتىگەندە شەھەرگە قېتىق ئەكىرىپ ساتاتتۇق . سەن قېتىقنىڭ قايمىقىنى ئوغرىلىقچە يالىۋالاتتىڭ... ھەي ئۇ چاغلاردا...

— ئەدەپسىز ، ئەخلاقسىز... — باشلىق ئاۋۋال قىزىرىپ كېيىن تاتىرىپ كەتتى . مۇدىر ۋە بىر ـ ئىككى ئوقۇتقۇچى ھەمتىمىن بوغالتىرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كايىشقا باشلىدى :

— ئۇ... ئۇ... باشلىق تۇرسا... بۇ... بۇ... ئەستاغپۇرۇللا ؟

— چېغلىقتا كالا باقمىز دېگەنلىرى نېمىسى ؟

— شۇنى دەيمىنا ، قايمىقىنى يالىۋالدىڭ دېگىنى ، باشلىقمۇ يالىۋالامدۇ ؟



مۇدىر بۇ ئىشتىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ ، خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالدى . چۈنكى ، باشلىقنىڭ چىقىش خەۋىرىنى ئىككى كۈن بۇرۇن ئاڭلىغان مۇدىر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ، ئىشچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چوڭ تازىلىق ئېلىپ باردى . نەچچە ئايدىن بېرى سۇ سېپىلمەي ئاق توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن مەيدانلارغا سۇ سېپىلدى ، دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەتلەر ئېلىندى ، ئىشخانىدىكى دەرس سېتكىلىرى يېڭىلاندى ، قىشتىن بېرى ئىسلىنىپ ، تۈزۈككىنە يورۇقمۇ چۈشمەيدىغان ئىشخانا دېرىزىلىرى يۇيۇپ تازىلاندى . مۇدىر باشلىقنى قانداق قارشى ئېلىش ھەققىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن باش قوشۇۋالدى ۋە ئاشپەز ، ناۋاي ، ئىشچىلارنى خوجىلىققا چاقىرىپ ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە تەپسىلىي يوليورۇق بەردى . ھەتتا زۆرزۆر پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلدى . شۇ چاغدا «باشلىق كەلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ھاياجان ۋە ھودۇقۇشتىن مەڭدەپ قالغان مۇدىر پەلەمپەيدىن پۇتلىشىپ كەتتى ـ دە ، يەنە چاققانلىق كۆرسىتىپ ، باشلىقنىڭ قوللىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئالىقانلىرىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى...

مانا ئەمدى ، تۆگىنىڭ مازا بىلەن ئىشى يوق دېگەندەك ، قىڭغىر بوغالتىرنىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپلىرى ئويلىمىغان يەردىن باشلىقنى رەنجىتىپ قويدى .

باشلىق ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كېتىپ ، ھەپتە ئۆتمەي ، مەكتەپ ھېسابىنى ئېلىشقا بىر كىشىنى چىقارتىپتۇ . بۇ چىققان كىشىنىڭ يۈزى ئۆتۈكچى قوڭغۇزنىڭ قانىتىدەك چېكىم ـ چېكىم گۈللۈك بولۇپ ، بۇرنى بولسا قوتۇر ياڭيۇنى پاتۇرۇپ قويغاندەكلا ئىدى . ئۇ يۈندىدىن ھازىرلا سۇزۇۋالغاندەك پۇرلىشىپ كەتكەن شەپكىسىنى تۈزۈكرەكمۇ كىيمەي بېشىغا بولۇشىغا تاشلاپ قويغاچقا ، ئۇنىڭ سۇنۇق ۋە يېغىلىپ قالغان چېكىلىكى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا قۇرۇق لازىدەك پىلدىرلاپ تۇراتتى .

«ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر» دېگەندەك ، بۇ قوتۇر ياڭيۇ قىڭ-
غىر بوغالتىرنىڭ ئايمۇ ئاي بوغۇپ ماڭغان ھۆججەت - تالونلى-
رىنى تېرى ئىتتىرىۋېتىپ : «مەن ھېساب ئالغىلى تۇرسام ،
سەن قايىنامدىن چىقىسەن ، ھېسابىڭ سايرامدىن چىقىدۇ» دېدى .
كىم بىلىپتۇ بەزىبىر ھېساب ئەھلىنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى
بارلىقىنى ، بەزى ھېساب ئالغۇچىلار ھەر چوڭ خىيانەتچىلەرنى
بىر دەمدىلا سۈتتىن ئاق ، تۇخۇمدىن ساق قىلىپ چىقىرىدىكەن ،
بەزىلەر چوتنى بىرلا شاراقلىتىپ ساق ئادەمنىڭ گەدىنىگە تۆگ-
مەن تېشىنى ئارتىپ قويىدىكەن . مانا ، قىڭغىر بوغالتىر چوڭ
خىيانەتچىلەردىن بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئوتتۇرا ھال خىيانەتچى-
لەردىن بولۇپ چىقتى . ئۇنىڭغا بەش يۈز يۈەن ئارتىلىپ ، مەك-
تەپ سەيلىكىدە ئىشچى بولۇپ قالدى .

※

مەكتەپ مۇدىرى ، ئوقۇغۇچىلار ۋە قىڭغىر بوغالتىر تاھە-
يىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن چىققان كادىرنى ئۇ-
زىتىپ چىققاندا ، كۈن ئاللىقاچان قىڭغىيىپ ، سايىلەر ئۇزىراپ
كەتكەنىدى . كەلگەن كادىر بوغالتىردىن قايتىلاپ ئەپۇ سوراپ
ۋە تەسەللى بېرىپ ھارۋىغا چىقتى . مەن شەھەر يولىغا قاراپ
ئېشەكنى بولۇشىغا قويۇۋەتتىم . ئەتۇر سۆگەت قاپلىغان ئاسفا-
لىت يولدا سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى . گەرچە كەچنىڭ نەم ،
پاكىز ، ئارامبەخش ھاۋاسى تېنىمگە ھۇزۇر بېغىشلىغان بولسى-
مۇ ، لېكىن بۈگۈنكى بوغالتىرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يىغىنى
ۋە بوغالتىرنىڭ ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى ئاچچىق ھەقىقەت
بولۇپ ، قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى .
— مەن ، — دېدى قىڭغىر بوغالتىر يىغىندا ئەلەم بى-
لەن ، — باشلىق بىلەن بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، بىر



قازاندىن تۇز - تاماق يېيىشىپ ، بىر گۈلخانىنىڭ ئوتىنى ئىسسى-
نىپ ، بىر تاغارنى بىللە يېپىنىپ يامغۇر - يېشىن ، سوغۇق -
جۇدۇنلاردا بىللە ئۆتكەن پادىچى دوستلاردىن ئىدۇق . نېمە بە-
لەي ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پاك دوستلۇق ئورنىغا ، مەنسەپ قارا
سايە سېلىشنى ئويلىمىغانىكەنمەن ! خەير بوپتۇ ، ماڭا بىر ساۋاق
بولدى . تولا ھاللاردا بىلىمى قانچە يۇقىرى بولغان باشلىق شۇنچە
سەمىمىي ، كەمتەر ، ئاق كۆڭۈل بولىدىكەن . بىلىمى قانچە
تۆۋەن ئادەم مەنسەپكە ئېرىشسە كىبىر پەيدا قىلىپ ، باشقىلار-
نىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنى ئوغۇت ئورنىدا كىبىرنىڭ تۈۋىگە
كۆمۈپ ، تۆرىچىلىك بىخلىرىنى ياشارتىدىكەن . ئاقىۋەت ئۇزى-
نىڭ خەلق چاكىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، ھۆكۈمران تۆرىچى
بولۇپ قالىدىكەن . ھېلىمۇ ياخشى پارتىيىمىز ئىنتىزام تەكشۈ-
رۈش كومىتېتلىرىنى يولغا قويدى .
ئەزەلدىن بىر كىمنىڭ قاتتىق - يىرىككىنە ئاھانىتىنى
ئاڭلاپ باقمىغان بۇ مۇلايىم بوغالتىر ، كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ نېمە ،
بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى . ئۇ كۆزىدىن يۇمىلاپ چۈشكەن
بىر تامچە ياشنى يېڭىنىڭ ئۇچىدا سۈرتتى - دە ، قېشۇپ قويدى :
— مەن باشلىقنى ئىشخانىدا كۆرگۈنۈمدە ، تۇيۇقسىزلا
بالىلىق ۋاقىتلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ ، ئۆزۈمنى تۇختىتىپ
ئالالمىدىم . ھەتتا كېيۈرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قۇچاقلىماقچى
بولغانىدىم . ئەپسۇس ، كونا قەدىناسلىقنىڭ ھۆرمىتى بىلەن
قىلغان چاقچىقىم بەش يۈز يۈەنگە توختاپ قالدى...
«شۇنداق بەش يۈز يۈەنلىك چاقچاق» دېدىم مەن ئىچىمدە
تەكرارلاپ ۋە ئاچچىقىمدا ئېشەككە بىر قامچا سېلىۋەتتىم .

مەسئۇل مۇھەررىرى : سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت


# ھېكايىلەردىن تاللانما

جالالىدىن بەھرام

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 9 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 6000 — 3001
ISBN7—228—05770—8/I.2152
باھاسى: 9.80 يۈەن